# باياز

(2)

مللەتلەر نەشرياتى

مۇھەممەت ئوسمان ئەمرى

穆罕穆得.吾司曼　　爱米热

TEL:13109094580　(0997)5121930

ئادرېسى: ئاۋات ناھىيىسى ناھىيە بازىرى دولان ئولتۇراق رايون 1- نومۇرلۇق بىنا 1- ئىشىك 201- ئۆي

地址：阿瓦提县多浪小区1号楼1单元201室

بۇ كىتابنى نەشرگە تەييارلاپ شۇ ئۇ ئاز كەملا

مەسىلىسى ئۈچۈن دەبىيات تەتقىقات جەمئىيىتى ئاساسلىق ئورگانى

(مىراس ياكى ئاساسلىقىم) سەمەتنى يولسىز بىرلىك تۈسىنى كۆر

كۆزۈپ، نەشرى قىلدۇرۇشقا تاپشۇرغان ئىدىم. سەمەتنى

يولسىز بىرىنچى باغانى ئۇنىڭ بارات رەجەپ ئىسمائىل بىر

تونۇش بار بولۇپ. سەمەت ئوغلان ئىبىلمۇ ئالاي - دېيىشە ئۇنىڭغا

ئىسمىنى (ئىككىنچى كىتابى) گەر كۆزۈم قويۇۋەتتىم. ئىبىلنى سەك

تونۇيالىسام كىتابقا ئىشلىتىلگەن بولۇۋاتىپ

رەھمەت ... ئىسمائىل. قەلەم قەلەمنى قوللىدىن مەدرەسەگە.

مۇشۇ كىتابقا تالاشقا يۇقتۇرمىسۇن توغرۇلۇق ...

قولۇمدا.

نەشرگە تەييار ... ئوسمان ئەمرى.

... ئاتوۋا

مۇھەممەت ئوسمان ئەمرى
AWT
穆罕默德·吾斯曼·艾米尔

# باياز

## (2)

تەشكىللىگۈچى ئورۇن: ش ئۇ ئا ر ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقات جەمئىيىتى

مەتىمىن يۇسۇپ

نەشرگە تەييارلىغۇچىلار: مۇھەممەت ئوسمان
بارات رەجەپ

**مىللەتلەر نەشرىياتى**

**图书在版编目(CIP)数据**

巴亚孜:维吾尔文/买买提明·玉索甫编. —北京:民族出版社,1997.10

ISBN 7-105-02945-5

Ⅰ. 巴… Ⅱ. 买… Ⅲ. 诗歌-作品集-中国-近代-维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.I222.5

中国版本图书馆 CIP 数据核字(97)第 25925 号

民族出版社出版发行
(北京市和平里北街 14 号 邮编 100013)
民族出版社微机照排 民族印刷厂印刷
各地新华书店经销
1997 年 12 月第 1 版 1997 年 12 月北京第 1 次印刷
开本:850×1168 毫米 1/32 印张:12 字数:200 千字
印数:0001 —1200 册 定价:15.00 元

# نەشرگە تەييارلىغۇچىلاردىن

بۇ «باياز» (2) گە ئەمىرى (خوتەنى) ، قارى بائىزى، خىسلەت كاشغەرى، فەزلى، شەۋكەت، مۇقىمى، مىسكىن، دىلكەش، يۇسۇف سايرامى، ئامانى قاتارلىق 20 نەچچە نەپەر كلاسسىك شائىرنىڭ شېئىرلىرى كىرگۈزۈلدى (ئۇيغۇر شائىرلىرىنىڭ شېئىرلىرىگە مەدھىيە ئوقۇغان ئۆزبېك شائىرلىرىنىڭ شېئىرلىرىمۇ بار) . بۇ شېئىرلار بەدىئىي سەنئەت جەھەتتىلا ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولۇپ قالماستىن، ھەربىر بەھرىنىڭ بىر-بىرىگە ئوخشمايدىغان كۆپ خىل ۋارىيانتلىرى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى مول بايلىقلىرىمىزنى نامايان قىلىدۇ ۋە ھازىرقى زامان شېئىرىيىتىمىزنىڭ تەرەققىياتىدىن بىلىم بېرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن كەڭ كىتابخانلارنىڭ تونۇشۇپ چىقىشى، تەتقىق قىلىشى، ئىزدەنگۈچىلەرنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن، بۇ توپلامنى تۈزۈپ چىقتۇق. پايدىلىنىپ كۆرۈشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمىز. ئەسەرنىڭ ئەسلى مەنبەئە نۇسخىسى بىلەن سېلىشتۇرۇشقا ئاسان بولسۇن ئۈچۈن، ئەسلى ئەسەرنىڭ نامى قايسى بەتتىن ئېلىنغانلىقى ئاخىرىسىغا ئىسكوپكا ئېچىپ ئىزاھلاپ قويۇلدى.

1997-يىل 2-ئاي.

ـ ئاتۋان

# مۇندەرىجە


ئەمرى ........................... 1
قارى بائىزى ........................... 88
خسلەت كاشغەرى ........................... 138
فەزلى ........................... 147
شەۋكەت ........................... 151
مۇقىمى ........................... 182
ھەزنى ........................... 210
دىلكەش ........................... 225
يۇسۇف سايرامى ........................... 235
ھەمدەمى ........................... 240
ئەدا ........................... 248
نالە ........................... 250
خىجلەت ........................... 252
ۋەسلى ........................... 254
مەنزۇر ........................... 258
مەخمۇر ........................... 260
مۇھەييا ئەفەندى ........................... 262

مۇھەممەد ئەلىخان ........................ 265
ئەكمەلخان شاشى ........................ 268
ئامانى ................................ 273
مسكىن ................................ 290
راجى .................................... 293
ئاجىز .................................. 300
كەمى .................................. 302
نادىرە ................................ 305
نەسىمى .............................. 308
بىگى .................................. 312
سۇلتان ئەھمەدخان .................. 314
تالى................................... 318
مۆھتىرەم ................................ 320
لۇغەت................................. 321

# ئەمری

**ئەمرى** — تىمۇر كوراگان ئەۋلادىدىن بولۇپ، يەركەن خانلىقىنىڭ قۇرغۇچىسى سۇلتان سەئىدخان ۋە «تارىخي رەشىدى»نىڭ يازغۇچىسى مىرزا ھەيدەر بىلەن ئانا تەرەپتىن بىر نەۋرە زەھىرىددىن مۇھەممەد بابۇر (1483—1530)نىڭ نەسەپلىرىدىندۇر. يەنى XVI ئەسىردە ياشاپ ئىجادىي پائالىيەت ئېلىپ بارغان مەشھۇر دۆلەت ئەربابى شائىر سۇلتان ئابدۇرەشىدخانىنىڭ تۇغقانلىرىدىندۇر.

ئەمىرىنىڭ قاچان ئالەمدىن ئۆتكەنلىكى ۋە ئۇنىڭ ئىسمى قاتارلىق جەھەتلەردە ھازىرغىچە ئېنىق مەلۇماتقا ئىگە ئەمەسمىز، لېكىن ئۇ خوتەندە تۇغۇلۇپ، باللىق دەۋرلىرىنى شۇ جايدا ئۆتكۈزگەن. كېيىنكى ۋاقىتتا بەدەخشان ۋە يەنە خوجەند قاتارلىق جايلارغا ئەمىر (ھاكىم بەگ) لىككە تەيىنلىنىپ، سەلتەنەت تەختىدىن ئورۇن ئالسىمۇ، يۇرتى خوتەننى تەشنالىق بىلەن سېغىنىپ تۇرغان ۋە ھەربىر غەزەللىرىدە خوتەننى ئەسلىمەي ئۆتەلمىگەن. ئۇنىڭ شېئىرلىرىدىكى:

خەت زۇلفۇڭنىڭ سەۋداسىدىن دەرمىش ناتىۋان كۆڭلۇم،
خىتا بىرلە خوتەن، داخانۇ سۇلتانىمنى سېغىندىم.

دېگەن مىسرالار ئۇنىڭ خوتەندىن ئىكەنلىكىنى تولۇق ئىسپاتلىسا:

سەيرى زولف ئەتدىڭ خەتىدىن سوزلە ئى كۆز مەردۇمى،
چىن‌ماچىندىن كېلۇرسەن ماڭا بۇ سوۋغا كېرەك.

دېگەن مىسرالار ئۇنىڭ خوتەننى نەقەدەر سۆيىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. گەرچە ئۇ بىر ۋىلايەتنىڭ ئەمىرى بولسىمۇ، يۇسۇپنىڭ:

«مىسىرنىڭ پادىشاھلىقىدىن كەنئاننىڭ گادايلىقى ياخشى» دېگە-
نىدەك ئۆز يۇرتى خوتەننىڭ ئالدىدا ئۆزى ھۆكۈمرانلىق قىلىۋات-
قان ۋىلايەتنى كۆزگە ئىلمىغان.

ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىق قىلغان جايلىرى توغرىسىدا:
كۆڭۈل كانىدادۇر لەئلىڭ خيالى،
بۇ گەۋھەردۇر بەدەخشانىمغە مەخسۇس.
دېگەن مىسرالار ئۇنىڭ بۇ شېئىرلارنى بەدەخشاندا يازغانلىقىنى
كۆرسەتسە:
بۇ غەزەل بولدى خوجەند ئەھلىغە مەشھۇر ئەمىر،
قىلدى تەسلىم ئاڭا رەۋنەق مىرزا مەۋزۇن.
دېگەن مىسرالار ئۇنىڭ خوجەنددىمۇ تۇرغانلىقىدىن مەلۇمات بېرى-
دۇ.

ئەمىرى ئۆزىنىڭ سىياسىي ئورنىنى ئىلمىي ئىجادىيىتى ئال-
دىدا ھېچقانچە كۆرمەي، مەنسەپ نامىنى ئەدەبىي تەخەللۇسى قى-
لىپ قوللانغان. ئۇ ئۆز دەۋرىدە ئۆز مەملىكىتىنى ئادالەتلىك ۋە
پۇقراپەرۋەرلىك بىلەن باشقۇرۇشنىڭ سىرتىدا، مائارىپنى راۋاج-
لاندۇرۇپ، ئىلىم ئەھلىلىرى ئۈچۈن ئىلمىي سورۇنلار ھازىر-
لاپ، ئۇلارنىڭ خاتىرجەملىكى، ئىلمىي پائالىيەت شارائىتىغا كاپا-
لەتلىك قىلغان. ئۇنىڭ غەزەللىرى ناخشا تېكىستلىرى قىلىنىپ،
شادلىق سورۇنلىرىدا ئوقۇلۇش بىلەن شېئىرلىرى مەشھۇر بول-
غان. ئۇنىڭ ئۇيغۇرچىدىن باشقا پارس تىللىرىدىمۇ يېزىلغان شې-
ئىرلىرى كەڭ تونۇلۇپ، بايازلارغىمۇ تاللاپ ئېلىنغان. ئۇنىڭ
«دىۋان ئىرفان ئەمىرفەرخانە» ناملىق بىر كىتابى دەۋرىمىزگە

يېتىپ كەلگەن (1900-يىلى پېتربورگدا چاپ قىلىنغان). بۇ ئەسەرنىڭ يېرىمى پارسچە، يېرىمى چاغاتايچە بولۇپ، ئۇنىڭدىكى ئاپتور سۆزىدە ئەمىرنىڭ تەرجىمىھالىدىن بىرئاز مەلۇمات بېرىلىدۇ. ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا تەتقىقات قىممىتىگە ئىگە مۇھىم مەزمۇنلار بار. بىز بۇ «باياز»غا شائىر ۋە ھۆكۈمەت ئەربابى ئەمىرنىڭ ئوخشاش بولمىغان بەھرىدە يېزىلغان شېئىرلىرىدىن بىرقانچىنى كىرگۈزدۇق. ئۇنىڭ شېئىرلىرى كىتابخانلارغا ئەڭ ياخشى تونۇشتۇرغۇچىدۇر.



# ئاپتوردىن

بۇ ئىشقى تەسۋىرات ۋە پەرىشان شېئىر-نەزمىلەرنى يازغۇچى ئۆزىنىڭ ھال ۋە شەرھىنى بايان قىلماقچىكى، ۋۇجۇد گۈلۈمنىڭ دەرىخى — تېمۇر كوراگان گۈلىستانىنىڭ شەجەرە نەسەب مېۋىسىدىندۇر. ئېسىللىك بوستانىدا ئىززەت باھارىنىڭ پارلاق ھاۋاسى تەربىيتى بىلەن باش كۆتۈرۈپ ئۆسۈپ يېتىلدىم.

تۆرەلمە كۆچىتىم — بابۇر سۇلتان نەسلى گۈلزارىنىڭ نوتىسىدۇر. دەۋلەت ۋە سەلتەنەت باغچىسىنىڭ خۇشپۇراق مەيىن شاماللىرى بىلەن كۆكلەپ، مۇرادىم غۇنچىلىرىدىن مەقسەت گۈلۈم ئېچىلدى. گۈزەللىك بېغىدا ئىقبال ئامالىنى يۇرۇتقۇچى گۈل-رەيھان ئەتىرلىرى ھاياتلىق نەپەسلىرىمنى خۇشپۇراق قىلدى.

مەرتىۋە دەرىجەم — يۈكسەكلىكتە مەملىكەت مەيدانىدا ئالەم ئەھلىنىڭ بىرلىكىگە ھىمايەت سايىسىنى سالدى. دەۋران خالايىقى خاتىرجەملىك تاپتى. چۈنكى، دۆلەت سەلتەنەت تەختىدىن ئورۇن ئالدىم. خەلقچىلىق، پۇقراپەرۋەرلىك يولىنى تۇتۇپ، كۈچسىز، كەمبەغەل، نامرات، موھتاجلاردىن ھال-ئەھۋال سوراپ، ئىگە-چاقىسىز غېرىپ-غۇرۋالاردىن خەۋەر ئېلىپ، ئازاب چەككەن غەمكىنلەرنىڭ

كۆڭلىنى شاد ۋە دەۋرى زۇلمىتىدىن بۇزۇلغان كۆڭۈل خارا-
بىسىنى ياخشىلىق بىلەن ئاۋات قىلىپ، موھتاج، مىسكىن-
لەرگە شەپقەت كۆرگۈزدۈم ۋە ئادالەت چىرىغىنى يېقىپ،
ئىنساپ شېمىنى ياندۇرۇپ، زۇلۇم ۋە بىدئەت قاراڭغۇچى-
لىقى، جەۋرى-ستەم زۇلمىتىنى زۇلۇم دۇنياسىدىن كۆتۈ-
رۈپ، دەۋرگە تىنچ-ئامانلىق نۇرىنى يۇرۇتتۇم. ئەندىشە ۋە
مېھنەت قاراڭغۇسىنى گۈزەل ۋە پارلاق، شادلىق يورۇقلۇقى-
غا ئالماشتۇردۇم.

شەرىئەت دەرىجىسى جۇشقۇنلىنىپ راۋاج شاخلىرى
توققۇز پەلەكتىن ئۆتتى. مەملىكەت ۋە شەھەر خەلقى زۇ-
لۇمدىن خالاس بولۇپ، ئىلىم-مەرىپەت ئەھلىلىرى راھەت
ۋە پاراغەت بىلەن خاتىرجەم ئۆتتى. زۇلمەت شۇملۇقى يوق-
لۇق باياۋانىدا ئەنقادەك ناپەيدا ۋە نامەۋجۇت؛ زالىملار ئەھ-
لىنىڭ شۇملۇقلىرى يوقلۇق تېغىدا سۇمرۇغدەك بىنىشان
ۋە نابۇد؛ دىيانىتىم سەھنىسىنىڭ سىياسىتىدىن بۇزغۇنچى-
لار ۋە ۋەيرانلىق مەيخانىسىنىڭ ھارامتاماقلىرى ئۆزلىرىنى
يوشۇرۇشقا پاناجاي ئىزدەپ پىنھان ۋە غايىپ بولدى. مېنىڭ
رىياسەتچىلىكىمدە كوچا-بازار مەھكەم، بۇزۇقلار ئەھلى-
دىن پۇقرالارنىڭ كۆڭلى خاتىرجەم، مۇھاپىزىتىم تەھقىقى-
دىن نامازشامدىن تا تاڭ سۇبھىگىچە رەستە ۋە دۇكانلاردا
يوپ-يورۇقچۇلۇق؛ ھىممىتىم سىمافىنىڭ تامچىسىدىن
موھتاجلار باياشادلاندى. ئاسىيلىق گۇناھ مۇنارىنىڭ بىنالى-
رىنى بۇزدۇم. مەڭگۈلۈك ئىشلار ۋە مەكتەبلەر ياساشتا

تىرىشچانلىق كۆرگۈزدۈم. رىيازەت ئەھلىدىن ۋە ئىبادەت
سەفاسىدىن پۇرنۇر، سەجدە قىلغۇچىلار ئىبادەت خىلى
جەمئىيىتىدىن مەئمۇر بولدى. مەدرىسلەر ۋە مۇئەللىملەر-
گە كۆپلەپ ياردەم پايدا يەتكۈزدۈم. نەتىجىدە مەدرىسلەردە
ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىلىمگە ھۇجۇم قىلىش غەۋغاسىدىن بى-
لىم بەس-مۇنازىرىسى ئەلا-لا؛ مەكتەبخانىلاردا دەرس تەك-
رارلاۋاتقان ئۆسمۈرلەرنىڭ كۆپلۈكىدىن غەۋغا ئىدى. گا-
ھى تىرىشچانلىق بىلەن شەھەر-بازار، يۇرت دىيارىنىڭ
تەشنالىق لەبلىرىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، دەريا دولقۇنلىرىغا
توساقلار قۇرۇپ، قىرغاقلارغا سۇ چىقاردىم. مەملىكەتنىڭ
باغ ۋە مازارلىرىنى مولچىلىق قىلدىم. مۇساپىرلارغا ئاسان-
لىق ئۈچۈن ئات-ئۇلاق، ئۆتەڭ-سارايلار قىلدىم. مەنزىل-
مىرا تۇزلەردە مۇنجا، ئۇستى يېپىق قۇدۇق، مۇز ئورىسى
بىنا قىلدىم. سىپاھ ئەسكەرلەرگە باشقۇرغۇچى خادىم، يې-
قىنلار (مەنسەپدارلار) ئەھلىگە تۇزۇم-بەلگىلىمە ۋە ۋەزىپە
تەيىنلەپ بېكىتتىم. بارچە جامائەتلەر داستىخان ئېھسانىم-
دىن بەھرىمەن بولۇپ پايدا كۆردى. چۈنكى بۇ ئىشلاردىن
يورۇقلۇق تاپتىم. گاھى ئۆلىمالار سۆھبىتىدە ئولتۇرۇپ
ئايەت ۋە ھەدىس گەۋھەرلىرى بىلەن قۇلاق سەدىپىنى تول-
دۇردۇم ۋە گاھى ئىلىم- پەن ئالىم-ئىختىساسلىقلىرى بى-
لەن ھەمسۆھبەت قىلىپ، ئۇلاردىن ئىلىم-بىلىم پەنلىرىدىن
بەھرى ئالدىم ھەم ئىلىمنىڭ مەنىۋى جەۋاھىرلىرىنى تېرىپ
كۆڭۈل خەزىنەمگە سالدىم.

## رۇبائىي

چۈن مەئدەلەت ئەيۋاننى بۇنياد ئەتتىم،
ئېھسان ئىلە ئەل خاتىرىنى شاد ئەتتىم،
بەس جەۋرۇ سەخاۋەد ئەدىل ئىلە داد ئەيلەپ،
ئانداغكى جاھان مۈلكىنى ئاباد ئەتتىم.

خىزمەت ئالدىراش، قىلىدىغان ئىشلار شۇنچە كۆپ تۇرۇغلۇق، شۇنداقتىمۇ كۆڭۈل، ئىشىق-مۇھەببەت زوقىغا قىزىقىپ، قەلبىمدە ئاشىقانە ئىشقى غەزەللەر شەۋقى غالىپ ئىدى. پەرى يۈزلۈك گۈلبەدەن شاھىدلار سەھىپە يۈزلىرىدە ئىلاھ سۇنئىي قەلىمى بىلەن يازغان خەت رەيھانىنىڭ چاڭلىرىدىن ۋە ھال بىنەفشىسىنىڭ ساۋادىدىن ئىلھاملىنىپ، ھەقىقەت سىرلىرىنى مەشىق قىلدىم. ھەر قاچانكى سەرۋە قامەت سەمەنبەرلەر كۆزۈمنىڭ قارىچۇق چىمەنىدە جىلۋە قىلسا، تەبئەت گۈلشەنىمدە شېئىر ۋەزنلىرىنىڭ خىياللار گۈلى كۆكۈرۈپ، ئىجادىيەت سەنئىتىنىڭ تەرىپىدە بىر ۋاراق شېئىر مەزمۇنىنىڭ مىسرالىرى رەنالەر سەرۋىسىنىڭ نوتىلىرىدەك باش كۆتۈرەتتى.

زامان— گۈلرۇخسار سەنەملەرنىڭ ھۆسن ئەينىكى ۋە مىسلىسىز مەھبۇبلار جامال جىلۋىسىنىڭ تاشقى مەزھىرىدۇر. بۇ گۈزەللىكلەر خىيالىم نەزىرىغە مەنزۇر بولۇپ

تەبئىتىم تۇتىسى ھەيرانلىق تەختىدە شىرىن شېئىرلار بىلەن ئۆتكەن زامان نەققاشلىرىنىڭ ئىرادە قەلىمى بىلەن چەككەن بۇ بەدئىي نەقىشلەر ئىجادىيىتىنى يولباشچى قىلىپ مىسرالار تۈزدى.

## نەزم

ئەگەرچە ھۇش دىياردا غالىپ ئولدى كۆڭۈل،
جۇنۇن ئىشقۇ مۇھەببەتكە راغىب ئولدى كۆڭۈل،
شەھۋەت بەزمدە پەيمانە مۇھەببەت ئىچىپ،
مۇدام ساغەرۇ ساھباغە تالەب ئولدى كۆڭۈل.

ۋە گاھى ئۇستازلاردىن بىر ئاز شەۋق قوزغايدىغان دوستانە يېقىملىق غەزەللەرنى تاپسام دەرھال كۆچلۈك ھەۋەس بىلەن زوقلىنىپ قىزغىن مۇھەببەت بىلەن مۇخەممەس باغلار ئىدىم، ۋە ھەر غەزەلدىن رەڭدارلىق ۋە ياكى ئالاھىدە قافىيە رېتىملىرىنى كۆرسەم شۇنىڭ خاراكتېرىدە غەزەل تۈزەيتتىم. چۈنكى ھەربىر بېيىتنى خىيال دەفنىسىدىن تېرىپ، ھەر نەزمە جەۋھىرىنى پىكىر خەزىنىسىدىن چىقىرىپ ئاشكارىلايتتىم-دە، دەرھال ئاتارۇد قەلەم مۇھەررىرلەر كىتابىغا تىزىپ چىكەر ئىدى. شۇنداق قىلىپ ئاخىرى ۋاراق پارىلىرىنىڭ يۈزى تولدى ۋە ئۇ ئارگىناللارنى يىغىشتۇرۇپ غەيرىدىن پىنھان تۇتۇپ، چوغلار خەزىنىسىدە يوشۇردۇم. لې-

كىن گاھى بىر غەزەللەر مۇلازىملار ئارىسىدا مەشھۇر بو-
لۇپ قالار ئىدى. ئۇنى پەرى چىراي گۈزەللەر يادلاپ شادلىق
سورۇنلىرىدا شوخ ئاھاڭلار بىلەن ئېيتىشار ئىدى. ناۋا
ئاشىقلىرى ئاڭلاپ ھوزۇر ئېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ بەدئىي ئار-
زۇسى ئۈچۈن روھىي ئوزۇق قىلار ئىدى. ئەمما پارچە ھالەت-
تىكى جۈزئىلەرنى جەم قىلماق خىيال خىلۋىتىمدە يوق ئى-
دى. بىر كۈنى ھۇزۇر مەجلىسىدە ئۆتكۈر پىكىرلىك ئىلىم
ئەھلىلىرىدىن سۆز گەۋھەرلىرىنىڭ تەشنالىرى بىرنەچچە
بېيتلىرىمنى بۇلبۇل نەۋا گۈل يۈزلۈكلارنىڭ ناخشىلىرىدىن
ئاڭلاپتۇ. ئۇلار ئۆز جايلىرىدىن قوپۇپ قول قوشتۇرۇپ
تۇرۇپ «ئەگەر ھەزرەتلىرىدىن رۇخسەت ئالىي مۇيەسسەر
بولسا، بۇ شاھانە يىرىك گەۋھەرلەر پارچە ۋاراقلاردا پەرى-
شاندۇر، ئۇنى رەتلەپ ھەرقايسى غەزەلنى ئۆز بەھرى بويى-
چە ئورۇنلاشتۇرۇپ، دىۋان شەكلىدە مۇنتىزىملاشتۇر-
ساق، مۇبادا گۈل ۋاراقلىرىدەك ھادىسىلەر بارانلىرىغا دۇچ
كېلىپ قالسا، چېچىلىپ زايە بولۇپ كەتمىسۇن» دەپ ئىل-
تىماس قىلىشتى. ھەرپ گۈللىرىنىڭ توزۇپ كەتمەسلىكى
ئۈچۈن، قىممەتلىك ئەزىزلەر جامائىسىنىڭ قىلغان ئىلتى-
ماسلىرىنى قوبۇل قىلماقتىن ئۆزگە چارە تاپالمىدىم. ئول
ئوبراز جۈزئىلىرىنىڭ بەزىسى تۈركىي گۈزەللىكنىڭ ئوب-
رازىدىن تۈركىي تىل بىلەن يېزىلغان، بەزىسى تاجىك پەرى-
لىرىنىڭ قەددى سەرۋىسىنىڭ ھاۋاسىدا پارسىي تىل بىلەن
يېزىلغانىدى. ئۇنىڭ ھەممىسىنى ھازىر قىلىپ ئۇلارنىڭ

ئالدىدا قويدۇم. ئىلىم ئەھلىلىرى بۇ دەپتەر سەھىپىلىرىنى بىر-بىرلەپ مۇلاھىزە قىلىپ ھەر بەھرىنى بىر بۆلەك ئاي-رىپ رەتلەپ جەملىدى. ئاندىن كېيىن كىتاب تۇزۇش ماھا-رىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچى قابىلىيەتلىك كاتىبلار جۇرئەت قەلىمى بىلەن تەھرىرلەشكە مەشغۇل بولدى. تا باشتىن تار-تىپ ئاخىرىغىچە رەتلەپ يېزىلىپ دىۋان شەكلىدە ئىسلاھ تاپتى. تۇركي ۋە پارسي غەزەللەر شىر ۋە شىكەردەك ئارى-لىشىپ، ھەربىرى ئۆز يېرىدە، ھەرقايسىسى ئۆز جايىدا ئورۇن ئالدى. ئىلىم ئەھلىلىرىدىن ئىلتىماسىم شۇكى، سۆز مەزمۇنىدا ۋە ئەرۇز، قاپىيىسىدە كۆرۇلگەن سەۋەنلىك-لەرنى ئەپۇ قىلغايسىزلار ...



# غەزەللەر

## 1

چەكمەسە گەر چەرخ بىر خۇرشىد تابان دەردىنى،
نە ئۆچۈن زاھىر قىلۇر ھەر سۇبھى ئاھ سەردىنى.
تاپسالار گەر يول جانانىگە خوتەن زىبالىرى،
كۆزلەرىگە تۇتىيا ئەيلەر ئاياغىڭ گەردىنى.
ئوخشاماس قەددى بىرلە رۇخسارىڭە ئىدرىس نەبى،
نەخلى تەۋبى ئۆزرە پەيۋەند ئەتسە جەننەت دەردىنى.
ھەر كېچە ئوردۇسى ئەترافىدا چەكتىم نالەلار،
بىر يولى ياد ئەتمەدى ئۇشاقى غەم پەرۋەردىنى.
لەيلىيۇ شىرىن جۇنۇنۇمنى كۆرۈپ ياد ئەتمەدى،
تاغ ئارا فەرھاد ئىلە مەجنۇن سەھراگەردىنى.
ئىشتىپ ئەھۋالىمى ئەھباب ئارا دەرمىش تەبىب،
يار ۋەسلىدىن بۆلەك دەرمانى يوقتۇر دەردىنى.
قاشلارىڭگە مايىل ئولدى كۆڭلۈم ئەيلەب ئىنتىخاب،
بىر قەلەم دىۋانى ھۆسنۈڭدىن بۇ بېيت فەردىنى.
داغلار كۆڭلۈمدە جەمئ ئولدى نەسىم ئاھ ئىلە،
ساڭا ئەرز ئەيلەر ئەمىر ئول گەنجى باد ئاۋەردىنى.

(«دىۋان ئەمىرى» 204-بەت)

## 2

تاپتى جىسمىم تۇپراقى ئول بەرقى جەۋلاندىن ھەۋا،
زەررە يەڭلىغكىم تاپار خۇرشىدى تاباندىن ھەۋا.
يار كويى تۇپراقىدىن ئەتىر كەلتۇردى نەسىم،
گۇل ئىسىن يەتكۈزدى بۇلبۇلغە گۇلىستاندىن ھەۋا.
قەددى نەخلىغە كۆڭۈل تا بولدى ئاشىق نىيازى بار،
فاغۇفتە تاپقان كەبى سەرۋى خىراماندىن ھەۋا.
ئاھ چەكتىم، يىغلادىم چەندان فىراقىڭ دەشتىدە،
تولدى ئۇشبۇ بەرقى لامىئ بىرلە توفاندىن ھەۋا.
سەلتەنەت ئول ھۆسنى شاھى ئىشقىدىن تاپمىش كۆڭۈل،
بۇيلەدۇر ھالى ئەگەر قۇل تاپسا سۇلتاندىن ھەۋا.
ئەشكۇ ئاھىمدىن جەھان ئەھلىغە كۆيمەك، يىغلاماق،
ئادەت ئولدى، خالىي ئىرمەس بەرق باراندىن ھەۋا.
تارى زۇلفىن ياد ئېتىپ بىخاسىت فەرياد ئەيلەدىم،
ھەجر شامى تىيرە بولدى دۇدى ئەفغاندىن ھەۋا.
نافەئى مۇشكىي خوتەن ئەترىن فەرامۇش ئەيلەيۇپ،
ئايلانۇر ھەر لەھزە ئول زۇلفى پەرىشاندىن ھەۋا.
چۇن ئىرۇر ھەر مىسرائىم بىرتىغ جەۋھەردار ئەمر،
كەتمىش ئانى خەۋفىدە فەغفۇرۇ خاقاندىن ھەۋا.

(«دىۋان ئەمرى» 20-بەت)

# 3

خەرابات ئىچرە كىردىم ئەيش نەقدىن رايىگان كەلتۈر،
مۇغەننى نەغمە تۈزگىل ساقىيا رەتل گىران كەلتۈر.
قۇياشنى تابىدىن بىر زەررە ئالغىل ئىنتىخاب ئەيلەب،
كۆڭۆل مەن بىنەۋاغە يار ئاغزىدىن نىشان كەلتۈر.
كۆڭۆل گەر ۋامۇقۇ فەرھاد، مەجنۇن بەزمىغە بارساڭ،
مېنى رەسۋالىغىمدىن ئولتۇرۇپ بىر داستان كەلتۈر.
كۆزۈڭ مەردۇملىرى (بىر *)لە گەر مېنى ئۆلتۈرمەك ئىستەرسەن،
مىژىڭدىن ئوق مۇھەييا ئەيلە قاشىڭدىن كەمان كەلتۈر.
كۆزىگە سۈرمە زىبا كۆڭۆل ئال، ئى تاجىر سوۋدا،
ھەلەبدىن شىشەئى سوۋدا ئەيلە جىنس ئىسفىھان كەلتۈر.
يۈزى دۇرىدا مۈشكىن زۇلف سوۋداسى گەر ئىستەرسەن،
يارىب چىن كىشۋەرىگە روم ئېلىدىن كارۋان كەلتۈر.
ئەمىر ئەسرارى دىلدىن مەردۇم چەشم ئولمىسۇن ئاگاھ،
كۆڭۆل خىلۋەتگاھىغە يارىدىن كۆزدىن نىھان كەلتۈر.

(«دىۋان ئەمىرى» 70-بەت)

* ئەسلى ئەسەردە ”لە“ دەپ يېزىلغان، مەنا ئېتىبارى بىلەن (بىر) قېتىلدى.

## 4

يار ئاچتى سۇنبۇلىدىن شانە بىرلە تابىلار،
بولدى سەرگەردان خوتەن دەشتىدە مۇشكى نابىلار.
سىمكۆن رۇخسارىدىن تىر زاھىر ئولدى ئەشك ئىلە،
سىم سۇ بولدى ۋاقتى ھەر تەرەپ سىمابىلار.
بۇ مەقۋەسى قاش ئىلە مەسجىدغە كىرگەچ نەۋ خەتىم،
ئورنىدىن تۇردى تەئزىم ئەيلەدى مىھرابىلار.
تۆزدىلار ئوشاقىلار خۇرشىد رۇخسارىنى تىلەپ،
چاك-چاك ئولغان كۆڭۆل لەۋھىدا ئۇستۇر لابىلار.
دۇر تېشىك بىرلە ئەقىق لەئل نابىك سەدقەسى،
بەھرئارا گەۋھەرلارۇ كان ئىچرە لەئل نابىلار.
ياد قىل زىنھار ئول سەرگەشتەنى كۆز ياشىدىن،
ئىشقى ۋادىسىدا كۆرسەڭ ھەر تەرەپ گىردابىلار.
قەيسەرى رۇمۇ ئەزىز مىسىر ئىلە خاقانىچىن،
بۇ ئۆچۆلەندۇر جۇنۇنۇم شەھرىدە ئەربابىلار.
مىھر ئېرمەس زەررەئى سەرگەشتەسىدىن بىخەبەر،
يار بىپەرۋا ئەمەستۇر غەم يىمەڭ ئەھبابىلار.
ئەيلەدىم گۇيى زەقبىگە تەۋاززۇلار ئەمىر،
يار ۋەسلىغە مېنى يەتكۆزدى بۇ ئادابىلار.

(«دىۋان ئەمىرى» 72-بەت)

## 5

زاھىدا، گەر ساڭا ھۆر جەننەتۇلمەئۋا كېرەك،
بادە بەزمىدە ماڭا بىر شوخ دىلئارا كېرەك.
ئىشق لافىن گەر ئۇرارسەن تەركى ھۇشى ئەت، ئى كۆڭۈل،
كىم بۇ مەئنىدىن دەم ئۇرغان ئادەمى دانا كېرەك.
سەير زۇلفى ئەتدىڭ خەتتىدىن سۆزلە، ئى كۆز مەردومى،
چىنماچىندىن كېلۇرسەن ماڭا بۇ سوۋغا كېرەك.
ساقىيا سەنسىز مېنى رەنجى خۇمار ئۆلتۈرگۈدەك،
كەل كەرەم ئەيلەپ قەدەھ تۇتقىل ماڭا سەھبا كېرەك.
ئەھلى دونيا مەجلىسىدە قىلما ئەرزى ئىھتىياج،
ھەر نەچچە مۇھتاج ئالەمدىن ئىستىغنا كېرەك.
ئىشق ۋادىسى بىغايەت مەھلەكە ئېرمىش، ئى رەفىق،
كىرگەلى بۇ دەشت ئارا مەجنۇنى بى پەرۋا كېرەك.
ئىشق ئەسرارىن نىھان تۇت، ئى كۆڭۈل ئەغيارىدىن،
دېمە بۇ سۆزنى تەمەھخور ئەھلىغە رەسۋا كېرەك.
ئول پەرى ئىشقىدە ھەركىم تەلبەلىك ئەيلەر شىئار،
فىكرى زۇلفىدىن مېنىڭدەك باشىدا سەۋدا كېرەك.
چەشم مەخمۇرىڭىز مەست تەلخكامى مەن ئەمىر،
بۇ سەئى شەھدى لەبىڭدىن ئەمدى ھەلقە ئاسا كېرەك.

(«دىۋان ئەمىرى» 124-بەت)

## 6

زاھىر ئەتمىش گەر شەفەق ئول لەئلى خەنداندىن ھەۋا،
يىغلاماق كەسىپ ئەيلەمىش بۇ چەشمى گىرياندىن ھەۋا.
بولماغان بولسا ئەگەر لەئلىڭ مەيدىن سۇرخ روي،
نە ئۈچۈن ھەر تۈن شەفەق زاھىر قىلۇر قاندىن ھەۋا.
سالامىش گۇل بىرلە سۇنبۇل سارىغە بۇلبۇل نەزەر،
تاپمىش ئول مويى سەرى چاكى گىرىباندىن ھەۋا.
گۇلىستان نارى كەبى يۈز پارە كۆڭلۈم بولدى قان،
مۇژدە تا يەتكۈزدى ئول سىبى زەنەخداندىن ھەۋا.
مۇنچە رەفئەتكىم نەمايادۇر فەلەك بۇنيا دىدە،
چەرخى سامان ئەتتى بىزنى بەيتۇلئەھزاندىن ھەۋا.
ئارىزۇخەت ھۆسنى باغىدا تەراۋۇت بەخش ئېرۇر،
تاپتى بۇ گۇلزار ئول گۇل بىرلە رەيھاندىن ھەۋا.
ئەھلى دەۋلەتتىن ئېرۇر دۇنيا ئەرۇسى كامياپ،
تاڭ ئەمەس بىلقىس ئەگەر تاپسا سۇلەيماندىن ھەۋا.
تا مەلاھەت كانىدا لەئلىڭ ئەقىقى بولدى پاش،
يۈز ئۈگۈر تۇرمىش يەمەن بىرلە بەدەخشاندىن ھەۋا.
رىئايەت ئىشقۇ مۇھەببەت ئاشكار ئەتتىم ئەمىر،
رەۋشەن ئولدى ئاپتابى مۇلكى تۇراندىن ھەۋا.

(«دىۋان ئەمىرى» 20-بەت)

# 7

ۋەفا تا بولدى جانانىمغە مەخسۇس،
جەفايۇ جەۋر ئىبرۇر جانىمغە مەخسۇس.
خىرامۇ جىلۋەھۇ نازۇ نەزاكەت،
ئىبرۇر سەرۋى خىرامانىمغە مەخسۇس.
گۇلىستان بولدى كۆڭلۈم لالە يەڭلىغ،
ۋەفا داغى گۇلىستانىمغە مەخسۇس.
كۆڭۈل كانىدادۇر لەئلىك خەيالى،
بۇ گەۋھەردۇر بەدەخشانىمغە مەخسۇس.
غەمىڭدە ئىشق رەنجى راھەتىمدۇر،
بۇ دەردىك ئولدى دەرمانىمغە مەخسۇس.
كىچە تاڭ ئاتقۇچە كۆڭلۈم چېكەر ئاھ،
ئىبرۇر بۇ شەمئى ۋەيرانىمغە مەخسۇس.
كىرەك شەھدىن گەدا ھالىنى سورماق،
بۇ دەۋلەت كەلدى سۇلتانىمغە مەخسۇس.
غۇبارى تۇتىيايى خاكى پايىڭ،
بولۇرمۇ چەشمى گىريانىمغە مەخسۇس.
كۆڭۈل خۇشدۇر ۋىسال ئۇممىدى بىرلە،
بۇ مەرھەم داغى ھىجرانىمغە مەخسۇس.
شەھدى نازى مىژگانى ئىبرۇرمەن،
بۇ خەنجەردۇر مىنى جانىمغە مەخسۇس.

ئېرۇرمەن ئىشق مۇلكىنىڭ ئەمىرى،
جۇنۇن ئەۋباشىدۇر يانىمغە مەخسۇس.

(«دىۋان ئەمىرى» 100-بەت)



## 8

نىچەكىم باغدادۇر سەرۋى دىل ئارا مەۋزۇن،
باردۇر ئاندىن ماڭا ئول قامىتى زىبا مەۋزۇن.
جىلۋە چاغىدا قەددىڭ بىرلە بەرابەر بولماس،
هەرنىچە قامىتىنى ئەيلەسە رەئنا مەۋزۇن.
پىكرىڭ هۆسنى لەتافەتىدا سەراپا مەتبۇئ،
گۇل رۇخسار لەتىفۇ قەددى بالا مەۋزۇن.
ئىككى زۇلفۇڭكى قەددىڭ بىرلە بەرابەر ئېردى،
تۇشتى ئانى غەمىدىن باشىمە سەۋدا مەۋزۇن.
هەر سەهەر ئاه چىكەر چەرخ ئۆزە ئۇششاق كەبى،
لەب جان بەخشىنكى يادىدا مەسىها مەۋزۇن.
بۇ غەزەل بولدى خۇجەند ئەهلىغە مەشهۇر ئەمىر،
قىلدى تەسلىم ئاڭا رەۋنەق مىرزا مەۋزۇن.

(«دىۋان ئەمىرى» 179-بەت)



## 9

لەبىڭ خىيالىدا ساقى ماڭا شەراپ كېرەك،
نەخۇد شەراب فەرخەنجەش لەئل ناب كېرەك.
قەدەھنى تولدۇرۇبان ئەيش ئۆيىن يارۇتكى ماڭا،
بۇ تىرەشام خۇمار ئىچرە ئافتاب كېرەك.
ئوقۇپ مۇتالىئە قىل پارە-پارە دىل ۋەرەقىن،
دېسەڭكى ئالەمى دەھرەم ماڭا كىتاب كېرەك.
غەمىڭدە قان يۇتامەن داغ ئىلە كۆيەر يۈرەكىم،
كى بادە ئىچسە كىشى نۇقەل* ئىلە كەباب كېرەك.
بىتەكەللۇم ئىلە جان تىلەر رەۋان بەرگىل،
ئانىڭ سۇئالىغە بۇ تەرز ئىلە جەۋاب كېرەك.
مەن شىكەستە سارى گاھ بىر نەزەر قىلاكۆر،
دېسەڭكى دەۋلەت ھۆسنى ئىچرە بىر سەۋاب (كېرەك).
ئەمرى مۇلك جۇنۇن مەنۇ ھۇش خەيلىدىن،
سىپاھ بىھەدۇ ئەدەد خەيلى بىھساب كېرەك.

(«دىۋان ئەمرى» 125-بەت)

* نۇقەل (نقل)—بىر خىل يېمەكلىك، يەنى شاراپ ئىچكەندە يەيدىغان زاكۇسكا.

## 10

ئى تەئدىڭ سەرۋى چىمەن سىمادەك،
ۋەيا يۈزۈڭ مىھرى جەھان ئارادەك.
روزىگارىمنى ساچىڭ سەۋداسى،
قىركۈن كۈن ئەتتى شەب يەلدادەك.
كۆرگۈزۈر كۆزلارە يۈز رەڭ بىلە،
ئۆزنى ئول شوخ گۇل رەئنادەك.
ئىشق ئەھلىنى گىرىپتار ئەيلەر،
زىنەتۇ زىب ئىلە دۇنيادەك.
كۆپ ھەرىس ئولما جەھان لەززەتىغە،
كامنى ئاچچىغ ئىتەر سەفرادەك.
دەھردىن مۇمكىن ئېرۇر كام ئالماق،
لىك مەۋجۇد ئەمەس ئەنقادەك.
ئەدىل يار ئولسا ئەمرى ئاساندۇر،
بولماق ئىسكەندەر ئىلە دارادەك.

(«دىۋان ئەمرى» 125–بەت)



## 11

جەفا تىغى بىلە گەرچە مېنى بىمار دەرمىشلار،
سېنى شوخى ستەمكار ۋەفا بىزار دەرمىشلار.
كۆكۈلنى بەند ئېتىپ زۇلفى ئارا مەندىن نىشان ئىستەر،
ئانى ئەھلى نەزەر بۇ شىۋەدىن ئەييار دەرمىشلەر.
تەئالەللاھ نە رەئنا نەخل ئېرۇرسەن بۇ چىمەن ئىچرە،
ساچىڭ سۇنبۇل، قەددىڭ شەمشادۇ لەئلىڭ ناب دەرمىشلەر.
لەبىڭ قىلغاچ تەكەللۇم مۇردەلەر جان تابسە تاڭ ئېرمەس،
نىدىن كىم ئول مەسىھانى شەكەر گۇفتار دەرمىشلەر.
تېنىمنى تىيرى بارانى غەمىگدىن يۈز شىكاف ئەتدىڭ،
فىغانىمنى ئىشتكەن ساز مۇسىقا دەرمىشلەر.
ئەمرى ئىشق ئېرۇرمەن كۆزلەرىم رەۋشەن جەمالىڭدىن،
مېنى مەجنۇن، سېنى شوخى پەرى رۇخسار دەرمىشلەر.

(«دىۋان ئەمرى» 64-بەت)



## 12

بولدى تاتىبدىن ھەرىف لەئل جانانىم ئانار،
گۇل قىلۇر خۇن جىگەردىن خار مىژگانىم ئانار.
ھۆسنى باغى مۇەسىغە يار ناز ئەيلەپ دىدى،
لەبلەرىم ئەنجىردۇر سىبى زەنەخدانىم ئانار.
باغى گۇل بىرلە ئانارىغە ئەگەر ناز ئەيلەسە،
يار ئېيتۇر ئارىزىم گۇل لەئل خەندانىم ئانار.
لەبلەرىڭ شەپتالۇسىغە زارمەن، ئى باغبان،
تۆكمەسۇن بىھۇدە ئىستىغنا بىلە قانىم ئانار.
شەربەتىم قاندۇر ئەگەر تاپساڭ ئول ئاي بەزمىغە بار،
لەئل خەندانىغە يەتكۇر ئەرزىم، ئى جانىم ئانار.
پارەلىق كۆڭلۇمنى كۆز ياشىغە قىلدىم پەرۋەرىش،
كىم ئېرۇر بۇ باغ ئارا مەقبۇل سۇلتانىم ئانار.
سىبى غەبغەبلار فىراقىدا بىھىدەك سارغارىپ،
قان يۇتارمەنكىم ئەمەستۇر بابى دەندانىم ئانار.
كۆز لەبىڭ ئەننابى ھىجرانىدا يىغلار كىم تۆكەر،
قەترە-قەترە قان ياشىمدىن ھەبىب دامانىم ئانار.
ئارىزىنىڭ زەمانىنى بۇ باغ ئارا ئىستەر ئەمىر،
مۇددىئادۇر ئاڭا ئى سەرۋى خىرامانىم ئانار.

(«دىۋان ئەمىرى» 64-بەت)

## 13

هەرقەچانكىم سۇبھى جەيبىدىن نەمايانىدۇر سەھەر،
مىھرى رۇخسار بىناگۇشىڭا ھەيرانىدۇر سەھەر.
غەبغەبىڭ سۇبھى سەفاسىدىن مۇنەۋۋەردۇر جەھان،
راست ئىتەي مىھرى كۆرگۈزمەكتە يالغانىدۇر سەھەر،
قامىتىڭۇ سۇبھى رۇخسارىڭ قۇياشىنى كۆرۈب،
چاك ئەيلاب جەيبىنى باغرى تولا قانىدۇر سەھەر.
جەيب سۇبھىدىن باياز گەردىنىڭ ئەتكەچ تۇلۇئ،
تۈن گىرىبانىدا خىجلەت بىرلە پىنھانىدۇر سەھەر.
قامىتىڭ سەرۋىغە تەقلىد ئەيلەگەچ نۇقسان تاپىپ،
ئاھ دۇدىدەك سەھەر ئۆزرە پەرىشانىدۇر سەھەر.
ئى سەمەنبەر نىچچەكىم چەرخ ئۆزرە جەۋلان ئەيلەسە،
تالئىڭ مىئراجىغە يەتمەك نى ئىمكانىدۇر سەھەر.
تا ئەمىر ئول سەرۋى گۈلرۇخسارنى شەيداسى مەن ،
مىھرى خاۋەر بەندەھۇ مەھكۇم فەرمانىدۇر سەھەر.

(«دىۋان ئەمىرى» 617-بەت)



## 14

تا خەتىڭ نوكتەسىدىن بولدى مۇھەررىر كاغەز،
ئەرز ئەيتار سەفھەكافۇردا ئەنبەر كاغەز.
يازماسەم ۋەسىق جەمالىڭنى ئىتاب ئەيلامەكىم،
ئانى تەھرىرى ئۈچۈن لايىق ئەمەس ھەر كاغەز.
نامەئى يار مەگەر نافە ئىدى ئى قاسەد،
ئەيلادى روھى دىماغىمنى مۇئەتتەر كاغەز.
شەرھى ھالىم ساڭا بۇ سۈرەت ئىلە ئەتمەك ئۈچۈن،
مۇرغ پىغامىدەك ئەيلەر ئۆزىگە پەر كاغەز.
ئەيلەدىم نامە رەۋان يارغە ئىشقىم ئوتىدىن،
كۆيدى بالۇ پىرى ئىلتۇردە كەبۇتەر كاغەز.
ھۆسنۈڭ ئەۋسافىنى يازماقغە مەسھا تىلىدىن،
لۇھ گەردۇن ئۆزە مىھر ئەيلەدى مەتەر كاغەز.
باقما دۈشمەنغە ھەقارەت بىلە بولما دەلىر،
ھەر بەسى ئىگنەيۇ قالقانى ئىبرۇر گەر كاغەز.
ئىرق ئالۇد يۈزۈڭ ۋەسفىنى سەبت ئەيلەرمەن،
بولماسا سىل سىرىشكىم بىلە گەر تەر كاغەز.
كىچەكىم خەت سەۋادىنى رەقەم قىلدى ئەمىر،
مۇشك سۇد ئولدى بۇ سەۋادە سەراسەر كاغەز.

(«دىۋان ئەمىرى» 59-بەت)

## 15

گەر كۆتەرسەڭ يۈزىدىن ئى شوخ پەرى پەيكەر نىقاپ،
قايدا كەلتۈرسۈن ئاڭا خۇرشىد ماھى تاب.
ھەلقە-ھەلقە كاكۇلۇڭنى تەبرەتۇر بادى سەبا،
كاش تۈشسە گەردەنىمغە ئۇشبۇ مۇشكەفشان تەناب.
ھەسرەتى زۇلفۇڭ كۆزۈم ياشنى توفان ئەيلەمىش،
مەۋج تۇغيانىدىن ئانداغكىم ئايان ئولمىش جەناب.
يار ھەر مەجلىسدە ساغەر چەكسە ئەغيارى بىلە،
نالە ئەيلەرمەن ئىشكىدا ئولتۇرۇپ مىسال رەباب.
لامئ ھۆسنۈڭ نەمايان ئولسە قان يىغلار كۆزۈم،
ئويلەدۇركىم بەرق كۈلگەن چاغدا گىرياندۇر سەھاب.
ئۈزگەلەر بىلە مەي ئىچتى يار ئانىڭ رەشكىدىن،
ياش تۆكۈپ، قانلار يۇتۇپ، غەم ئوتىغە بولدۇم كەباب.
ئايىۇ خۇرشىدغە تۆرتىنچى تارەمدۇر مەقام،
كۆرمەدى دەۋران كۆزى سەن ماھدەك ئالىجەناب.
ئۆمۈرلاردوركىم يولۇڭ ئۈستىدە توفراغ ئولمىسام،
كاش بۇ يول ئاشىق بىچارە دەب قىلساڭ خىتاب.
ئارزىيىن پىنھان قىلۇر قانلۇ ياشىم كۆرگەچ ئەمىر،
ئويلەكىم ياغىن كۈنى تۈشمىش قۇياش ئۈزرە سەھاب.

(«دىۋان ئەمىرى» 26-بەت)

## 16

لەئلىك پىراقىدا ماڭا بولدى شەراب تەلخ،
ھەردەم كۆزۈم تۆكەر لەبىڭ ئىستەپ گۈلاب تەلخ.
كۆيگەن يۈرەكنىڭ شورىنى ئىشكىم فۇزۇن ئىتار،
ئانداغكى تۇز سۇيى بىلە بولغان كەباب تەلخ.
سوردۇم نە مەي ئىدى كىچە ئەغيار بەزمىدە،
شىرىن لەبىڭ غەزەپ بىلە بەردى جەۋاب تەلخ.
چاك ئولدى جان يەقاسى دېسەم ئاچچىغىڭ نىدۇر،
ھەرگىز دېمەس گۈنا نە سۆزىنى ماھىتاب تەلخ.
ئەغيار بىرلە بادە ئىچىپ زۇلۇم ئىتىپ ماڭا،
ئەيشىمنى ئەيلادىڭ كېچە، ئى ئابتاپ تەلخ.
گەھ زەھەر غەم يۇتارمەن، ۋەگەھ بىخۇد ئۇلمسام،
ئى گۈل، غەمىڭدە بولدى ماڭا خوردۇخاب تەلخ.
ئى گۈل، نە بولدى پەردە كۆتەرسەڭ جەمالدىن،
ئاشىقلارىڭنى ئەيشىنى قىلدى نىقاب تەلخ.
شىرىن دېسەم لەبىڭنى ئاڭا تەند بولماغىل،
كەۋسەر سۇيىنى كىم دېدى ئى پەرئىتاب تەلخ.
ئىشقۇ-ۋەپا تەرىقىدا شاد ئۇلمسام ئەمىر،
تا يار نە رەقىبغە بولدى ئەزاب تەلخ.

(«دىۋان ئەمىرى» 45-بەت)

## 17

ئاشىق مەنۇ ئىشق ئوتىدا باغرىم كەبابدۇر،
بىرلەھزە كۆرمەسەم ئانى ھالىم خارابدۇر.
ئايرىلسا يار مەندىن ئۆلەرمەن فىراقىدا،
جانىم غەمىدا تەشنايۇ قانىم شەرابدۇر.
ئىشق ئوتى تۇشتى جانىمە ھەرگىز ئىلاج يوق،
ھالىمغە رەھىم ئەيلاسىڭىزلار سەۋابدۇر.
خەتىڭ مەلۇلىيىن لەبى لەئلىڭ فىراقىدا،
ھەركىمگە غەم يولۇقسا ئىلاجى شەرابدۇر.
باغرىم ئىزىلدى كۆيدى تەنىم، كەتتى تاقىتىم،
بىچارە خەستە جانىمە قانداق ئازابدۇر.
نەۋمىد ئەيلاسەڭ مىنى، ئى يار ۋەسلىدىن،
كۆيۇگدە گەردىنىمدە كۆرەرسەن تەنابدۇر.
بىھۇدە ئەل سۆزىگە كىرىپ قوۋلامە مىنى،
بىر جان سىپار بەندە ئىشكىڭدە بابدۇر.
ئاقىلغە بىر ئىشارەت ئېرۇر قىسسە مۇختەسەر،
پەھىم ئەيلەگەن كىشىگە بۇ سۆز بىر كىتابدۇر.
نىچۇن قاشىغە باغلامايىن كۆڭلۈمى ئەمىر،
بۇ بېيىت ھۆسنى دەفتەرىدىن ئىنتىخابدۇر.

(«دىۋان ئەمىرى» 61-بەت)

## 18

كۆرسەتۇرلار جادە بىرلە بىزلارە گۇلزارىلار،
ناز پىرالار، سەمەنبەرلار، چىمەن رۇخسارىلار.
ئىشق ئىلىن قەتل ئەتكۈچى بىرەھمى دىل ئازارىلار،
جەم ئولۇپ بۇ بەزم ئارا سۆھبەت تۇتارلار يارىلار.
غۇنچە يەڭلىغ كۆڭلۈمەي يۈز ناز ئىلە قان ئەتتىلار،
شوخلارى بىباكىلار، رەققاسى خۇش رەفتارىلار.
بىر باقىش بىرلە كۆڭۈل قەسرىنى بەرباد ئەتتىلار،
ئافەتدىن نامۇسۇلمانلار كۆزى ئەييارىلار.
بۇزدىلار كۆڭلۈم ئۆيىنى قىلدىلار دىنىم خاراب،
ئەنجۇمەن پىرا پەرىۋەش كۆزلەرى بىمارىلار.
جىلۋە ئەيلەپ ئەنجۇمەن سەھنىنى گۇلشەن ئەتتىلار،
گۇل چىمەنلەر، غۇنچە ئاغىزلار، شەكەر گۇفتارىلار.
ھەق ياراتتى سىزلارۇ بىزلەرنى شۈكۈر ئەتمەك كېرەك،
سىز كەبى گوللارغە ئەنسەبدۇر بىزنىڭدەك خارىلار.
ئاھ! كىم، ئىشق ئەھلىنى قانىنى بىلمىشلار ھالال،
جەۋرىنىڭ ئاينەيىدا بۇ كۆزلىرى خۇمارىلار.
تەلبە بولماي نەيلەيىن ئىشقى جۇنۇن ۋادىسىدا،
كۆڭلۈم ئالدى بىر سۈرۈك ئاھۇ كەبى ئەييارىلار.
رەھىم قىل يارەبكى ئەھۋالىمغە چوق مۈشكىل ئېرۇر،
مەندەدۇر بىر كۆڭۈل ئەمما مۈنچە دىل ئازارىلار.

غەمزە بىرلە ناز ئېتىپ بىر كۆز ئۇچى بىرلە باقىپ،
بىسمىل ئەتمىشلار بەزى بۇ كۆزلىرى خۇنخارىلار.
خەتم ئولدى بەزم ئارا ئۇن ئەۋجىغە بۇ شاھ غەزەل،
تا مۇۋاپىق تۈشسۇن ئول گۇللارغە بۇ ئەشئارىلار.
بۇ ئۇشاق ياشلار نە جەۋرىدىن قۇتۇلماسسەن ئەمىر،
ئالدىلار يۈز ناز ئىلە كۆڭلۈمنى بۇ دىلدارىلار.

(«دىۋان ئەمىرى» 60-بەت)



## 19

دىدى يۈسۈف كۆرۈپ يارىڭنى جانانىڭا سەلەمنا،
ئانى ئىشقىنە تاقەت ئەيلەگەن جانىڭە سەلەمنا.
قاشىڭ يايى ئۈزە چىن كۆردى-يۇ، جان بولدى قۇربانى،
يېڭى ئايىڭا يۈز تەسلىمۇ قۇربانىڭە سەلەمنا.
لەبىڭدىن ۋەئدە قىلدىڭ بۇسە ئولدۇم خۇمارىدە،
ئەگەرچىن دېگەنىڭ بۇ ئېرسە يالغانىڭە سەلەمنا.
جانان باغىنە كىرسەڭ ھۆر ئىلە غىلمان كۆرۈپ ئەيتۇر،
ئىككى نارىڭ بىلە سىبى زەنەخدانىڭا سەلەمنا.
بىلالمام گۇل ئۈزە شەبنەم دۇرۇر يائەقىد پەۋىندۇر،
بىناگوشىڭدىكى لەئل دەرەخشانىڭە سەلەمنا.
جەفالار دىلرەبالاردىن كۆرۈپ تەرك ئەتمەدىڭ ئى جان،
ۋەفاسىزلارگە قىلغان ئەھدۇ پەيمانىڭە سەلەمنا.
گۇلىستان نەزاكەتسەن بەھار ھۆسن ئارا گويا،
جەھان ئولدى مۇئەتتەر خەت رەيھانىڭە سەلەمنا.
خىرام ئەتكەچ لەبىڭنى غۇنچىسى يۈز ناز ئىلە كۈلدى،
قەددىڭ نەخلى بىلە گۇلبەرگى خەندانىڭە سەلەمنا.
سېنى كۆرگەن مەھەلدە كەتتى ھۇشۇم قالمىدى سەبرىم،
بۇدۇر گەر سۈبھى ۋەسلىڭ شام ھىجرانىڭە سەلەمنا.
قاشىڭ بىرلە يۈزۈڭ كۆرگەچ ئەمر ئىنساق ئەيلا ئىدى،
ياڭى ئايىڭ بىلە خۇرشىد تابانىڭە سەلەمنا.

(«دىۋان ئەمرى» 21-بەت)

## 20

ھەرنىچەكىم فەتھ ئىقلىم جەھان ئەتتىم ئەمىر،
ئاندىن ئۆتتۇم يار كويىدا مەكان ئەتتىم ئەمىر.
ئول سەنەم ۋەسلى سوراغىدىن نىشان تاپقايمۇ دەپ،
ھەر تەرەپ پەيك خىيالىڭنى رەۋان ئەتتىم ئەمىر.
جان بىرلە كۆڭلۇمگە يەتكۇردۇم ۋىسالىن مۇژدەسىن،
بۇ گەدالارنى كەرەمدىن كامران ئەتتىم ئەمىر.
ئەتمەدىم ئىشقىڭدا جانا دوستىدىن دۇشمەننى پەرق،
پەند بەردى دوستلار دۇشمەن گۇمان ئەتتىم ئەمىر.
مۇددىئا ساقى يۈزىنىڭ ھۆسنىدۇر ئى مۇغبەچە،
دەير ئاراكىم خىزمەت پىرى مۇغان ئەتتىم ئەمىر.
ھەر كىشىگە كىم ۋەفا قىلدىم ماڭا قىلدى جەفا،
ئالەم ئەھلىنى سەراسەر ئىمتىھان ئەتتىم ئەمىر.
لەشكەر نەفسۇ ھەۋايۇ ھىرىس تىغيان ئەيلادى،
جۇرئىتىم شۇلكىم ئۇلار بىرلە قىران ئەتتىم ئەمىر.
نەۋباھار فىترەتىم گويا ئەرەم ئىجاد ئىدى،
ھەر چىمەنكىم تەرھ سالدىم گۇلىستان ئەتتىم ئەمىر.
گەرچە كۈلدۇم زاھىد ئىلىنى شاد ئىتەرغە گۇل كەبى،
لىك پىنھان غۇنچىدەك باغرىمنى قان ئەتتىم ئەمىر.
لەمئ شەمشەر ھىممەتدۇر سەفا بەخش جەھان،
لاجۇرۇم ئەلگە بۇ جەۋھەرنى ئەيان ئەتتىم ئەمىر.

(«دىۋان ئەمىرى» 67-بەت)

# 21

مېنىڭ ھەيرانلىغىم ئى نازىنىن زىبالىغىڭدىندۇر،
قىزىل ياشىم، سېرىغ رۇخسار ئۆزە رەئنالىغىڭدىندۇر.
مۇھەببەت ئەھلىنىڭ ئەفغانى زۇلمۇڭدىن ئېرور ياخۇد،
بۇ ئاشىقلار ئارا ئى شوخ ناپەيدالىغىڭدىندۇر.
تۆكەرلەر كۆزلارىڭ قان ۋاقىب ئولكىم ھۆسن شاھىسەن،
كۆڭۈللار مۆلكىدە بۇ فىتنە بىپەرۋالىغىڭدىندۇر.
ئىلىفتەك قامىتىڭ جانلار ئارا ساكىن ئېرۇر لېكىن،
خوراملىڭ ئەلنى مەجنۇن ئەتمەكى يەكتالىغىڭدىندۇر.
ساڭا كىم ئەيدى ئى كۆڭلۈم ئانى زۇلفاغە بەند ئولغىل،
گىرىپتار بالا بولماغلىغىڭ شەيدالىغىڭدىندۇر.
مەن دىۋانەغە گاھى باقىپ قەھرۇ ئىتاب ئەيلەب،
ئەمىر ئالىندا ئى سىمىن بەدەن مىرزالىغىڭدىندۇر.

(«دىۋان ئەمىرى» 79-بەت)

## 22

كۆڭۈل لەئلى تەمەنناسى ئىلە قان ئولدى ئوخشايدۇر،
كۆزۈم ئاينەدەك ھۆسنگە ھەيران ئولدى ئوخشايدۇر.
كۆرۈپ ئاشۇفتە ھالى زارىمى ئەھباب ئەيتۇرلار،
گىرىفتارى كەمەندى زۇلفى جانان ئولدى ئوخشايدۇر.
ئوقۇڭ زەخمىنى پىنھان ئەيلەدىم جىسمىم ئىچرە جان بىرلە،
كۆڭۈل گەنجىنەسىدە داغى سامان ئولدى ئوخشايدۇر.
بىناگۇشىدا گۇش ئاۋىزەنى گەۋھەر ئەمەس بىلدىم،
شەرەف بۇرجىدا يۇلدۇز دۇررى غەلتان ئولدى ئوخشايدۇر.
كۆڭۈل ئەفغانىدىن شورى قىيامەت ئاشكارا ئولدى،
ئەسرى گەردىش ئول چەشمى فەتتان ئولدى ئوخشايدۇر.
ھەرەمى ۋەسلىمە ۋاسىل ئىتەرمەن دەر ئىدى ئول شوخ،
بۇ زالىم بىزگە قىلغان ئەھدى يالغان ئولدى ئوخشايدۇر.
فەنا ئامادە بولدى جىسمى زارىم ئىشق دەشتىدە،
كۆزۈم ياشى ئاقىپ يەر ئۈزرە توفان ئولدى ئوخشايدۇر.
ئىبرۇر رەۋشەن زۇمۇررەد مەۋجەسى لەئلى خۇشاب ئۈزرە،
لەبدىن سەبزەئى خەتتى نەمايان ئولدى ئوخشايدۇر.
كۆزۈم گەنجىنەسىدىن دۇرەفشانلىغ رايكان كەتتى،
سىرىشكى شەش قەتارىم ۋەقفى دامان ئولدى ئوخشايدۇر.
چىقىبدۇر كارۋان خەتتى مەتائ ھۇسن ئىلكىدە،
بۇ مەزمۇن ئىلە نەرخى بۇسە ئەرزان ئولدى ئوخشايدۇر.

ئەمر ئەشئارىنە بولدى مۇسەللەم گەۋھەرئەفشانلىغ،
ھەۋاپەرۋەردەئى ئول لەئلى خەندان ئولدى ئوخشايدۇر.

(«دىۋان ئەمرى» 60-بەت)

## 23

خەتىڭ رەيھانى جەننەت ئارەزىڭ گۈل،
ساچىڭ ئول گۈلنى ئەترافىدا سۈنبۈل.
فىراقىڭ سەئبۇ ھىجرانىڭ بەلادۇر،
قىلىپ بولماس ئاڭا سەبرۇ تەھەممۇل.
كېچە كويۇڭ ئارا فەرياد قىلدىم،
كى تۈشتى ئىتلارىڭ خەيلىغە غۇلغۇل.
يۈزۈڭ كۆرگەندە نالەم تاڭ ئەمەستۇر،
فىغان ئەيلەر گۈلىستان ئىچرە بۇلبۇل.
ئېرۈرمەن ئىشق مۈلكىنىڭ ئەمرى،
ۋىسالىڭدۇر ماڭا تەختۇ-تەجەممۇل.

(«دىۋان ئەمرى» 151-بەت)



## 24

سۇنبۇلۇڭنى باش ئۇزە ئى گۇل پەرىشان ئەيلادىڭ،
كۆڭلۈمى ئەسكى كالله ئاستىغا پىنهان ئەيلادىڭ.
گۇل خىجالەتتىن قىزاردى سەرۋى قامەت چەكمەدى،
ناز بىرلە تا گۇلىستان ئىچرە جەۋلان ئەيلادىڭ.
مەست ئۇلۇب چىقتىڭ شەراب ناب ئىچىپ ئى گۇلئۇزار،
بۇنى شەبنەمدەك يۈزۈڭ مىهرىغە هەيران ئەيلادىڭ.
بەندە بولدىلار سەنۇبەر بىرلە سەرۋەيۇ گۇل ساڭا،
قەد چىكىپ، رۇخسار ئاچىپ تا سەير بوستان ئەيلادىڭ.
ساپ دىل ئۇشاقلار دۇرلار يۈزۈڭ ئاينەسى،
جىلۋە قىلدىڭ ئۆزگەلەرگە بىزنى هەيران ئەيلادىڭ.
تازە بولدى لەبلارىڭدىن خەستە كۆڭلۈم شورىشى،
بىر تەبەسسۇم بىرلە زخمنى نەمەكدان ئەيلادىڭ.
ئىشق مەيدانىغە مەقسەد كوينى ئىستەم ئەمر،
تا باشىمنى كوي ئېتىپ زۇلفۇڭنى چەۋگان ئەيلادىڭ.

(«دىۋان ئەمرى» 135-بەت)

## 25

ۋىسالىڭگە كۆڭۈل مۇشتاق ئىدى، ئى يار، خوش كەلدىڭ،
كۆزۈم نۇرىنى رەۋشەن ئەيلادىڭ بىسيار خۇش كەلدىڭ.
خۇمارىم زەئىفدىن بىتاب ئىدىم بەزم ئىچرە، ئى ساقى،
خىرامان شىشەئى ساغەر تۇتۇپ دىلدار خۇش كەلدىڭ.
كۆڭۈل باغىدا ھەريان داغى ئاھىم سەرۋ ئىلە گۈلدۇر،
بۇ گۈلشەن سەيرىغە، ئى سەرۋى گۈلروخسار، خۇش كەلدىڭ.
بۇ شەكىلۇ بۇ شەمايىل بىرلە بەزمى ناز ئارا كىردىڭ،
سىھى قەدلەرنى قىلدىڭ سايەئى دىۋار، خۇش كەلدىڭ.
ھەزىن مۇشتاقلارگە يار فىردەۋس ۋىسالىڭدىن،
يېتۈردۈڭ مۇژدەئى تاۋۇسى خوشرەفتار، خۇش كەلدىڭ.
كەمەر بەندۇ تەكەللۇم زاھىر ئەتتى بەلۇ ئاغزىنى،
نىسارى مەقدەمىڭدۇر بارچە يوقۇ بار، خوش كەلدىڭ.
تۈن ئاخشام يار كەلتۈرروي ماڭا تەشرىفى مېھمانلىق،
رەقىب ئارقاسىدىن كەلدى، دېدىم ناچار: ”خۇش كەلدىڭ“.
كېچە كۈلبەمغە پىنھان كەلدى ئول مەھۋەش، ئەمىر، ئەيدىم:
«بۇ لۇتفۇ مەرھەمەتنى بىلمەسۈن ئەغيار، خۇش كەلدىڭ»

(«دىۋان ئەمىرى» 133-بەت)

## 26

قاشىڭغە يەتكۈزمەگىل قەلەمنى،
بۇ خەت بىلە بۇزماغىل رەقەمنى.
بۇتخانىلار ئىچرە ھىچ تەرسا،
بىر كۆرمەدى سەن كەبى سەنەمنى.
ئاشىقلارىڭا تەرەھھۇم ئەتگىل،
كۆپ ئەيلىمە جەۋر ئىلە ستەمنى.
نەقش قەدەمىڭ مۇيەسسەر ئولسا،
نەيلەي بۇ جەھاندا جامۇ جەمنى.
كۆڭلۈم قۇشى تايىر ھەرەمىڭ،
سەيد ئەتمە كەبۇتەر ھەرەمنى.
تا بىۋەتەن ئولمىسۇن كۆڭۈللار،
زۇلفۇڭدىن ئايرىما پىچۇ خەمنى.
يۇلۇڭدا غۇبارى راھ بولدۇم،
باشىمغە يىتۇرمادىڭ قەدەمنى.
سەن ياردىن ئۆزگە كىمگە دىرمەن،
كۆڭلۈمدەكى دەرد ئىلە ئەلەمنى.
بەر كاسە شەراب ئەرغىۋانى،
پامال قىلۇر ھۇجۇم غەمنى.
ئەقلى ۋەفا ئەمىرى دۇرسەن،
ئى شەھ بۇ گەداغە قىل كەرەمنى.

(«دىۋان ئەمىرى» 205-بەت)

## 27

نىچۈن ئۆلمەيكى جانىم كەتتى جانانىمنى ساغىندىم،
بۇ گۈلشەن ئىچرە ئول سەرۋى خىرامانىمنى ساغىندىم.
سەبەب بولغايمۇ كىم بۇ چەرخى زالى ۋەسلىغە يارەب،
كۆرەي دەپ يۇسۇفىمنى پىرى كەنئانىمنى ساغىندىم.
مۇيەسسەر بولمادى بۇ زەررەغە ۋەسلىڭ قۇياشى كىم،
فىراقىڭ شامى ئىچرە ماھى تابانىمنى ساغىندىم.
ئەگەرچە مۇر يەڭلىغ زەرئىفدىن كۆپ ناتەۋاندۇرمەن،
نەزاكەت كىشۋەرى ئىچرە سۇلەيمانىمنى ساغىندىم.
يۈزىن كۆرگەچ بولۇر ئىردى كۆزۈم ھۆسنىغە مەھۇ ئانداق،
كىم ئول كۆزگۇ ئارا بۇچەشمى ھەيرانىمنى ساغىندىم.
پەرىشان ئەتتى ساچى شانەدەك كۆڭلۈم ھەۋاسىنى،
نىتەيكىم غۇنچە يەڭلىغ جەمئى سامانىمنى ساغىندىم.
خەتى زۇلفۇڭنى سەۋداسىدە دەرمىش ناتەۋان كۆڭلۈم،
ختىا بىرلە خوتەندە خانۇ خاقانىمنى ساغىندىم.
كىرىپ بوستاندە ھەرگىز كۆرمەدىم بىر نەخلىنى ئاندەك،
يۈزى گۈل، سەرۋە قەد، زۇلفى پەرىشانىمنى ساغىندىم.
ئەگەرچەندى ئەمىرى ۋەقت مەن بۇ ئەسكى دەھر ئىچرە،
مۇھەببەت كىشۋەرى ئۈستىدە سۇلتانىمنى ساغىندىم.

(«دىۋان ئەمىرى» 161-بەت)

## 28

شەربەت لەئلىڭ شەراب نابدەك،
ئارزىيىڭ بەرك گۇل سىرابدەك.
يۈز گۈرۈھدۈر رىشتە جانىم ئارا،
سۈنبۈلۈڭ تاردە پىچۇ تانابدەك.
نەقش دىۋار تەھەييۇر بولمىسام،
ئەگرى قاشىڭ يادىدە مىرابدەك.
قىل كەبى نازۇك بىلىڭنى قۇچقالى،
بولدى زۇلفۇڭ ھەلقەئى قەللابدەك.
مىسكىنىم ھەر كىچە كويۇڭدۇر ماڭا،
ئىتلىرىڭ كوي ئارا ئەھبابدەك.
راھىتىم ئەسبابىنى گۇلخاندا كۆر،
كۇلدۇر ئاندا بىستەر سەنجابدەك.
غۇسسە چۇنكى مەن فىراقىڭ ئالدا،
رەڭلارىمدۇر جىسىم ئارا مىزرابدەك.
ئىزتىراب ئەتمە كۆڭۇل يار ئالدا،
ھىچ ئىش مەقبۇل ئەمەس ئادابدەك.
ئەيدىم ئۇنچەيۇ تىشلارىڭ ۋەسفىن ئەمىر،
ھەر سۆزۇمدۇر گەۋھەر نايابدەك.

(«دىۋان ئەمىرى»)

## 29

ئى لەبىڭ دۇرىدا سەف چەككەن خەت ئەنبەرمىدۇر،
يا بەدەخشان ئۇزرە ھىندۇ خەيلىدىن لەشكەرمىدۇر.
يۈزمىدۇر يا بەرق ئالەم سوز يا مىھرى مۇنىر،
لامىٔ شەمئى تەجەللى يا مەھ ئەنۋارمىدۇر.
قەدمىدۇر يا نەخل گۇل يا شەمئى مەجلىس يا ئىلىف،
يا سەنۇبەر يا سەھى يا سەرۋى سىمنەرمىدۇر.
نازىنىنلار شاھى سەن گۇلچىھرىلار سىر دەفتەرى،
ھۆسىن ئىقلىم دائىمە تالئىڭ ياۋەرمىدۇر.
لەبلارىڭمۇ قالدى زاھىر سەبزە خەتىڭ سەفا،
يا زۇللال خەزەر، يا سەر چەشمە كەۋسەرمىدۇر.
بىر باقىپ يۈز بىنەۋا قانىن تۆكەرسەن بىگۇنا،
كۆزمۇ يا جاللاد ئىبرۇر، كىرپىكمۇ يا خەنجەرمىدۇر.
ئىشق ۋادىسىدا بىر ئاۋارە كۆردۈم ئى ئەمىر،
تەلبە مەجنۇندۇرمۇ يا بۇ زار غەمپەرۋەرمىدۇر.

(«دىۋان ئەمىرى» 78-بەت)



## 30

سائادەت گەۋھىرى ئەل قويىندا ھاس ئەدەبدىندۇر،
كۇلاھ فوقرافەر بولماغنى تەرك تەلەبدىندۇر.
مېنى مۇغ دەيرىدا كۆرۇك ئىسە مەنئى ئەتمە ئى زاھىد،
كى بۇ رەسۋالىغىم سەۋدايى ئۇل تەرسا نەسەبدىندۇر.
جۇنۇن دەشتىندا مەجنۇندەك يۈگۈردۈم ئىرمۇلۇب ھەريان،
بۇ سەۋدالار باشىمدا بىرىب لەيلى ھەسەبداندۇر.
دەبىستان مۇھەببەت ئىچرە سىغماس دەفتەر ئىشقىم،
مەگەر فەرھادۇ شىرىن نۇسخەسى بۇ مۇنتەخەبداندۇر.
يۈزۈك بىرلە لەبىڭە باغ ئارا تەشبىيە ئىتىپ بولماس،
ئېرۇر گۇلدىن مۇسەففاراقۇ شىرىن تۇرۇر تەبدىندۇر.
مېنىڭ بىرلە بەرابەر تۇتماڭىزكىم مەن ئەجەمدىن مەن،
خىتا ئەۋلادىدىن فەرھاد ئېرۇر، مەجنۇن ئەرەبدىندۇر.
تەئەججۇب كۆرمەگىل ناگاھ ئەمىر ئەبياتىنى كۆرسەڭ،
بۇ تەبئى نازۇك ۋەزن سەلىم ئىمدەد رەبدىندۇر.

(«دىۋان ئەمىرى» 80-بەت)

## 31

تا دىل دىۋانە ئول ئاينى ھەۋاسىن قىلدى ساز،
پەردەئى ئۇشاق ئارا ھەيرەت نەۋاسىن قىلدى ساز.
سەرۋى قەدلەر شەۋقىدىن بىر ئاھ چەكتىم سۇبھى دەم،
مۇھتەسىب باشىمغە ئۇرماققە ئەساسىن قىلدى ساز.
جان لەبى زەۋقىن تىلەب كۆڭلۇم جەمالى شەۋقىنى،
ھەربىرى يار ئالدىدە بىرمۇددەئاسىن قىلدى ساز.
ئىشق بەربەت تار زۇلفىغە ئەسىر ئەيلەب مىنى،
ھەر تەرەپتىن جانىمغە دەردۇ بەلاسىن قىلدى ساز.
ئىشق دەيرىدا قەدەھ نۇش ئەتتى ئول تەرسا بەچچە،
مەي قەدەھ پالاسىغە زىد رىدائىسىن قىلدى ساز.
يىگى ئاي دىمە فەلەك ئۈزرە ئەگەر كۆرسەڭ ھىلال،
چەرخ ئۆمرۈڭ خۇشەسىن ئورماقغە داسىن قىلدى ساز.
خۇش نەۋا مەھبۇبلار بەزمە ۋىسالىنى ئەمىر،
ئىشق ئاھىڭغە شىئىر جانفىزاسىن قىلدى ساز.

(«دىۋان ئەمىرى» 81-بەت)



## 32

يارنى مەندىن بۆلەك بىر ئۆزگە يارى بارئىكەن،
گاھ گاھى ئانى سارىغە گۇزارى بار ئىكەن.
بىزنى مەھز ۋەئدە ۋەسلى بىلە خۇرسەند ئېتىپ،
ئۆزگەلەر بىرلە نەھانى كارۇبارى بار ئىكەن.
نەقدى جان قىلدىم نىسارى باقمەدى بىر قايرىلىپ،
بولدى رەۋشەن ئولكى مەندىن ئانى ئارى بار ئىكەن.
يارىكىم بىگانىلارغە ئاشنالىق ئەيلامىش،
ئاشنالاردىن جۇدالىق ئىختىيارى بار ئىكەن.
ئۆزگە يار ئەيلابتۇر ئەمدى ماڭا قىلماس ئىلتىپات،
ئۆمۈر يەڭلىغ بىۋاپالىغدىن شىئارى بار ئىكەن.
دەرئىدىم ھۆسنىغە يالغۇز مەن ئېرۈرمەن ئىنتىزار،
ئەمدى بىلدىم نەچچە مەندەك ئىنتىزارى بار ئىكەن.
چىھرە كۆرگۈز قىلمە ئىستىغنا ئەمىر، ئى گۇل سېنى،
كۆرمەسە بىردەم قەچان سەبرۇ قەرارى بار ئىكەن.

(«دىۋان ئەمىرى» 178-بەت)

## 33

چىمەن زىبالارى گۇلزار رۇخسارىڭدىن ئايلانسۇن،
كۆزۈمدە جلۋە قىل ئاينە دىدارىڭدىن ئايلانسۇن.
جانان نەركەسلەرى شەھلا كۆزۈڭنى سەدىقەسى ئولسۇن،
خوتەن ئاھۇلەرى ھەم چەشم بىمارىڭدىن ئايلانسۇن.
چىمەن پىراقىڭدىن سەرۋىغە يۈز مىڭ خىجالەتدۇر،
رەۋىشدا كەبەك ئىلە تاۋۇس رەفتارىڭدىن ئايلانسۇن.
دىمە بۇلبۇلكى كۆبتۇر نەغمە گەر بۇ دەھر باغىدا،
مۇغەننى بولسە ھەم گۇلشەندە مەنقارىڭدىن ئايلانسۇن.
سەدەف، ئىنجۇلارىن، گەۋھەرىدىن ئارتوقدۇر دىدى يارىم،
ئەمىر ئانداقكى ئولھەم دەر «گۇفتارىڭدىن ئايلانسۇن».

(«دىۋان ئەمىرى» 178-بەت)

## 34

غەيرە قىلغان دەمبەدەم شىرىن سۆزۈڭدىن داغمەن،
گاھ ئەغيارىڭدىنۇ گاھى ئۆزۈڭدىن داغمەن.
جان بېرۇر ۋاقت تەكەللۇم جان ئالۇر گاھى نىگاھ،
لەبلەرىڭدىن شادمەن ئەمما كۆزۈڭدىن داغمەن.
سەنسىز ئى ئارام جان كۆڭلۈمگە راھەت قالمىدى،
لەبلەرىڭدىن كام ئېلىپ ئۇتلۇغ يۈزۈڭدىن داغى(مەن).
ئارزى ھالىڭ ئېرۇر ئەغيارىغە مەد نەزەر،
ئافتابىڭدىن مەلۇلۇ يۇلدۇزۈڭدىن داغمەن.
ئىشق ئارا زۇلفۇ يۈزۈڭنى كۆرماكىم دىشۋار ئېرۇر،
ئى پەرىۋەش كېچە بىرلە كۈندۈزىڭدىن داغمەن.
كۆپ ھەرامى بولدىلار مەھرۇم ئىشكىڭدىن ئەمىر،
دەھر ئىلىغە تانۇماي بەرگەن تۇزۈڭدىن داغمەن.

(«دىۋان ئەمىرى» 178-بەت)

## 35

دەھرى ئارا بىر مەن كەبى رەسۋايى ئالەم بارمۇكىن،
ئۆلماغان ھىجرانىدا ۋەسلىغە مەھرەم بارمۇكىن.
گاھى مەجنۇن گاھى پەرھاد ئىبتىداسىدۇر ماڭا،
ئىشق ئارا ئى دوستلار مەن چەكمىگەن غەم بارمۇكىن.
بۇيلە گىريان كۆز بىلە ئول گۇلغە مەھرەم بولمادىم،
مەن كەبى باغ مۇھەببەت ئىچرە شەبنەم بارمۇكىن.
نەئۇچۇن ئاشىقلىغىمنى تەغەن ئېتەرسەن كىمسەغە،
ئىشق دەردىن چەكمەگەن ئالەمدە ئادەم بارمۇكىن.
ئىككى كۆردۇڭ شەبنەمۇ بۇلبۇل چىمەندە مەن كەبى،
نالەسى پەيۋەستەھۇ ئەشكى دەمادەم بارمۇكىن.
پارە-پارە قىلدى غەم تىغى بىلە كۆكسۇمنى يار،
ئى ھەكىم دەھرى بۇ زەخمىمگە مەرھەم بارمۇكىن.
كويى تۆپىدە ئەناسىر رەخشىنى سۈردۇم ئەمىر،
مۇندىن ئۆزگە ھىچ ئەشھەب بىرلە ئەدھەم بارمۇكىن.

(«دىۋان ئەمىرى» 179-بەت)

## 36

گەر بۇ ئىسە كۆزلەرى فەتتانىمە كىرپىك،
مىژگان دېمەكىم خەنجەر ئېرۇر جانىمە كىرپىك.
گەر كۆرمىسەم ئول ئارىز زىبانى زەمانى،
ھەردەم قادالۇر دىدەئ گىريانىمە كىرپىك.
ئول كۆز مېنى ئۆلتۇرگەنىغە ئەيلاسە ئىنكار،
ھەم سۈرمە تانۇقلۇق بىردۇر قانىمە كىرپىك.
ئول قاشلارى يا جانىمە بىداد قىلۇردا،
يۈز ناۋەك ئۇرار سىنەئى ئەريانىمە كىرپىك.
يۈز پارە قىلىب غەمزە ئوقى بىرلە كۆڭۈلنى،
رەھىم ئەيلامىدى نالەيۇ ئەفغانىمە كىرپىك.
تا ئەيلەدى دىۋانە كۆڭۈلنى كۆزۈ قاشىڭ،
بىداد ئۈزە بىداد قىلۇر جانىمە كىرپىك.
ئول مەملىكەت ھۆسنى ئەمىرىنى كۆرەيدەب،
قالدى ئۇشالىب دىدەئ ھەيرانىمە كىرپىك.

(«دىۋان ئەمىرى» 119-بەت ‹1›)



## 37

نىتالىڭ كۆزۈم بوياسە قانلۇ ياش ئىلە كىرپىك،
سىتەملار ئەتتى ماڭا كۆزۈقاش ئىلە كىرپىك.
باقاردا كۆزلارى ئاشىقلارىغە رەھىم ئەيلەپ،
كەنارە قىلدى مېنى دۇرى باش ئىلە كىرپىك.
يۈزىن شەئىشەئەسى ئەلغە تىغ چەككەندە،
بەرابەر ئېردى سىنان قۇياش ئىلە كىرپىك.
گەھى كەرەشمەيۇ گاھ نازۇ گاھ ئىتاب قىلىپ،
مېنى ئەسىر قىلۇر بۇ مەئاش ئىلە كىرپىك.
كۆزىغە سۈرمە چىكەر قەتىل ئىتارگە يار مېنى،
مەگەركى تىز قىلۇر ئۇشبۇ تاش ئىلە كىرپىك.
ئەمىر ھۆسنى نىدىن سەلەھ بەرمەدى كۆزىغە،
كۆڭۈلنى مۈلكىنى بۇزدى سەۋاش ئىلە كىرپىك.

(«دىۋان ئەمىرى» 119-بەت، 2)

# 38

خيال ئەيلادىم ئول كۆزۈ قاش ئىلە كىرپىك،
يۈزۈمگە ئۈنچە تۆكەر ئەمدى ياش ئىلە كىرپىك.
كۆزۈم فىراقىدا غەمدىن كۆڭۈل تىكانلارىدۇر،
مۇكەممەل ئەيلەمىدىم ئەنقاس ئىلە كىرپىك.
قاشىڭ قىلىچى تۆكەر قانىمى تاڭ ئېرمەسكىم،
فەكار ئەتسە كۆڭۈلنى خەراتى ئىلە كىرپىك.
ۋىسال چاغىدا ھۆسنى پۇرۇغىدىن كۆرۈنۇر،
كۆزۈمگە خەت شۇئائ ئول قۇياشى ئىلە كىرپىك.
خەدەنگ غەمزە ئاتار قۇۋس ناز ئىلە نىچەكىم،
تەسەۋۋۇر ئەيلەدىم ئول ئەگمەقاش ئىلە كىرپىك.
مۇلايىم ئولمادى كۆڭلى فىغانىم ئىلە ئەمىر،
مەگەركى سۈرمە چىكەر كۆزگە ياش ئىلە كىرپىك.

(«دىۋان ئەمىرى» 119-بەت ‹3›)



## 39

بەزمەدىن بىپەردە چىق زىنھار جەنان كېچەسى؛
رەسمىدۇركىم تالىئ ئۇلغاي ماھى تابان كېچەسى.
ئارىزىڭدىن بەرقەئ ئاچ ئى ماھى تابان كېچەسى،
لەمئە سۇبھى تەجەللى قىل نەمايان كېچەسى.
كۆڭلۈم ئاشۇفتە ھال ئەيلەر تەمەئ سەۋدا ئىلە،
سۇنبۇلۇڭنى قىلماغىل، ئى پەرىشان كېچەسى.
ماھى تابان جەمالىڭنى پىنھان تۇت خەلقدىن،
شەمئى يەڭلىغ دىدەلارنى قىلمە گىريان كېچەسى.
لەمئە رۇخسارى زاھىردۇر نىقاب زۇلغىدىن،
گەرچە ئىرمەسدۇر قۇياش چىقماقغە ئىمكان كېچەسى.
كۆندۈزى ھەر چەندە پىنھانسەن كۆزۈمدىن، ئى پەرى،
ئاي يۈزۈڭنى مەن جەزىندىن قىلمە پىنھان كېچەسى.
سۇبھدىن تا شام، سەن ئەغيار بىلە مەي ئىچىپ،
مەن قىلۇرمەن كۆزلارىمنى كەۋكەبئەفشان كېچەسى.
سۆرمەسە بەختىم قارا ئولدى پىغانىم مەنئى چۈن،
ئەلگە كۆپرەك زاھىر ئولدى لىك ئەفغان كېچەسى.
چۈنكى دەۋلەت جامىدىن سەرشار ئىدىم ئەمىر،
كۆردىمۇ بۇ ئەيشنى دارايۇ خاقان كېچەسى.

(«دىۋان ئەمىرى» 203-بەت)

# 40

ھەرقاچانكىم سۇبھى جەبىبىدىن نەمایاندۇر سەھەر،
مىھرى رۇخسار بىناگوشىڭا ھەیراندۇر سەھەر.
غەبغەبىڭ سۇبھى سەفاسىدىن مۇنەۋۋەردۇر جەھان،
راست ئەیتای مىھر كۆرگۈزمەكدە یالغاندۇر سەھەر.
قامىتىڭۇ سۇبھى رۇخسارىڭ قۇیاشىنى كۆرۈپ،
چاك ئەیلەب جىبىنى باغرى تولا قاندۇر سەھەر.
جىب سۇبھىدىن بەیاز گەردىنىڭ ئەتكەچ تۇلۇئ،
تۇن گەرىبانىدا خىجلەت بىرلە پىنھاندۇر سەھەر.
قامىتىڭ سەرۋىغە تەقلىد ئەیلەگەچ نۇقسان تاپىپ،
ئاھ دۇدىدەك سىپەھىر ئۇزرە پەرىشاندۇر سەھەر.
ئى سىمبەر نىچەكىم چەرخ ئۇزرە جەۋلان ئەیلەسە،
تالئىڭ مىئراجىغە یەتمەك نە ئىمكاندۇر سەھەر.
تا ئەمىر ئول سەرۋى گۇلرۇخسارىنى شەیداسى مەن،
مىھرى خاۋەر بەندەیۇ مەھكۇم پەرماندۇر سەھەر.

(«دىۋان ئەمىرى» 61-بەت)

# مۇخەممەسلەر

## 1

ماڭا يەتكەن ناۋىكىڭ ئارامى جان دەرلار ئانى،
قانغە پاتقان ھەربىرىنى داغى نىھان دەرلار ئانى،
تەندە قالغان قانلۇ پەيكانىن نىشان دەرلار ئانى،
ئاتقان ئوقۇڭ جىسمىمە روھى رەۋان دەرلار ئانى،
زەخىم پەيكان يوقكى جىسىم ناتىۋان دەرلار ئانى.

قامىتىڭغە جەننەت ئىچرە بەندە تەۋبى گۇئىيا،
بىل مەسىھ ئەنفاسىدىندۇر سۇ ئالىب ئابى بەقا،
بۇ چىمەن ئىچرە مەگەركىم پىشەسى ئولمىش ھەيا،
ئىپكىلۇر گۇلبۇن كەبى گۇلشەندە ئول گۇلگۇن قەبا،
كىم خىرام ئەيلاردە نەخل ئەرغەۋان دەرلار ئانى.

قەھرى ئىلە توغرى ئەيلابتۇر تەفەنكى كۆكسۈمە،
ئوق ئاتار چاغىدا يوق ئىبرمىش بۇ سەنگى كۆكسۈمە،
ھەر زەمان تەگمىش مەگەر مىژگان خەدەنگى كۆكسۈمە،
كىم گۇمان ئەيلار كۆر نىدا داغى سەنگى كۆكسۈمە،
نازپەرۋەر دىلرەبا ئەبرۇ كامان دەرلار ئانى.

ئۇل جەفا چۇ بىستەرى نازىنە گاھى يەستانىب،
كۆز ئېچىپ ئويقۇسىدىن شوخ ستەمكار ئويغانىب،
يۈز كەرەشمە نازۇ ئەنداز ئىلە ھەريان تولغانىب،
سۈرمەدىن كۆزى قەرايىپ ئارىزى گۇل-گۇل يانىب،
باغ ئارا قويسا قەدەم سەرۋى رەۋان دەرلار ئانى.

ئارىزىڭدىن زاھىر ئولمىش ھەر زەمان فەيزى چىمەن،
نەكھەت زۇلفۇڭدىن ئەرشىدۇر نىشان مۈشكى خوتەن،
نۇقتەئى خالىڭ زەنەخدانىڭدىدۇر ئى سىمتەن،
خەزرى خەتىڭ ئابى ھەيۋان لەب ئۈزە تۈشمىش ۋەتەن،
ھەم مەسىھۇ خىزىرگە دارئالامان دەرلار ئانى.

(«دىۋان ئەمىرى» 199-بەت)



## 2

نىچە دەرد ئىزھار ئەتتىم ئول سەنەمدىن چارە يوق،
نە ئۈچۈن قان تۆكماسۈن ئول كۆزگە نەمدىن چارە يوق،
رەنج ئىلە مۇئتاد ئولانلارغە ستەمدىن چارە يوق،
ئىشق تۈشسە ھەر كۆڭۈلغە دەردۇ غەمدىن چارە يوق،
يەتسە چۈن نەشتەر جەراھەتغە ئەلەمدىن چارە يوق.

سالدى زۇلفۇ ئارىزى بۇ كۆكسۈم ئىچرە تابۇتەب،
ئۆرتادى مەھزۇن كۆڭۈلنى شەمئى مەھفۇلدىن تۇتەب،
غۇنچە يەڭلىغ قان بولۇپ بۇ ئۆمۈر لەئلىنى تىلىب،
ئى ۋۇجۇد ئول تار ئاغىزدىن ھىچ بولساڭ نەئەجەب،
ئۈشبۇ يولغە يۈرۈغانلارغە ئەدەمدىن چارە يوق.

چۈن نىھان ئاستىڭ ساچىڭدا ئارىزىيىڭ ئەيمە جەبىن،
بۇ ئەدا بىرلە ياشۇردىڭ كۇفر شاھى ئىچرە دىن،
تەلخ ئەتتى ئەيشىمى بەخت قارا كۆڭلۈم ھەزىن،
بىر تۇتۇپ زولفۇڭنى يۈزمىڭ رەھرىمانىم زۇلمىدىن،
ئارى-ئارى كىم يىلان تۇتقانغە سەمدىن چارە يوق.

كىرپىكىڭ كۆرگەن قاشىڭ ياسىدا ئى پەيمان كەسىل،
تاڭ ئەمەس گەر ناۋەك غەمزەڭ ئىلە ئولسا قەتىل،

ئەشىك ئالىمكىم سارىغ رۇخسارىمى ئەيلار قىزىل،
يۈزۈڭگا باقسام كۆزۈم ياسىن كۆرۈپ ئىيىپ ئەتمەگىل،
ياز بۇلۇتى ئۇلسە پەيدا كۆلگەنىمدىن چارە يوق.

بەسكى يوق ئۇشاق خىلى ئىچرە مەن يەڭلىغ غەيۇر،
گەر ئەمىر ئۇلسام مۇھەببەت كىشۇەرى ئىچرە بولۇر،
قىلماغىل مەئيۇس ئەيلەب ناتىۋانلاردىن نەفۇر،
ئىشكىڭدىن قوۋلامە بۇ لوتفىنى جورمىن كەچۇر،
كىم بۇ باب ئىچرە گەرىملارغە كەرەمدىن چارە يوق.

(«دىۋان ئەمىرى» 111-بەت)



## 3

كىمدۇر ئول باغ ئىچرە ئەرز قەددۇ رۇخسار ئەيلەگەن،
ئوت ئورۇپ گۇل خارمىنىغە سەرۋىدىن ئار ئەيلەگەن،
لەبلارى گۇفتار ئىلە گۇل غۇنچەسىن خار ئەيلەگەن،
ئارىزىن رەڭگىن قىلىپ ئاشىقلارىن زار ئەيلەگەن،
خەنجەرى مىژگان ئىلە كۆكسۈمنى ئەفكار ئەيلەگەن.

سۇنبۇل زولفىن يۈز ئۈزرە زىب رۇخسار ئەيلابان،
يۈز تۈمەن ئاشىقنى ۋەسلىگە تەلەبكار ئەيلابان،
جىلۋە قىلغاچ بارۇ يوقۇمنى نەمۇدار ئەيلەبان،
بىلۇ ئاغزى خيالى شىرىن ئىزهار ئەيلابان،
تەبئىنى نازۇك قىلىبان مەزهبىن تار ئەيلەگەن.

مەن كەبى مەهزۇنغە لوتىف ئىلە نىگاھ ئەيلەر كۆزى،
سۇرمە چەككەن چاغدا ئەهۋالىم تەباھ ئەيلەر كۆزى،
روزىگارىمنى ساچى يەڭلىغ سىياھ ئەيلەر كۆزى،
گەرچە ئەشكىم ئال ئىتىب چېھرەمنى گاھ ئەيلەر كۆزى،
لەئل نابى ھەسرەتى دىدەمنى خۇنبار ئەيلەگەن.

تا سىنىڭدەك ماھ ھۆسنى ئەفلاكدە تاپتى ۋۇقۇئ،
جۇملە ئاشىقلار سەر كويۇڭغە قىلمىشلار رۇجۇئ،

ناز بۇرجىدا جامالىڭ مېھرى چۈن ئەتتى تۇلۇئ،
ئابتاب ھۆسنى پاكىڭ قىلدى ئالەمغە شۇيۇئ،
خوبلىقدا يۈسۈف مىسرىنى يەتتى بىكار ئەيلەگەن.

قاشىدىن تارتىپ قىلىچلار باشىمە ھىندۇ كۆزى،
ئوت ئورار كۆڭلۈم ئۆيىنە نەچچە ئاتەشغۇ كۆزى،
ئاغنامىش مۈشك خىتا ئىچرە مەگەر ئاھۇ كۆزى،
سۈرمە چەككەن چاغدا ئەھۋالىم تەباھ ئەيلار كۆزى،
ئىككى ئەژدەر كۆزنى ئەفسۇن بىلەن مار ئەيلەگەن.

قىلدى تا ھۆسنى كۆزۈمنى مەخزەنىن گەنجىنەدەك،
ئۆرتانۇر جانىم غەمىدىن داغ بولغان سىنەدەك،
داغ نەقدىنى مەقامى يوق دىل بەلەئىينەدەك،
ئول تەجەللى لەمئەسىنى كۆرگۈزۈر ئايىنەدەك،
يارۇتۇپ ئول شەمئى رۇخسارىدىن ئىزھار ئەيلەگەن.

مىۋەئى جەننەت گۇل رۇخسارۇ سىب غەبغەبى،
ئابتاب ئەۋج ئىستىغنا جەمالى كەۋكەبى،
كېچەلەر كويىدا ئاشىقلارنى يارەب يا رەببى،
كۆزى ئولتۇردى ئەمرىنىڭ تىرگۈزۈپ لەئلى لەبى،
زۇلۇم زاھىر ئولماسۇندەپ ئۆزنى غەمخار ئەيلەگەن.

(«دىۋان ئەمرى» 173-بەت)

## 4

ئى كۆڭۆل بۇ دەير ئىچرە رىندلارغە ئۇلفەت تۇت،
مۇغبەچە ئەياغىن ئەدەب دەير پىرىن ئىززەت تۇت،
بادەنۇش ئېتىپ جانا جىلۋەسىن غەنىمەت تۇت،
بىر نەزەر كۆرۈپ ئاشىق جان پەرۋەرنى مىننەت تۇت،
ئاستانەئ مەئشوق ياتسا نۇرىنى دەۋلەت تۇت.

ئى سەبا دېگىل بارىب ئەرزىم ئول قارا كۆزگە،
بىزنى سالدى ھىجران مۇنچە دەرد جانسوزگە،
ئوخشاماس پەرىلاركىم ئول بۇت دىل ئەفرۇزگە،
باۋەر ئىلە بۇ سۆزگە سۇرمە قىل سۆزۈم كۆزگە،
يوقتۇر ياردىن ئۆزگەگە ھەزىمەت تۇت.

بەرمە كۆڭۆل ئى سالىك بىۋەفا ئېرۇر ئالەم،
ھەرنەكىم ئېرۇر مەۋجۇد بولغۇسى ھەممە بەرھەم،
بۇ رەبات ئارا ئەلدىن نەقد ئالۇر ئۆمۈر كەم-كەم،
كوھنا لەنگەر ئېرۇر ئالەم، كارۋان ئېرۇر ئادەم،
دەم ئالىب ئۆتەر بۇ دەم سەن بۇ دەمنى پۇرسەت تۇت.

بىۋەفا ئېرۇر ئالەم جام بادە قىلغىل نۇش،
قىلدى كۆپ شەكەر لەبنى مەرگ بادەسى بىھۇش،

كۆپ سۇخەنسىرالارنى ئەيلادى ئەجەل خامۇش،
سەرۋى قامەت گۇلپۇش زولق كاكۇلى بەردۇش،
ئەيلەدى كىفەن ئاغۇش ئەقلىڭ ئولسا غۇربەت تۇت.

تاڭلا كۆز ياشۇرغاندا، فىتنە باش چىقارغاندا،
غەم يولىدا بارغاندا، قول-ئەياغ قەپارغاندا،
ئەل فىغان كۆتەرگەندە، سارغارىپ قىزارغاندا،
ھەشەرگاھقا بارغاندا، قىلنى قىرىق يارغاندا،
تىرمۇلۇپ بۇزارغاندا، دامەن شەپائەت تۇت.

ئىستەسەڭ دەر مەقسۇد ئىشق بەھرىنە غەرق ئول،
ئەزم كەبىئەئى دىل قىل قەتئى ئەيلاب ئوڭۇ سول،
كۆڭۈل ئۈز بۇ دۇنيادىن بىر ئىتەك تاپىب ئۈر قول،
گەر تاپاي دىسەڭ سەن يول تەرك ئېتىپ قەلەندەر بول،
خەم خوسرەۋاندەك تول كوچەئى مۇھەببەت تۇت.

ساقىيا قەدەھ كەلتۈر يار بادە نۇش ئولدى،
چىھرە لالەرەڭ ئەيلەب تىرەسى بەدۇش ئولدى،
سۇنبۇل سەر زولفى دام ئەقلۇھۇش ئولدى،
بادە شىشەغە تولدى خۇن دىل بىھۇش ئولدى،
مۇھتەسىب يېقىن بولدى رىند بىرلە سۆھبەت تۇت.

ئى ئەمىر ئاشىق بول گەر بولاي دىسەڭ كامىل،

يار ئىشقىدىن تانمە، گەر ئىرۇرسەن ئەھل دىل،
دەرد داغ ھىدا قىل، ئۇزلەت ئەيلەگىل مەنزىل،
ئى دەلىل بىھاسىل ئىشق ئىلىگە بول ۋاسىل،
بولما بىر نەفەس غافىل كۇشەدە خىلۋەت تۇت.

(«دىۋان ئەمىرى» 34-بەت)



## 5

# لوتفى غەزىلىگە مۇخەممەس (1)

كۆردۈم يۈزۈڭنى تاقەت ئىلە سەبرە مەندە يوق،
گۇل غۇنچىسىدا لەبلەرىڭ ئالىدا خەندە يوق.
سەندەك نىگار سىم بەدەن ھىچ قەندە يوق،
ناردەك يەنغاقلارىڭ كەبى شامئى ئەنجۇمەندە يوق،
سەرۋى قەددىڭ مىڭىزلى سەنۇبەر چىمەندە يوق.

ھىجرى ئىلكىدە ئەگەرچە سىتەم كۆرمىشىم ۋەلى،
بولمىش ۋىسال دەردىسەر ئىشق سەندەلى،
سەبرۇ قارار قالمادى ھۆسنۈڭنى كۆرگەلى،
سەنسىز چىمەندە يار ئاچىلماس كۆڭۈل گۇلى،
نازۇ كەرەشمە سەرۋىيۇ گۇل ياسىمەندە يوق.

ئى نازىنىن مىنى سىتەمىڭ ئەيلەدى ھەلاك،
كىمدوركى يوق فىراقىڭ ئارا زارۇ دەردناك،
مەنهەم غەمىڭدا سىمنى چاك ئەيلەسەم نەباك،
يۈزۈڭنى گۇل چۇ كۆرمادى كۆڭلاكىن ئەتتى چاك،
يۈسۈفنى ئىسا ئارى كى ھەريەر مەندە يوق.

سەن شاھ ھۆسن ئېرۇرسەنۇ مەن بىناۋا فەقىر،
لۇتفۇڭدىن ئۆزگە يوق بۇ ستەمكەشغە دەستىگىر،
نى ئافتاب مەشرىق دىل ۋەيا مەھمۇنىر،
ھەردەم جەمالىڭ ئارتىرۇ ھۆسنۇڭا يوق نەزىر،
مىھرۇ ۋەفا دەرىغكى، ئى ئۆمۇر سەندە يوق.

ئى ئافتاپ تەلئەتۇ ۋەيا ئارىزى قەمەر،
كىم پەرتەۋ جەمالىڭ ئېرۇر بەرق يا شەرەر،
كۆپتۇر ماڭا يۈزۈڭە تاماشاسىدە خەتەر،
جانىم چىقار جەمالىڭا قىلغاندا بىر نەزەر،
دەرداكى باقغالى يەنە بىر جان بەدەندە يوق.

چىن سەۋاد سۇنبۇلۇڭ ئەنبەر دىمەك خەتا،
ئول زولف تابدار ئىسا گەر بولسا مۇددىئا،
مۇمكىن ئەمەس تاپىلماغى چوق ئەيلەمە ھەۋا،
قويغىل خەتا يولىن داغى مۇشك ئىزلەمە سەبا،
چىن ساچىدەك چۇ مۇشك ختاۋۇ خوتەندە يوق.

گۇل ئۇزرە شەبنەم ئىنجۇسىدۇر يا يۈزۈڭ تىرى،
باردۇر ئەمىر ۋەسفىدا ئانى سۆز ئەيتۇرى،
يوقتۇر مەھەل بىھىش ئېرۇر ئافرىن يىرى،
تىشلىڭ دۇرىنى لوتفى سۇفەت قىلغاي بىرى،
بىر دۇر قىممەتى سۆزى يەڭلىغ ئۇدۇندە يوق.

(«دىۋان ئەمىرى» 112-بەت)

## 6

# لوتفى غەزىلىگە مۇخەممەس (2)

سەكرەتىپ مەيدانىغا رەخشىڭ ئافەتى جان قىلماغىل،
ئاشىقىڭ كۆڭلىنى زۇلفۇڭدەك پەرىشان قىلماغىل،
ئۆلتۈرۈرغە نەچچە يالغان سۆزنى پىنھان قىلماغىل،
ئى سەنۇبەر بويلۇ دىلبەر پىكرى ھىجران قىلماغىل،
شەۋق ئوتىغا مەن گەدانى ئەسرۇ بەريان قىلماغىل.

ھىجرى شامىغە يىراقدىن ۋەسلىڭى بىلدۈرمىدىڭ،
ئىشق ئوتىدا ھىچ كىشىنى مەن كەبى ئۆلتۈرمىدىڭ،
قەتئى زۇلۇم ئەيلەب بۇ رەسۋا كۆڭۈلنى تىندۇرمىدىڭ،
شەرت قىلدىڭكىم سېنى مەن ئۆلتۈرەي ئۆلتۈرمىدىڭ،
چۈنكى يەتمەس سەن، سۆزۈڭگە ئەھدۇ پەيمان قىلماغىل.

خەلق ئارا كۆپ تەئن ئېتەرلەر بۇ مەن بەدنامنى،
نۇش لەئلىڭ بىرلە سىراب ئەت مەن ناكامنى،
ئىتلىرىڭ خىلىدا ياد ئەتكىل مەن گۇمنامنى،
ئەلگە كۆپ ئىھسان ئېتەرسەن دەمبىدەم دەشنامنى،
قەدرى بىلمەسلەر سەن ئاخىر مۇنچە ئىھسان قىلماغىل.

ئى سەبا، پىغامىمى يەتكۈر ئۈشۇل جەنانىمە،
مەن گەدا ئەھۋالىنى ئەرز ئەيلەگىل سۇلتانىمە،
شەمئى ھۆسنى شوئلە سالدى كۆلبەئىن ۋەيرانىمە،
ئانداكىم بولدۇم خەبەرسىز داغ قويدۇم جانىمە،
ئەمدى بىلمەسمەن دېمە ئۆزۈڭنى نادان قىلماغىل.

قىل پەرىشان زۇلفى شاھىدىڭنى لوتىف ئىلە،
بەرقىئىڭ ئاچغىل نەمايان قىل خەدەڭگىڭنى لوتىف ئىلە،
ئەيلەمە فىنھان ئەمرىدىن قەددىڭنى لوتىف ئىلە،
لوتفىئى مىسكىنغە كۆرگۈز سائەدىڭنى لوتىف ئىلە،
بۇ گەدادىن نەقدەنى يەك ئىچرە پىنھان قىلماغىل.

(«دىۋان ئەمرى» 149-بەت)



## 7

# ناۋايى غەزىلىگە مۇخەممەس

دىلرەبالىق شىۋەسىن ئارام جانلاردىن سورۇڭ،
مېھنەتى ھىجران تەرىقىن باغرى قانلاردىن سورۇڭ،
لالە رەخلەر ۋەسفىنى رەنگى خەزانلاردىن سورۇڭ،
ئىشقى سىررىن ھىجرا سىرى ناتەۋانلاردىن سورۇڭ،
ئەيش ئىلە ئىشرەت تەرىقىن كامرانلاردىن سورۇڭ.

ئىشق بىمارى بولۇپ كويۇڭدا ياتتىم سارغارىب،
كەل بۇسەر ۋەقتىمغە ئۆلمەسدىن بۇرۇنراق ئى تەبىب،
مەن بولۇب مەردۇ دىيار ئالدا ھەمدەمدۇر رەقىب،
بىزگە چۈن مېھرۇ ۋەفا ئائىنى بولمايدۇر نېسىب،
بىۋەفالىق رەسمىنى نامېھرىبانلاردىن سورۇڭ.

دەھرى ئەيىيامىدا باردۇ ھەر كىشىنى دىلبەرى،
كام ئالۇر ئىشرەت بىلە دىلدارىدىن بولسە زەرى،
نازىنىنلار ئاشىق مىسكىنىنى ئەيتۇر «تۇر نېرى!»،
بىزنى دەۋران مېھنەتى ھەم ئاجىز ئەتمىش ھەم قېرى،
ھۆسن ئىلە قۇۋۋەتنى رەئنا نەۋ جۇۋانلاردىن سورۇڭ.

بۇ مۇھەببەتلار بىلۇر ئاسۇدە تەنلىق رەسمىنى،
تۇشمەگەن غۇربەتكە بىلمەس بىۋەتەنلىق رەسمىنى،
بىلمەدى ئىشق ئىچرە خىسرۇۋ كۇھكەنلىق رەسمىنى،
بىدىلۇ دىلجۇيلىق پا، دىلشكەنلىق رەسمىنى،
فەھم قىلماسلار بۇ ئىشنى دىلستانلاردىن سورۇڭ.

مەن بىلۇرمەن ئىشق ئارا ناكەملىقلار شىۋەسىن،
رىندىيۇ رەسۋالىقدا خۇن ئاشاملىقلار شىۋەسىن،
ئۇرگەتەي مەجنۇنغە بىئاراملىقلار شىۋەسىن،
نىكنام ئىشقى ئارا بەدناملىقلار شىۋەسىن،
ياخشىلار بىلمەس ئانى بىزدەك يامانلاردىن سورۇڭ.

بولغايسىز تا فەقىر ئەتىۋارىدا ئاگاھ ئەھلىدىن،
دەردىدىل كەسب ئەيلامىشدۇر نالەيۇ ئاھ ئەھلىدىن،
ئىستەگەنلەر ئىشق زەۋقىنى بۇ دەرگاھ ئەھلىدىن،
فەردلىق شەۋقىنى سورماڭ شەۋكەتۇ جاھ ئەھلىدىن،
ئول سەئۇبەت لەززەتىن بىخانىمانلاردىن سورۇڭ.

ئى جەفا چۇ دىلرەبالار سىزگە يۈز جاندۇر نىسار،
غەمزە بىرلە تۆكمەك ئاشىقلارنى قانىن زىنھار،
ناتىۋانلارنى غەزەب بىرلە قىلماڭ فەكار،
ئاجىز تۇپراغىدا ئىشق ئەھلىغە ئولغاي ھۆكمى بار،
قەتلى ھۆكمى ئەيلەمەكنى قەھرىمانلاردىن سورۇڭ.

ئاڭلاماس ئىشقۇ مۇھەببەت داستانىن ئەھلى رەھىم،
تانىماس مىھرى ئەھلىنى ياخشى يامانىن ئەھلى رەھىم،
فەھم ئەيلارمۇ ۋەفا سۇدۇ-زىيانىن ئەھلى رەھىم،
بىلمەدى مەقسۇد گەنجانىڭ نىشانىن ئەھلى رەھىم،
گەر سورارسىز ئانى بىنامۇ نىشانلاردىن سورۇڭ.

تەلبە لەب كۆڭلۈم ئەدىم شەھرىغە كەتتى دوستلار،
بىلمەدىم ئول ناتىۋان نە يەرگە يەتتى دوستلار،
ئاھ ئەفغانىن ئەمىر ئىشق ئىشتتى دوستلار،
چۈن نەۋايى ئىشق سەھراسىدا يەتتى دوستلار،
ئانى ئول ياندىن يىتۈشكەن كارۋانلاردىن سورۇڭ.

(«دىۋان ئەمىرى» 217-بەت)



## 8

# نابى غەزىلىگە مۇخەممەس

نەسىم روھپەرۋەر ماڭا زولفى ياردىن كەلدى،
ختىا سوۋدىگەرىدۇر گويا تاتاردىن كەلدى،
مەشامىمغە بۇ نوكھەت ئول گۇل بىخاردىن كەلدى،
نەسىم جان فەزادۇر دەمبىدەم گۇلزاردىن كەلدى،
پەيام لوتىنى كىم جانا لەب دىلداردىن كەلدى.

كۆڭۈلدە ئاسرادىم مىھرىڭىز لىكىن جاندا ئازارىڭ،
دىمەس سەن بىر يول ئى زالىم نەدىندۇر نالە-زارىڭ،
خوتەن ئاھۇلىرىدىن سەبقەت ئەتتى چەشمى بىمارىڭ،
شىكەست ئەتتى دەۋاچىن نافە ئاھويى تاتارىڭ،
بۇ بۇي دىلكۇشاكىم زولفى ئەنبەر باردىن كەلدى،

ئەگەر ئول سەرۋىغە موي مىيانىن ئەيلەمىش تەشبىھ،
مىنى نالىمغە ھەم بۇلبۇل فىغانىن ئەيلەمىش تەشبىھ،
زەبانىغە نەدىن سەۋسەن زەمانىن ئەيلەمىش تەشبىھ،
دەھان يارە گۆش ئەتتىم دەھانىن ئەيلەمىش تەشبىھ،
سور نىچچە غۇنچە ئاغزىن ناز ئەيدۇب ئىنكاردىن كەلدى.

بەھەمدوللاھ ساقا بولمىش شەرافەت يۈسۈف ئاغاكىم،
بۇ دەۋلەت تاپماغاي ئەيلەر نەدامەت يۈسۈف ئاغاكىم،
دۇئايى نىمشەب بولدى ئىجابەت يۈسۈف ئاغاكىم،
ئەمىن خىزمەت، دارىسسائادەت يۈسۈف ئاغاكىم،
ۋۇجۇد ئالەم بەخشايىش سەتتاردىن كەلدى.

تۈگۈنلار سالدى جانلار رىشتەسىغە زۇلف پەرتابى
ئەمىر جىسمىغە جان بەردى شەكەر خەند ئەننابى،
ئىلىنتۇردى يۈزىن كۆرگەن مەھەلدە زۇلفى قەللابى،
نەۋلە باغ سۇخەندە بۇلبۇل ئولسام شەۋق ئىلە نابى،
كى تەكلىف غەزەل ئاغازى نىكۇكاردىن كەلدى.

(«دىۋان ئەمىرى» 207-بەت)



# مۇسەددەسلەر

## 1

ئۆتتى ئەييام ۋىسالۇ يەتتى فىرقەت نۆبىتى،
ئەمدى يوق سەبر ئەتكىلى بودەم كۆڭۈلنى تاقىتى.
غەم ھۇجۇمى فىتنە تاراجىيۇ ھىجران ئاپىتى،
مۇنچە غەۋغادىن پەرىشاندۇر كۆڭۈل جەمئىيىتى.
قالمادى بىر زەررە سەندىن ئايرۇ كۆڭلۈم راھىتى،
لۇتپ قىلغىل چاغى مەرھەمەت ۋاقتى مۇرۇۋۋەت سائىتى.

ھىجرى دەشتىدە قۇيۇندەك بىسەرۇ سامان بولۇپ،
ھەر زەمان بىر كۆرمەگەن سەھرادە سەرگەردان بولۇپ.
نىچچە قالغايمەن باقىپ ئۆز ھالىمە ھەيران بولۇپ،
تەرفە ئەھۋالىمغە گەھ گىريان گاھى خەندان بولۇپ.
قالمادى بىر زەررە سەندىن ئايرۇ كۆڭلۈم راھىتى،
لۇتپ قىلغىل چاغى مەرھەمەت ۋاقتى مۇرۇۋۋەت سائىتى.

ماھ سىمالار ئارا خۇرشىد سەن ئالى جەناب،
مىھرى رۇخسارىڭ مەلاھەت مەشرىقىدا ئابتاب.
زەررە يەڭلىغ ئەيلابان مىھر رەخنگىدىن ئىزتىراب،
باش-ئاياغىڭ ئۆزرە قويسام قىلماغىل نازۇ ئىتاب.

قالمادى بىر زەررە سەندىن ئايرۇ كۆڭلۈم راھتى،
لۇتف چاغى مەرھەمەت ۋاقتى مۇرۇۋۋەت سائىتى.

غەيرەنى بەزم ۋىسالىڭ ئىچرە دەمساز ئەيلەدىڭ،
بولھەۋەستەر دامەن ئىبردى مەھرەم راز ئەيلەدىڭ.
نەركەسىڭنى فىتنە خىلىغە فوسونساز ئەيلەدىڭ،
مەندىن ئەگەر ئاھ ئەتدىڭ ئىستىغنا قىلىپ ناز ئەيلەدىڭ.
قالمادى بىر زەررە سەندىن ئايرۇ كۆڭلۈم راھتى،
لۇتف چاغى مەرھەمەت ۋاقتى مۇرۇۋۋەت سائىتى.

شاھسەن ھۆسن مەلاھەت مىسرىدا يۈسۈپ نىشان،
پەرتەۋى مىھرى جەمالىڭدىن مۇنەۋۋەردۇر جەھان.
مەن گەداي دەرگاھىڭمەن سەن ئەمىر كامران،
ئىچچە بولغاي فۇرقەتىڭدىن كۆزدە سۇ، باغرىمدا قان.
قالمادى بىر زەررە سەندىن ئايرۇ كۆڭلۈم راھتى،
لۇتف چاغى مەرھەمەت ۋاقتى مۇرۇۋۋەت سائىتى.

(«دىۋان ئەمىرى» 210-بەت)

## 2

نەلۇر هالىم سورارغە كەلسەڭ ئەسرۇ خىرامانىم،
گۇل ئەندامىم مەلاھەتلىك پەرى رۇخسار جەنانىم.
دىمەسسەن بىر يولى هالىڭ نىدۇر بىسەبرۇ سامانىم،
تەرەھھۇم چاغىدۇر ئى نۇر، دىدىم جىسىم ئارا جانىم.
ئەزىزىم قىبلەگاھىم خوبلىق مىسرىدا سۇلتانىم،
دىلۇجانىم ساڭا قۇربان، قۇربانىڭ دىلۇجانىم.

يۈزۈڭ كۆرمەككە كۆز مۇششاق، هاجەتمەن ئىرۇر كۆڭلۈم،
جەمالىڭ ئارزۇسى بىرلە بەس خۇرسەند، ئىرۇر كۆڭلۈم.
كەمەند تىرە مۈشكىنىڭ ئىلە بەند ئىرۈر كۆڭلۈم،
مۇسەلسەل سۇنبۇلۇڭنى تارىغە پەيۋەند ئىرۈر كۆڭلۈم.
ئەزىزىم قىبلەگاھىم خوبلىق مىسرىدا سۇلتانىم،
دىلۇجانىم ساڭا قۇربان، قۇربانىڭ دىلۇجانىم.

كۆزۈڭ بىمارىغە ناز ئەتمە، بىمارىڭنى ئۆلتۈرمە،
گىرىپتارىڭ ئىرۇرمەن ئۆز گىرىپتارىڭنى ئۆلتۈرمە.
چېكىپ تىغى سىياسەت، ئاشىق زارىڭنى ئۆلتۈرمە،
ۋەفالىغ يار سەن، بىداد ئىلە يارىڭنى ئۆلتۈرمە.
ئەزىزىم قىبلەگاھىم خوبلىق مىسرىدا سۇلتانىم،
دىلۇجانىم ساڭا قۇربان، قۇربانىڭ دىلۇجانىم.

بۇ كۆلبەم سارى ئى سەرۋى گۇلرۇخسار خۇش كەلدىڭ.
كۆزۈم ئاينەسىگە كورسەتىپ دىدار خۇش كەلدىڭ.
مەسىھ روھ ئەفزايى دىل بىمار خۇش كەلدىڭ،
ۋەفادىن زاھىر ئەيلەب بارلىق ئى يار خۇش كەلدىڭ.
ئەزىزىم قىبلەگاھىم خوبلۇق مىسرىدا سۇلتانىم،
دىلۇجانىم ساڭا قۇربان، قۇربانىڭ دىلۇجانىم.

فىراقىڭ ئۆرتەدى ئى دىلبەر، نامىھرىبانىم كەل،
بولۇپ ئارامى جانۇراھەت روھى راۋانىم كەل.
نىسار خاكپايىڭ جەۋھەرى جان جاھانىم كەل،
نىگار نازىنىنىم مەرھەمى داغ نىھانىم كەل.
ئەزىزىم قىبلەگاھىم خوبلىق مىسرىدا سۇلتانىم،
دىلۇجانىم ساڭا قۇربان، قۇربانىڭ دىلۇجانىم.

نە خوشدۇر كام ئارا ۋەسلىئىستەسەم شىرىن دۇداغىڭدىن،
لەبىڭدىن لەئل قىممەت تاپتىيۇ گەۋھەر قۇلاغىڭدىن.
نىيازۇناز ئارا پەرق ئۇلمىدى باشۇئاياغىڭدىن،
ۋىسالىڭنى تىلەب ئاۋارەلار بولدۇم سەراغىڭدىن.
ئەزىزىم قىبلەگاھىم خوبلىق مىسرىدا سۇلتانىم،
دىلۇجانىم ساڭا قۇربان، قۇربانىڭ دىلۇجانىم.

جەفا رەسمىنى بۇنياد ئەيلەگەن بىرەھىم يارىم سەن،
ستەمپەرۋەر جەفا چۇ سەنگى دىل زىبا نىگارىم سەن.

لەتافەت گۈلشەنىدە سەرۋى قامەت گۈلئۇزارىم سەن،
شەھىد ئىشقىڭ ئۇلدۇم قاتىل چابۇكسەۋارىم سەن.
ئەزىزىم قىبلەگاھىم خوبلىق مىسرىدا سۇلتانىم،
دىلۇجانىم ساڭا قۇربان، قۇربانىڭ دىلۇجانىم.

مۇھەببەت خەيلىنى كەيخىسرۇۋۇ ساھىب سەرىرى سەن،
جۇنۇن ئەھلىنى شاھى ئىشق مۈلكىنى ئەمىرى سەن.
كى دەشتۇ تاغ ئارا پەرھادۇ مەجنۇن دەستىگىرى سەن،
كەمەندىڭ مۇپتىلاسى داغ ئىشقىڭنى ئەسىرى سەن.
ئەزىزىم قىبلەگاھىم خوبلىق مىسرىدا سۇلتانىم،
دىلۇجانىم ساڭا قۇربان، قۇربانىڭ دىلۇجانىم.

(«دىۋان ئەمىرى» 215-بەت)

## 3

كۆزۈمدە ئەشك گۈلگۈن قان كەبى چاك جىگەردىندۇر،
نۇ مىهنەت دانەسى نەخل دىل كۈلپەت سەمەر دىندۇر.
ئەزەل سەرمايەسىندىن ھاسىلىم سۇدۇ زەرەردىندۇر،
ۋە گۈل بۇ شام كۈلپەت تالىئ زۇلمەت ئەسەردىندۇر.
نە سەندىندۇر، نە بەندىندۇر، نە چەرخ گىنەۋەردىندۇر،
بۇ دەرد سەر خومار نىشا جام قەدىردىندۇر.

غەمىم شەرھىن ئىشتمەسلىككە ئى دىلدار ئەھد ئەتتىڭ،
مۇسەلسەل زۇلفى سىمىن، تىنى سىمىن رۇخسار ئەھد ئەتتىڭ.
قىلىپ يۈز نازلار، ئى دىلبەر ئەبيار ئەھد ئەتتىڭ،
ئەگەرچەندىكى پەيمان سۇندۇرۇپ سەبيار ئەھد ئەتتىڭ.
نە سەندىندۇر، نە بەندىندۇر، نە چەرخ گىنەۋەردىندۇر،
بۇ دەرد سەر خۇمار نىشائ جام قەدىردىندۇر.

جۇنۇن ۋادىسىدە خاك تىنىم مۇشت غۇبار ئولدى،
سىرىشكىم قانى بىرلە دەشتى سەھرا لالەزار ئولدى.
مۇھەببەت داغى گۈل زاھىر قىلىب فەسلى باھار ئولدى،
بۇ كىم جىسمىم نىزار ناتۋان كۆڭلۈم پەگار ئولدى.
نە سەندىندۇر، نە بەندىندۇر، نە چەرخ گىنەۋەردىندۇر،
بۇ دەرد سەر خۇمار نىشائ جام قەدىردىندۇر.

سېنىڭدەك دىلرەباغە ئاشىق زار ئولمايىن نىلاي،
ۋەفا بىگانەھۇ نائاشىناسىن ئولمايىن نىلاي.
گىرىفتار كەمەند زۇلفى پەرتاب ئولمايىن نىلاي،
يۈزۈڭ گۇلزارىنى كۆرگەن زەمانى ئولمايىن نىلاي.
نە سەندىندۇر، نە بەندىندۇر، نە چەرخ گىنەۋەردىندۇر،
بۇ دەرد سەر خۇمار نىشائ جام قەدىردىندۇر.

جۇنۇن سەھراسىدە مەجنۇن كەبى ئاۋارە بولمىشمەن،
كۆڭۈل دەردىگە تابماي چارە چۇ بىچارە بولمىشمەن.
كىيىكدەك مەنكى ۋەھشەت دەشتىدە سەييارە بولمىشمەن،
مۇنىڭدەككىم مەلامەت ئوقلارىدىن يارە بولمىشمەن.
نە سەندىندۇر، نە بەندىندۇر، نە چەرخ گىنەۋەردىندۇر.
بۇدەرد سەر خۇمار نىشائ جام قەدىردىندۇر.

فەلەك دەۋرى تۈنۈ كۈنكىم ماڭا جەۋرۇ جەفا قىلدى،
تېنىمنى بار مىھنەت بىرلە قەددىمنى دۇتا قىلدى.
غۇبارىمنى يولىدا دەھىر بەرباد فەنا قىلدى،
ماڭا ھەر نىچە كىم ئول بىۋەفا جەۋرۇ جەفا قىلدى.
نە سەندىندۇر، نە بەندىندۇر، نە چەرخ گىنەۋەردىندۇر،
بۇ دەرد سەر خۇمار نىشائ جام قەدىردىندۇر.

فەلەك ئەيدى ماڭا "بىگانە ئوخشارسەن؟" دېدىم يوخ-يوخ،
"جەفا تىغلە باغرىڭ پارە ئوخشارسەن؟" دېدىم يوخ-يوخ.

”بەلاكەش ئاشىق بىچارە ئوخشارسەن؟“ دېدىم يوخ-يوخ،
”جۇنۇن دەشتى ئارا ئاۋارە ئوخشارسەن؟“ دېدىم يوخ-يوخ.
نە سەندىندۇر، نە بەندىندۇر، نە چەرخ گىنەۋەردىندۇر،
بۇ دەرد سەر خۇمار نىشائ جام قەدىردىندۇر.

بۇ ئاپەتلاركى تەگمىش روزىگارىم ئىچرە كۆنكۆندىن،
خەتادۇر گەر گۇمان ئەتسەم ئەمىر ھۇش گەردۇندىن.
جەھانغە ھەر نەكىم كەلسە تىگەر ئول زات ىنچۇندىن،
شىكايەت قىلماغىل ئى خەستە كۆڭلۈم بەختىۋاردىن.
نە سەندىندۇر، نە بەندىندۇر، نە چەرخ گىنەۋەردىندۇر،
بۇ دەرد سەر خۇمار نىشائ جام قەدىردىندۇر.

(«دىۋان ئەمىرى» 76-بەت)

# تەرجىئبەندلەر

## 1

تا مېنى بىر بىۋەفا ھىجرىدا بىتاب ئەيلەدى،
شۇئلەئ ھەسرەت كۆڭلىنى مەۋج سىماپ ئەيلەدى.
چەشىم گىريان، ئەشك كەلكۈن، تۆكتى سىلاپ ئەيلەدى،
سەل ئەشكىم بەيتۇل ئەھزانىدا گىرداپ ئەيلەدى.
تا فىراق ئەندۇھىدىن جانىمنى بىتاب ئەيلەدى،
غەم مېنى ئاخىر جۇنۇن دەشتىدە ناياب ئەيلەدى.
ھالىتىم بەدغۇسسە بىھەد ۋەسل مەقسەد نالەبىش،
بەخت ۋاژۇن دەردئەفزۇن دىدە پۇرخۇن سىنەرىش.

... ...① ①

ئەگمە قەددىم زەئفىن ئول سەرۋى خىرامان بىلمەدى،
بولدى جان ئاشۇفتە ھال ئول لەئلى خەندان بىلمەدى.
ھىجرى ئارا تا قىلمادىم پەريادۇ-ئەفغان بىلمەدى،
نالە قىلدىم كىچەلەر ئول نا مۇسۇلمان بىلمەدى.
لەززەتى تىغ شەھادەت شەربەتىن جان بىلمەدى،

---

① بۇ جايدىن بىر كۇپلېت قىسقارتىلدى.

ھجرى ئارا جان چەككىنمنى بەسكى جەنان بىلمەدى.
ھالىتىم بەد غۇسسە بىھەد ۋەسل مەقسەد نالەبىش،
بەخت ۋاژۇن دەرد ئەفزون دىدە پۇرخۇن سىنەرىش.

... ...①

كىشۋەرى ئىشق ئىچرە كۆرمەس شاھلار مەندەك ھەشەم،
چاكىرىم ئەندۇھۇ مىھنەتدۇر سىپاھىم خەيلى غەم.
ھەمدەمىم ئاھۇ فىغانۇ مۇنسىم دەردۇ ئەلەم،
روزگارىم ھەسرەتۇ ھەم سۆھبەتىم جەۋرۇ سىتەم.
دەرد ئىقلىمىن مۇسەخخەر ئەيلەدىم چەكتىم ئەلەم،
ئىشرەتىم خۇنابە يۇتماقدۇر نە دەمبەدۇر نە دەم،
ھالىتىم بەد غۇسسە بىھەد ۋەسل مەقسەد نالەبىش،
بەخت ۋاژۇن دەرد ئەفزون دىدە پۇرخۇن سىنەرىش.

قىلدى سەرگەردان جۇنۇن ۋادىسىنى رەسۋالىغىم،
سالدى ئوت ئەھلى جەھانغە شورەشى شەيدالىغىم.
دەھر ئارا ئەفسانە بولدى بىسەرۇ سەۋدالىغىم،
ئابرۇ مۇلكىنى تاراج ئەيلەدى يەغمالىغىم.
قىسسەئ مەجنۇننى مەنسۇخ ئەتتى بىپەرۋالىغىم،
بۇدۇر ئانىسىز كۇلبەئ غەم ئىچرە بەزم ئارالىغىم.

---

① بۇ جايدىن بىر كۇپلېت قىسقارتىلدى.

هالىتىم بەد غۇسسە بىھەد ۋەسىل مەقسەد نالەبىش،
بەخت ۋاژۇن دەرد ئەفزون دىدە پۇرخۇن سىنەرىش.

هالىمە ئۇلشوخ بىپەرۋا تەرەھھۇم ئەيلەمەس،
بەلكى ھەر سائەت غەمى تەركى تەزەللۇم ئەيلەمەس.
رەھمى يادىن ھەر گۇنەھ ئۇل ئاشۇپ مەردەم ئەيلەمەس،
لەئلىدىن بىر سۆز ئەيدى كامىم تەكەللۇم ئەيلەمەس.
يىغلاسام دىۋانەلىغ بىرلە تەبەسسۇم ئەيلەمەس،
تەرفەدۇر گەر قولزۇم ئەشكىم تەلاتىم ئەيلەمەس.
هالىتىم بەد غۇسسە بىھەد ۋەسىل مەقسەد نالەبىش،
بەخت ۋاژۇن دەردئەفزۇن دىدە پۇرخۇن سىنەرىش.

(«دىۋان ئەمىرى» 208-بەت)



## 2

دۅن كەلدى يار تەلبە كۆڭۆل ھالىنى سورۇپ،
سۆيلەر ئىدى رەقىپ ئاڭا روبىرۇ تۇرۇپ.
ئول زەشت روي سەفلەنى مەن ھەمدەمى كۆرۇپ،
غەيرەت قىلىچى بىرلە مېنى رەسكى ئۆلتۈرۈپ.
يانىڭداكى رەقىپ نە تەندۇر دېدىم دېدى،
ياخشى دەيىن ساڭاكى يامانىڭدۇر سېنىڭ.

كەلدى قاشىمغە جىلۋە قىلىپ ئول سەن ئەزار،
كۆردۈم يۈزىن گۈل ئاچىلىپ بولدى نەۋباھار.
دېدىم تەرەھھۇم ئەت ماڭا ئى نازىنىن نىگار،
يۈز ناز بىرلە دېدى نەدۇر ساڭا ئىختىيار.
ئالان يۈزۈڭ مىرادىم ئىكەندۇر دېدىم دېدى،
بىھجەت فەزايى جان جاھانىڭدۇر سېنىڭ.

يا ئەيدى: «كۆكسۈڭ ئۈزرە دۇرۇر غەم جەراھەتى»،
ئەيدىمكى: «دۈشدى باشىمە ئىشقىڭ سەئۈبەتى.
گەھ غەيرى جەۋرى گاھ فىراقىڭنى مىھنەتى،
جانۇ-كۆڭۈلنى قالمادى بىر زەررە تاقەتى.
ئىشقىڭ تەمام رەنجۇ مىھەندۇر» دېدىم، دېدى،
بۇ ئىشدە بارچە سۇد زىيانىڭدۇر سېنىڭ.

ئەپسۇسكىم رەقىبە نىھان ئىشقىم ئۇلدى فاش،
كۆرگەچ ئانى سىرىغ يۈزۈم ئۈزرە يۈگۈردى ياش.
قويدۇم تەزەللۇم ئەيلەپ ئانى مەقدەمىغە باش،
يىغلاپ دېدىمكى ”ئى بۇت بىرەھىم باغرى تاش.
خەت يۈزۈمدە قان، نە سۇخەندۇر“ دېدىم دېدى،
ھەر قەترە ئەشك، نەزم رەۋانىڭ دۇرۇر سېنىڭ.

شوخ ئېرۇر تۈشتى كۆزۈم خەتۇ خالىدىن،
سەۋدالار ئاشتى باشىمە زۇلفى خىيالىدىن.
يەتكەچ كۆڭۈلغە مۇژدەھى راھەت ۋىسالىدىن،
سوردۇم فىراق تىرەلىغىنى سوۋالىدىن.
ھەر تۈن قاراڭغۇلۇق نە ئىكەندۇر، دېدىم دېدى،
ھىجرىمدەدۇر ئاھ پىغانىڭدۇر سېنىڭ.

خەت زاھىر ئەتتى لەئلىدە ئۇلشوخ نازىنىن،
خىزىر ئەيلەدى ھايات زىلالى ئارا كىمىن.
مەيگۈن لەبى كەنارىدە بىر قەترە مۈشكى چىن،
كۆردۈم ئەجەپ تەراۋەت ئىلە تۇرفە دىلنەشىن.
كەۋسەر قەراغىدە نە زەغەندۇر، دېدىم دېدى،
لەئلىمدا خال نەقتە جانىڭ دۇرۇر سېنىڭ.

ئاغزى خىيالى ئېردى كۆڭۈللەرنى مەتلەبى،
يۈز ئۈزرە خالى سۈبھى سائادەت نە كەۋكەبى.

بەر تاپتى ناز گۇلشەندە سىن غەبغەبى،
گۇلدەك ئاچىلدى كۆلمەك ئىلە غۇنچە لەبى.
ئى غۇنچە لەب بۇ تەرپە دەھەندۇر، دىدىم دىدى،
بەلكىم ئەدەم يولىدا نىشانىڭ دۇرۇر سىنىڭ.

ئول گۇلكى ئەكس ئاززۇيىدىن مەھ زەبۇن ئىدى،
خۇرشىددىن كەرەشمەئى ھۆسنى فۇزۇن ئىدى.
دىۋانە كۆڭلۈم ئىشقىدا مەست جۇنۇن ئىدى،
قەددى نىھالى سەرۋى ئىپنىكى لالەگۇن ئىدى.
پىراھەنىڭ مەگەركى چىكەندۇر، دىدىم دىدى،
ئاسار قەترە-قەترە ئى قانىڭ دۇرۇر سىنىڭ.

بىر كۈن سەباھ ئىيد ئىدى ھەنگام نەۋباھار،
ئەردىم مەن شىكەستەئى مەھزۇنۇ دىلەفكار.
باغ ئىچرە كەلدى قاشىمە ئول سەرۋى گۇلئۇزار،
جانىمنى ئەيلىدىم قەددى رەفتارىغە نىسار.
خال لەبىنى مۇشكى خوتەندۇر، دىدىم دىدى،
جان ئىچرە ئەكس داغ نىھانىڭ دۇرۇر سىنىڭ.

لەئل لەبى لوتىق ئىدى كەۋسەر زۇلالىدىن،
سەرۋى ئولدى سايە باغىدا قەددى نىھالىدىن.
ئاشۇفتە بولدى خاتىرىم ئول خەتۇ خالىدىن،
ھالى دىلىمنى سوردى مۇرۇۋۋەت كامالىدىن.

ياد ئەتمەكىم ئاتىڭنى نەدىندۇر، دىدىم دىدى،
زىكرىم تىلىڭدا ھەر زامانىڭدۇرۇر سىنىڭ.

ناگەھ يولۇقتۇم ئول سەنەم دىلپەزىرغە،
ئەيدىم تەزەللۇم ئەيلەپ ئوشول بى نەزىرغە.
ئى باغرى تاش مەن كەبى زارۇ ئەسىرغە،
چۈن زۈلۈم قىلما داد قىلۇرمەن ئەمىرغە.
ئاشىقغە مۇنچە جەۋر نەدىندۇر، دىدىم دىدى،
بۇ ئىمتىھان ئىشق نىھانىڭدۇرۇر سىنىڭ.

كۆلبەم سەيرىغە قويدى چۇ ئول مەھلىقا قەدەم،
سۈبھە ۋىسالى پەيزىدە رەفئ ئولدى دەردۇغەم.
ھەر دەم تىلىم تەجەللى ھۆسنىدىن ئۇردى دەم،
سوردۇم ئەمىر ئىشقدىن ئى شاھ مۇھتىرەم.
قايىسى چىراغ شەمئى لىكىن دۇر دىدىم دىدى،
بۇ ئەنجۇمەندە تىغى زەبانىڭ دۇرۇر سىنىڭ.

(«دىۋان ئەمىرى» 116-بەت)

# قاری بائنری

# قارى بائىزى*

**مەتمىن بائىزى**

نەشرگە تەييارلىغۇچىلار:

**ئەمەت بائىزى**

## نەشرگە تەييارلىغۇچىلاردىن:

«دىۋان بائىزى» ناملىق شېئىرلار توپلىمى—موللا قارى بائىزىنىڭ ئۆمۈرلۈك ئىجادىي ئەمگەكلىرىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، شائىر قارى بائىزى هايات چېغىدا 16 يېشىدىن باشلاپ يازغان شېئىر-غەزەللىرىنى ئۆز قەلىمى بىلەن كۆچۈرۈپ رەتلەپ دىۋان هالىتىگە كەلتۈرگەن ۋە توپلامغا «دىۋان بائىزى» دەپ نام بەرگەن.

شائىر قارى بائىزى شېئىرلىرىنى رەتلەپ توپلام قىلىپ تەييارلىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنى جامائەت بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرۈش نېسىپ بولمىغان.

شائىر قارى بائىزى تۇردى شەيخ ئوغلى هىجرىنىڭ 1303-يىلى (مىلادى 1885-يىلى) كۇچار ناھىيىسىنىڭ ياقا يېزا لەنگەر كەنتىدە تۇردى شەيخ ئىسىملىك مەرىپەتپەرۋەر دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇ 12 يېشىغىچە ئۆز كەنتىدە ئوقۇپ ساۋا-

* بۇ ئەسەر ئاقسۇ ۋىلايەتلىك مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى باشقارمىسى قەدىمقى ئەسەرلەر ئىشخانىسى تەرىپىدىن 1986-يىلى چىقىرىلغان (1-سان) «ئاقسۇ قەدىمقى كىتابلار تەتقىقاتى» ژۇرنىلىدىن ئېلىندى. كىرىش سۆز ئازراق قىسقارتىلدى.

دىنى چىقارغاندىن كېيىن، كۇچار شەھىرىگە كىرىپ ئاتاقلىق ئۆلىما ناسىر قارىمدا تۆت يىل ئوقۇغان، ئاندىن ئۆز يېزىسىغا قايتىپ كېلىپ، ئۆز كەنتىدە مەكتەپ ئېچىپ ئۈچ يىل ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. مىلادى 1905-يىلى 20 يېشىدا يەنە كۇچار شەھىرىگە كىرىپ كۇچار كۆك مەدرىستە مەشھۇر دىنىي ئالىم ئىبراھىم قۇززات بىننى ھاجى قۇتلۇقتا ئىلىم تەھسىل قىلغان. بۇ جەرياندا ئاساسەن ئىلمىي سەرپ، ئىلمىي نەھۋىدىن باشلاپ بالداقمۇبالداق ئۆرلەپ، ئىلمىي فىقىھى، ئىلمىي ھەدىس ۋە ئىلمىي تەپسىرنى پۇختا ئۆگەنگەن. شۇنىڭدەك ئىلمىي مەنتىق، ئىلمىي فەرايىز، ئىلمىي نۇجۇم قاتارلىق بىلىملەرنى ئىخلاس بىلەن ئۆگەنگەن.

شائىر 16 يېشىدا قولىغا قەلەم ئېلىپ ئەدەبىي ئىجادىيەتنى باشلايدۇ. شەرق كىلاسسىك شائىرلىرى شەيخ سەئىدىنىڭ «بوستان»، «گۈلىستان» ناملىق ئەسەرلىرى، ناۋائىينىڭ «چاردىۋان»، «خەمسە» ناملىق زور ھەجىملىك ئەسەرلىرى، فۇزۇلىنىڭ ۋە ھۇۋەيدا، زەلىلى قاتارلىق كلاسسىكلارنىڭ ئەسەرلىرىنى پۇختا ئۆگىنىدۇ. بۇ ئارقىلىق ئۆز ئىجادىي تالانتى ئۈچۈن ئاساس يارىتىدۇ. شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىدىن ئۈلگە، نەمۇنىلەرنى خاتىرىلەيدۇ. بۇ ئۈلگە ۋە نەمۇنىلەر شائىرنىڭ شېئىرلار توپلىمىنىڭ ئارىسىدا ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلگەن. ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىدىن ئۆز ئىجادىيىتى ئۈچۈن ۋەزىن، شەكىل، تېما، ئۇسلۇب، تىل رەڭدارلىقى جەھەتتە ئوزۇق ئالىدۇ.

1933-يىلى سادىق ھاجى باي ناھىيىسىگە ھاكىم بولغاندا ئۇنىڭ قېشىدا بىر يىل باش كاتىپ بولۇپ تۇرىدۇ. ناسىربەگ

كۆچارغا ھاكىم بولىغاندا، (يەنى 1936 — 1937-يىللىرى) ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتە باش كاتىپلىق ۋەزىپە بېرىلگەن بولسىمۇ شائىر قوبۇل قىلمايدۇ. شائىر مۇشۇ جەرياندا شېئىرىي ئىجادىيە-تىنى تېخىمۇ گۈللەندۈرىدۇ. شائىر قارى بائىزى يالغۇز شەرق كلاسسىك شائىرلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى ئىخلاس بىلەن ئۆگىنىپ ئۆز ئىجادىيىتىنىڭ تېخىمۇ مۇپەسسەل بولۇشىغا ئەجر سىڭدۈرۈپلا قالماستىن، «تارىخىي رەۋزەتوسساپا»، «تارىخىي ئەزىزان»، «تارىخىي بۇلغار»، «شەجەرەئى تۈرك»، «تارىخىي ھەمىدى»، «تارىخىي رەشىدى» ناملىق تارىخنامىلارنى ئۆگەنگەن ۋە خاتىرىلەر قالدۇرغان.

شائىر قارى بائىزى ئۆزىنىڭ بىلىمى، ئىقتىدارى، يۇرت ئىچىدىكى يۈكسەك ئابرويى، بىر قاتار مەسىلىلەردىكى ئادالەتپەر-ۋەر، خەلقپەرۋەر كەسكىن مەيدانى، پوزىتسىيىسى ئارقىلىق ئە-لىم ئەھلى، ھاكىمىيەت ئەھلى، ئاۋام خەلق ئارىسىدا زور تەسىر قوزغىغان. شۇنىڭ بىلەن شىڭ شىسەي ئۇنىڭ تەسىر كۈچىنىڭ زورلىقىدىن ئېھتىيات قىلىپ، 1938-يىلى ئۇنى تۇتقۇن قىلىپ ئۈرۈمچىگە ئېلىپ كەتكەنىدى. بۇ چاغدا شائىر 55 ياش بولۇپ، قاچان، قانداق ئۆلتۈرۈلگەنلىك ھەققىدە ئىز-دېرەك بولمىدى.

شائىر قارى بائىزىنىڭ «دىۋان بائىزى» ناملىق قولىيازما ئەسىرى جەمئىي 250 بەت، 24 خىل تېمىدىكى غەزەل، قەسىدە، ساتىرا، رۇبائى، مۇئەمما، شېئىرىي داستان قاتارلىق 283 كۇپلېت 600 مىسرادىن ئارتۇق شېئىرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇنىڭ شېئىرلىرى تېماتىك مەزمۇنىنىڭ كەڭ ۋە چوڭقۇرلىقى،

شېئىرىي ھېسسىياتىنىڭ قايناق ۋە بايلىقى، تىلىنىڭ نەپىس، ئوبرازلىقلىقى، ئوي-پىكرىنىڭ پىشقانلىقى، رېئاللىقتىكى ھەرخىل ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنى تىپلاشتۇرۇپ ئەكس ئەتتۇرۇپ بېرىش جەھەتتىن ئالغاندا شائىرنىڭ شېئىرلىرى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى بىر نەمۇنە بولۇپ، 30-يىللار ئۇيغۇر ئەدەبىيات خەزىنىسىدىكى بىر چوڭ بايلىقتۇر. شۇنداقلا 30-يىللاردىكى ئۇيغۇر تىل-ئەدەبىياتىنى تەتقىق قىلىشتا بىزنى مول ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەيدىغان مۇھىم ئەسەردۇر.

# پۇل

يارەب غەزنەڭ ئىچرە باردۇر ئەجەپ تولا پۇل،
ھەرقانچە بەرسەڭ ئاندىن كەم بولمىغاي ساڭا پۇل.
دۇنيانى سەن ياراتتىڭ مەخلۇق ئۈچۈن ئېنىقكى،
سەن ھەممىدىن مۇنەززە، دەركار ئەمەس ساڭا پۇل.
قۇرئان ئىچىدە كۆردۈم: ناگاھ «كۇلۇ ۋە شىر بۇ» ،
«لاتۇسرەفو»نى كۆرمەي، ئىلكىمىز يوق، جۇدا پۇل.
مەسچىت-خانىقادا غەۋغا، بازار-كوچىلاردا سوۋدا،
بۇ يەردە مۇددىئا پۇل، ئۇ يەردە «رەببانا» پۇل.
بىر پۇل ئەگەر بولمىسا مەسچىت ئىچى قاراڭغۇ،
مەكروھ شامۇ خۇپتەن دەركار ئىكەن راسا پۇل.
سەيىد شىرىپ ئەرەبنى ئايرىپ ئۇلۇغ ھەرەمدىن،
خار ئەيلىبان ئۇلارنى كۆپ قىلدى بىناۋا پۇل.
نەپسى پولو-گۆشنى دەر، بەرزەن تاتلىق يېيىش دەر،
خوتۇن ئىگىن كىيىش دەر، يېتىشمەيدۇ ئەسلا پۇل.
بەش-ئالتە يامبۇ بولسا ئۇنىڭ ئېتى «باي» بولار،
كىمدە بولسا ديانەت ئۇنى قىلۇر گادا پۇل.

# كۆرۈڭلار! ...

كۆرۈڭلار! ئەھلى دوستى يارانلار،
نېمە بولماقتا؟ ئۇشبۇ دەۋرانلار.

ھەر كۈنى رەڭمۇرەڭ ئالامەتلار،
بەلگۈرۈپ، ياغدى بەرقى ئاپەتلەر.

ئۆمىرالاردە ئەدلى يوق زىنھار،
ئۆلىما ئىلمىنى پۇلغا ساتار.

بولسا ھەر يەردە تەلۋە ئوك بولدى،
ئاقىلۇ پازىل ئاتى توك بولدى.

ئەھلى سالىھنى ئىزدىمەيدۇ ئەل...
ئەھلى دانىشنى تەلۋە دەيدۇ ئەل...

راستچىلار بۇ زاماندا يالغانچى،
تاپتى قۇۋۋەت بۇگۈندە ئالۋانچى.

كۆكچىلار خانىنىڭ ئوغلى مەن دەيدۇ،
كەمبەغەلنى ئۇرۇپ سۇ بەرمەيدۇ.

كۇن ئېلىش بىزگە تەس، يامان بولدى،
كەمبەغەللەرگە نەس زامان بولدى.

بايلار باي بولدى، كۇن ساناپ ئۆرلەپ،
كەمبەغەل قالدى لىۋىنى چىشلەپ.

بىناۋالار مىھرى-شەپقەت يوق،
توغرا يول كۆرسىتىدىغان بىرمەرت يوق.

بارچە ئاخۇنۇم ھۆكۈمەتنى،
ئەگىشىپ ئەيتىدۇ شەرىئەتنى.

ھەقنى ھەق دېسىمۇ دىيالايدۇ،
ئۆمىرالار ئۇنى جازالايدۇ.

تالىبۇل ئالىمگە ھاقارەتلەر،
يەتكۈزەر ھەم ئىزا-ئاھانەتلەر.

بايۇبەگ مەيلىچە ھۆكۈم سۈرىدۇ،
ئۆلىما سۆزلىمەي شۈك ئولتۇرىدۇ.

موللالار سۆرۈندە ئورۇن تالىشىپ،
«تۈرۈك»لار يۇقىرى ئۆتەر چىپىشىپ.

هەر كىشى مەرىپەت بايان قىلسا،
شەرىئىنىڭ سۆزىنى ئايان قىلسا.

بەگۇئاخۇنۇم تالايدۇ ئۇنى،
بوغۇلدى بۇ يۇرتتا ھەقىقەت ئۈنى.

مەرىپەت بولدى خار، نادان مەرغۇپ،
تۇغۇلدى، ئەمىكى ئىش شۇڭا بەك كۆپ.

«قادىرا...» سەن ئۆزەڭ تۈزەتكەيسەن،
يۇرتتا ھەق مەشئىلىدىن يورۇتقايسەن.



# شىكايەت

ئاجايىپ بولدىلار ئاخىر زامانە،
يامانلارغا تولا بولدى باھانە.

ئەجەب «بىدئەت» كۆپەيدى ئۇشبۇ يۇرتتا،
قاباھەت ئىچكى ھەسرەت ھەر مىنۇتتا.

ئۈمىد بىرلەن بۇ تەكلىپ ئەلۇ يۇرتتىن،
كۇچاردا ھاجى تۇڭلىك ھەزرىتىمدىن.

تەلەپ: تۈرلۈك يامان ئىشلار توسۇلسا...
خالايىق، ئەھلى يۇرتنىڭ كۆڭلى تىنسا...

كۆپەيدى ئوغرى، ئەلنى قىلدى تاراج،
ھىسابسىز كىشىلەر قالدى يالىڭاچ.

قىمارغا تولدى رەستە سىيادا تاۋكا،
ئېچىپ مەيدان، چېكىپ بەڭ، بولدى كالۋا.

شەھەرگە تولدى لۈكچەك، ئەلنى ئۇردى،
تۆمۈر مۇشتى بىلەن بوزەكنى ئەزدى.

تۆكۈپ قان، ئۆلتۈرۈپ بىر-بىرلىرىنى،
تىقىپ بەگكە پارا، ئاقلار يۈزىنى.

مازارۇ خانىقا ھەم تىنچ ئەمەستۇر،
ساۋاپلىق جايدىمۇ جەڭگى-جىدەلدۇر.

كۆپەيدى بىرگە ئون، سەيسى-بۇ ئالۋان،
غېرىپ يوقسۇل بولۇپ قالدۇق-يېرىم جان.

تېگىپ قاتتىق كېسەل، يۇرت قالدى خەۋپتە،
قىرىلدى چارۋا مال، جۇدونى-جۇتتە.

ئىگىسىز قالدى ھالا يۇرت جامائەت،
نە ئىشلەيدۇ ھۆكۈمەت، بۇ شەرىئەت.

غېرىپلارنىڭ سوغۇقتا قاتتى باشى،
ئوتۇن يوق، خەرجى يوق، يېمەككە ئاشى.

خەلقنىڭ يوقمۇدۇ پۇشتى پاناھى،
بېشىغا سايىبان بىر دادى-خاھى.

ئۇلۇغ ھاجى ھەرەم يۇرتنىڭ چوڭى سىز،
ئۈمىتتە كۆز تىكىپ ئەرزنى يېزىپمىز.

رەھىم قىلىپ يۇرت بېشىنى سىلىغايلا …
يامان ئىشنى تۇساپ ھەم ئوڭشىغايلا …

(ھىجىرىيە 1331-يىل بارات
ئېيىنىڭ 16-كۈنى يېزىلغان.)



يۇسۇفلاردىن ئاگا بولسا ناۋا ساز ئۇلغىلى،
چۇن غىزايى روھدۇر، گەر تاپسا لەززەت خۇشكۇار.
ھەم شكەرلەب نازىنىندىن بولسا ئاندا نەچچىسى،
تولغۇنۇپ رەقس ئەيلىبان، غەمزە بىلەن قىلسا نەزار.
ئاق كۆمۈشتەك تەنلىرى كۆز كۆرسە ئىستىغنانى كىم،
مەن كەبى يۈز نەچچە ئاشىق ئەيلىگەي جانىن نىسار.
يار بولسۇن-بولمىسۇن ئەغيار بۇ مەجلىستە كىم،
شات ئىتەرمىز دوستلارنى، ئەيلىبان دۈشمەننى خار.
سۆھبەتى ياران غەنىمەتتۇر بۇ پانى دەھر ئارا،
ئەھلى دانىش تەرك سۆھبەت ئەيلىمەس لەيلۇ ناھار.

(ھىجرىيە 1336-يىل)



# قارلىق

ھەمدۇ سانايى بىئەدەت ئۇل خالىقى پەرۋەردىگار،
رەھمەت بىلەن قار ياغدۇرۇپ، پەزلىنى قىلدى ئاشكار.
خەللاق ئالەم قۇدرىتى ياز بولسا يامغۇر ياغدۇرۇپ،
يەر كۆك دەرەخلەر كۆكلەتىپ، چۆللەرنى قىلدى نەۋباھار.
قىش بولسا ئالەم چۆل بولۇر، يەر كۆك زىمىستان مۇز بولۇر،
چۆللەرنى بوستان قىلغىلى قادىر ئىگەم ياغدۇردى قار.
قىش بولسا ئالەم خەلقىگە رەسمى بولۇپتۇر قائىدە،
بىر يەرگە قارلىق تاشلىماق ئادەت قەدىمدىن بارى-بار.
بىز تاشلىدۇق يارلىق يېزىپ، بەزم ئەيلىسەك ئىززەت قىلىپ،
دۇشمەنلەر مىڭ ھەسرەت قىلىپ، قان يىغلاغايلار زار-زار.
پەسلى زىمىستان ۋاقتىدا بەزم ئەيلىسەك دەپ ئارزۇ،
غەم-غۇسسەنى دەفئى ئەتكىلى ھەم دوستىغا قارلىق يازار.
غەم قىلماغىل ئامادەدىن جابدۇق ھەمدە تەييار ئېرۇر،
مىڭ شۇكرى ئالەم توقچۇلۇق ئاش-نان دېگەن كەڭ-كەڭرى بار.
قوتاندا قوي، تاغاردا ئۇن، ساندۇقتا پۇل، خىزمەتتە قۇل،
لازىملىغىدۇر يەل-يېمىش، قەندۇ شىكەر بازاردا بار.
چەينەكتە چاي، پەتنۇستا نان، زىختە كاۋاب، خۇاندا گېزەك،
شىكەر توغاچ، تاكىبۇ بولار، ھەم راسلىنىپ تۇرسۇن قاتار.
تاۋۇز، قوغۇن، ئالما، ئانار، ئەنجۇر بىلەن ھەم نەشپۈتى،
بادام، ئۈزۈم، پىستە، مېغىز، ھەرقايسىدىن توققۇز تاغار.

گەر نەغمىچى لازىم دېسە ئەسبابەلار ھازىر تۇرۇر،
قالۇن، سەتار، تەمبۇر، غىجەك، سوناي، راۋاب ھەم داپ، دۇتار.
مەجلىسگە زىننەت بەرگىلى بىر دىلبەرى رەئنا كېرەك،
شوخلۇق قىلىپ ھۇش ئالغۇدەك، بەزم ئەھلىدىن بى ئىختىيار.
ساقى بولۇپ مەجلىس ئارا، مەي تۇتسا ئول نازۇك بەدەن،
رەقس ئەيلىبان بەزم ئەھلىنى ھەردەم قىلساق بىقارار.
مەقسەت يېمەك-ئىچمەك ئەمەس، ئەسلى مۇھەببەتنىڭ ئىشى،
دىلدا مۇھەببەت بولمىسا، بۇ تەن دېگەن نە ئېتىبار.
بەزم ئەيلىمەك كەلسە ئېغىر ھەم بار ئاڭا قىلماق ئىلاج،
پەم ئەيلىبان ھازىر بولۇپ، بارغان كىشىنى چىك تۇتار.
بۇ نامەسىنى تۇتتۇرۇپ، ياندۇرسە ئۆيگە ئوختۇرۇپ،
روخسارىسگە رەڭ بېرىپ، پەدەز قىلىپ مىسلى ئانار.
ئىشنى ھەرگىز قىلماغاي ئالى كەرەم بولسا كىشى،
ئىززەت قىلىپ «قاسىد»نى ھەم بەزم ئەيلىگەي بى ئىختىيار.

(ساھىبى راقىم-بائىز قارىم)



# تەبرىك

ئوقۇپ خىتايچە ئىلمنى كۇچاردىن ئاچىلىپ بىرگۈل،
نىزامۇ قائىدە قالماي، زاكونلار بابىدا بۇلبۇل.

ئوقۇش بارلىق ئىلىملارنى خۇدانىڭ بۇيرىغان پەرزى،
بۇ پەرىزلارنى ئادا قىلماق مۇسۇلمان ئەھلىنىڭ قەرزى.

خىتايچە، ئەنگلىز، رۇسچە، ياپۇن، يۇنانچە ئۆگەنمەك،
موھىمدۇر تىل، يازۇسى، ھۆنىرى ئىلمنى بىز بىلمەك.

پەيغەمبەر: «كىمدە بولسا، نەدە بولسا ئىزدىنىپ ئۆگەن»
دېگەن: ئىجرا قىلىش، ئىممەتلەرگە پەرىز تۇرۇر جەزمەن.

بۇ ئىبراھىم بىگىم ئوقۇپ نەتىجە قازىنىپ كەلدى،
ئىلمىنىڭ خاسىيەت تۇرلۇك ھالاۋەتلىرىنى كۆردى.

بېرىپتۇر ھەقتائالى ئىلمى ئۇچۇن تۈگىمەس دۇنيا،
قىلۇر ئىززەت بىلەن ھۆرمەت، نە ئامبالۇ، نە دالۇيا.

بېرىلسە يىلدا ئون يامبۇ، دېمەك تۇرمۇش باياشاتتۇر،
مۇبارەك ... بەگكە كەلگەن بۇ ئۇلۇغ دۆلەت سائادەتتۇر.

ئاساسى مەنبىئى «زوڭيە» قوشۇلۇپ يا نازۇك «لوش»،
بولالماس ھەر كىشى بولاي دېگەنگە بولماسا ھۇش.

ئۇقۇپ «ئەللامە» بولدى دەپ ئىشتىكەندۇر بۇنى جۇڭتاك،
بۇنى ئاڭلاپ كۇچاردا ھەممە ئادەم قالدىلار ھاڭ-تاڭ.



# ئەسلەش

كۆڭۈلگە ئارزۇ بولدى كۆرۈشمەك،
نىچۇك نەيلەيكى مۇشكۇلدۇر يۇرۇشمەك.

يۇرەكنى ھەرزامان ئۆرتەر پىراقى،
ئەجەپ مۇشكۇل ئىكەن يولنىڭ يىراقى.

ئۆمۇر بەرسە خۇدا ئاخىر كۆرەرمىز،
دۇئايى خەمسەدە كۆپ ياد ئېتەرمىز.



# ھەزل

سۇبھى دەم بولدى مۇئەززىن «ھەي!» دېدى،
يار ئەيدى «ساقى كەلتۈر مەي!» دېدى.

شۇل زامان سۇندۇم قولۇم يار بوينىغا،
يار تەبەسسۇم قىپ مېنى «ھەي-ھەي!» دېدى.



# سادا قىلدى

يېغىپ بارانى رەھمەت، بارچە ئەلنى بىناۋا قىلدى،
گادانى شاھقە بالايۇپەسنى بىرىيا قىلدى.

نە تەنھا بۇ سىتەم بىزگە ئەمەس تاغۇ دەرەخلەر ھەم،
نېتەيكى دوستلار، رەھمەت يېغىب بىزگە داۋا قىلدى.

سوغۇقنىڭ شىددەتىدىن بارچە ئەللەر پىر بولدىلا،
قارا ساچىم ئاقارىپ بۇ ئېغىز «ھۇ–ھۇ» سادا قىلدى.



# بېغىشلىما

پۇتتۇرگە سەدىپنى ئەزم ئەيلەنىلدى،
ئانى پەرزەنت ئۇچۇن نەزم ئەيلەنىلدى.

ئاگا يارەب يىتۇر لوتپى ئىنايەت،
كىرەم قىلغىل بەسى رۇشدى ھىدايەت.

بولۇپ خوشنۇد رازى بارچە تالىپ،
كى ئالغاي بەھرى ئاندىن كۆڭلى قانىپ.



# مەدھىيە

خۇداغا شۈكرى بۇ يۇرتتا ئەجەپ بەركەت نەما بولدى،
بۇ خاتىرجەملىك-دىيانەت، ئەركىدىن خەلقىم رىزا بولدى.
دىيارىم ئىچرە ھەر ئادەم ئۆزۈن ئۆمرى تىلەر ئالقاب،
ئۆزىنىڭ ياخشى ئىقبالى خەلققە باش پانا بولدى.
كوچاردا نەچچە خىل ئالۋان-ياساقلار مەنئى بولدىلار،
بۇ ئىشلار يۇرتقا كۆيگەن چوڭ شاپائەتتىن بەنا بولدى.
بار ئىردى شەھرۇ سەھرادا، يامانلار ھەر ئەمەلداردىن،
ئەدەب بەردى يامانغا، كەمبەغەللەرگە ئاتا بولدى.
خۇسۇسەن يوقۇتۇلغاچ زولمگەر-زايت قاۋان قاتىل،
كوچار خەلقى يىگىۋاشتىن يۇرۇغلۇققا چىقار بولدى.
كوچاردا قانچە يىللاردىن بۇ بەگلەر بەك جاپا سالغان،
رەئىيەت بولدى خاتىرجەم، بۇ يۇرتمۇ كەڭ-تاشا بولدى.
كوچاردا يىگىلىقلارنى زوھۇرغا كەلتۈرۈپ پات-پات،
تەرەققىياتقا يول باشلاپ خەلققە رەھىنا بولدى.
نىزام مەكتەپ ئىچىلدى ئۈلگە بوپ «شويى»نى بەردى،
رەۋناق تاپقاچ پۈتۈن ئىلمى قۇياشتەك نۇر ساچار بولدى.
ياساتتى شەھرى سايگە تۈبرۈكى يوق قۇۋما بىر كۆۋرۈك،
ئىككى قاسناق دۇكاندا كىچەيۇ كۈندۈز بازار بولدى.
بۇ سايغا ھەر يىلى ئادەت، كېلىپ كەلكۈن خاراپ ئەتمەك،
شەھەرنى سۇ بېسىپ تارىختا، سانسىز جان ئادا بولدى.

ھورۇن باغدىن سېلىنغان دەل-دەرەخ، سايۋاغقا يەتكۈنچە،
سۇ ئاپەتكە مۇداپىئە، شەرگە زىننەت، ساپ ھاۋا بولدى.
ئۆزى ھاجى ھەرەم، كۆپ ئەلنى كۆرگەن پىكىرلىك دانا،
ساقاغۇ باشىدىن كارىزنى كاۋلاپ سۇ چىقار بولدى.
شېغىل تاشلىق قاقاس چۆلگە، ياساپ جەننەت كەبى باغنى،
كارىز ناملىق گۈزەل بازار، كۇچار خانىدا بەنا بولدى.
ياسالدى خانىقا، مەدرىس، مەكتەپ، زەپ ئەجەپ كۆركەم،
ھۈنەرۋەنلەر يىغىلدى، بولدى ئاۋات چوڭ بازار بولدى.
بۇلۇقلاپ چىقتى كارىزنىڭ سۈيى ئۆركەشلىنىپ ئاقتى،
بازارۇ باغىنى ئاشقانى ساقاغۇلۇق تۇتا بولدى.
بۇ كارىزنىڭ سۈيىدە چۆرۈلۈپ ھەم ئىككى تاش تۈگمەن،
قىشىن-ياز ئەلگە ئۇن تارتىپ كىشىنى خوش قىلار بولدى.
چىرىكلارنى بىكار باقماي، ئىچىپ بوز يەر، تېرىپ ئاشلىق،
ئۈگەن دەرياسىدىن چاپقان چىرىك ئۆستەڭ بەنا بولدى.
بۇ قىلغان ئىشلىرى ئەھلى كۇچارغا تۆھپەدۇر بىلسەڭ،
خەلقلارگە كۇشايىش، يۇرتقا زىننەت، يادىكار بولدى.

(مىلادىيە 1921-يىل يېزىلدى)

# رۇبائىيلار

1

شەھەر يولىدا كۆردۈم بىر پەرىۋەش ماھى رۇخسارى،
ئۆزى ئات ئۈستىدە كەينىدە بار ئېردى جۇلۇ دارى.
ئىگىپ تالدەك بۇ قەددىمنى سالام قىلدىم دېدى: «ھارماڭ»،
دېدىم: «دەۋلەت زىيادە بولسۇن سىزلەرگە خۇدا يارى ...».

2

يېتىپمەن شەمئى رۇخسارىڭگە ھەردەم يارنى كۆرگەيمەن،
ئۆزەمنى يۈز قاتار پەرۋانىدەك سەندىن ئۆيۈرگەيمەن.
يولىدا خار، خەس كۆرسەم ئاڭا كۆز ياشلىرىم ساچىپ،
قويۇپ يەرگە يۈزۈمنى كىرپىكىم بىلەن سۈپۈرگەيمەن.

3

كۆڭلى يېقىنلار بولسا، ئۆزى يىراقتا بولسا،
يىراق دېمەس ھېچكىم شامۇ ئىراقتا بولسا.
كۆڭلى يىراقكى بولسا، ئۆزى يېقىندا بولسا،
يېقىن دېمەس ھېچكىم قاشۇ قاپاقتا بولسا.

4

هاياتلا بولسا كشى يېيىشكه نان تېپىلۇر،
بهۇده قىلسا ئەمەل، ئۆمۉرنى خازان قىلۇر.
ئۆزەڭگە پايدىنى كۆزلەپ، كىشگه سالما زىيان،
ئورنى كىمكى قازسا، ئاۋال ئۆزى يىقىلۇر.

5

ئايا ئادەم تەپەككۇر قىل ئۆزەڭگە: «مەن نېچۉك جانمەن؟»،
ئەگەر جەمشىت ئېرۇر سەن، بۇ جاھانغا يا سۇلايمانسەن.
مىنىپ دۇلدۇلنى سەيرئەت، تۇغ كۆتەر، باشىڭغا تاج كەيگىل،
ئۆلۉمنىڭ دەستىدىن ئاخىر، قارا يەر بىرلە يەكسانسەن.

# پارچە

ئۆلۈمنى نە سەبەبدىن ئادىمگە ئاشنا قىلدىڭ،
ئۆلۈمنىڭ تىغى بىرلە پارچە مەخلۇقنى يارا قىلدىڭ.

قۇتۇلماسسەن قىچىپ تۈن-كۈن، ئۆلۈمدىن باغۇ بوستانغا،
ئەگەر بۇ سۆزدە شەك بولسا، ساياھەت قىل گۇرۇستانغا.



# مۇئەممالار

1

ئەژدەرى كۆردۈمكى باشىدا ئاناسىر شاخى بار،
ھەربىر شاخىدا كىم ئۈچ قىز تۇرۇر، ئەپسۇن شۇئار.
تېخى ھەربىر قىزغا ئوتتۇز نەۋجىۋان ۋابىستە بۇر،
ھەربىرى باشىگە بەشتىن گۇل قىسىپ بولمىش باھار؟

——جاۋاب (يىل، تۆت پەسىل، ھەر پەسىل
ئۈچ ئاي، بىر ئاي 30 كۈن)

2

ئول نەدۇركى قۇدرىتى پەرۋەردىگار،
بىر قەدەھتە ئىككى تۈرلۈك سۈيى بار.
ئول سۈيىكى ئوتقا كىرسە مۇز بولۇر،
بارچە مۇزلار ئوتقا كىرسە سۇ بولۇر؟

—— جاۋاب (تۇخۇم)

3

ئول نېمەدۇر بىر ھاپىزى نەغمىگەر،
نەغمىدىن بولغۇسى خۇنى جىگەر؛
باشى سەكسەندۇر ئۇنىڭ يۈز بىرى پۇتى،
نەغمە ئەيلەر چەشمىلەردە سەربەسەر؟

—— جاۋاب (پاقا)

4

نېمەدۇر ئول بىر ياغاشكى خەر ئانى سەھرادا يەر،
تۆشسە شاھنىڭ ئىلكىگە، مۈلكى ئىسكەندەرنى يەر؛
يېمىگى قارا نىمە، ماڭمىغى ئاق يولدا دۇر،
قالسا ماڭماقتىن تۇرۇپ، باشىگە خەنجەرنى يەر؟

—— جاۋاب (قۇمۇش)

5

تەگدىن ئەلچى كېلىپدۇر سانى يوق،
ئەلچىنىڭ مىنگەن ئېتىنىڭ جانى يوق.
ئەلچىگە تۆشكۆن بىرىپتۇ ئىككى قوي،
گۆشتى-بارۇ، پوستى بار، ئۇسقانى يوق.

—— جاۋاب (بوۋاق)

6

بىر قۇش كۆردۇم يوق ئانىڭ پەرۇ قاناتى، ئايىغى،
تۇغمى نەسلى يوق ئىكەن، ياكى ئاتاسى، ئانىسى.
ئاسماندىمۇ ئۇچمايدۇ، زىمىندىمۇ يۈرمەيدۇ،
يېمگى ئادەم گۆشى، ئاندىن بۆلەك يوق ئوزىغى؟

—— جاۋاب (غەم)

7

ئادىمگە لازىم ئېرۇر يازۇ-قىش،
بېشى بىردۇر، بىلى ئالتە، قويرىقى تۆت يۈز ئىمىش؟

—— جاۋاب (ئوت)



# يەكەن ساداسى

## (مۇستەهزاد)

ھەمدە ئەيلىگەيسەن بولسا نەچچە تىلىڭ بار،
قىل نەچچە تالا_لا،
مۇقبۇل ئىگەر ئەيلىسىلار جارى قىلىڭ بار،
تەكرىمۇ_تائالا،
«لاھەۋلە ۋەلاقۇۋۋەتە ئىللا بىللا»
ئانىڭ شەنىگە مۇۋاپىق،
«ئەلىيۇل ئەزىم» زاتىڭ ئېرۇر ھەركىم ئوقۇڭ بار،
ھاجەتكە ئەلەيھا.
ئاسماننى ستونسىزۇ تاناپسىز ياراتىپدۇر،
قۇدرەتلىرى بىرلەن،
ھەم يەرنى مۇتەببەق يارىتىپ. خەلق قىلىڭ بار،
رەھمانى_رەھما.
ئۆز نۇر تەجەللى جۇزئىدىن نۇرى مۇھەممەدنى،
مەۋجۇت قىلىپدۇر،
ئاشكارا قىلاي دەپ ئۆزىنى جىلۋە قىلىڭ بار،
ئۇلقادىرى دانا.
ئادەمنى سۇبلىغا ياراتماقغە غەرەز بار،

ئەۋۋەل ئاتا ئەيلەب،
بۇ، «رۇمزە–رەمۇزە» قۇدرىتىدىن نەۋرە قىلىك بار،
ئادەم بىلەن ھەۋۋا.
ئول بىرىن «كىلمىم» دەپ ئاڭا بەردى ھاسانى،
ئەيلاب ئاڭا ھەربە،
بىر قولىرىنى مۆئجىزە قوينىغا تىقىك بار،
بولدى «يىدە بەيزا».
جان بەخش قىلىپ ھىچ ئاتادىن تۇغمىدى مەريەم،
بۇ ۋەزئى ئىلاھى،
ئەپناسى بىلەن مۇردىلەرگە روھ كىرىك بار،
ئات قويدى مۇسھا.
ئول سەرىرى ئالەمگە «مۇھەممەد قويۇبان ئات»،
دەپ ئانى ھەبىبىم،
ئۇممەت قىلىبان بەندىلىرىن ئاڭا بېرىك بار،
ئاسىغا–تەببا.
ئەسھابلارنىڭ بارچەسىدىن موھسپ ئەيلاپ زور،
يار–مۇقەررەب،
ئەسرار نەبۇۋۋەتكە ھەم ئەسرار قىلىك بار،
ھەم سىرتقا ئەخفا.
ئەسرارى ھىدايەتكە قىلىپ مەھرىمى ئەسدار،
تۆرت زاتى شىرىپنى،
ئەبۇبەكرى، ئۆمەر، ئوسمان، ئېلى بار
ھەربىرلىرى ئەئلا.

ھەربىرلىرىنىڭ خىسلەتىنى ئەيلايىن ئەئلان،
قۇربەتلىرى بىسيار،
ئەۋۋەلقىسى سىدىق، ئۆمەر ئەدىل قىلىڭ بار،
ئاسماندا ھايا با.
تۆرتىنچى ئېلى بۇ ئەسخادۇر كەرىمۇللا،
دامادى رۇسۇل ئول،
شاھزادە گۇنايىنلەرگە داداگزا بولۇڭ بار،
جۇپتى پاتىمە زوھرا.
ھەمدە ئەيلىدىمۇ نەقىب ئەيلاب ئاندىن،
كېيىن ئازەرگە،
تەقدىر قىلاي سەرۋەرى ئالەم كېلىڭ بار،
سۆز نوقتىسى توغرا.
بەقشەندە قىلىپ بەردى ئاگا ئىككى جەھاننى،
دوستۇمغا ماكان دەپ،
بۇ ئىككى جەھانىنىڭ ئەھلى بىر يوللۇق ئولۇڭ بار،
بۇ سۆزگە ئامەننا.
ئەل باقى جەھانغا جۇغلىماقى ھەقدۇر،
بۇ فانى جەھاندىن،
نەفرەت قىلىبان سالىپ ئېيتىپ تاشلاۋېتىڭ بار،
ئول ئەھمىدى ئەنقا.
جەننەتكە سازاۋەر قىلىپ ئەھلى سەئىدنى،
مەھشەر كۈنى ئىلقاب،
ئىمانى چىراغى قولدىغۇچى سەيرى قىلىڭ بار،

جەننەتنى تاماشا.
بەشكۈنلۈك ئېرۇر كونا جەھان، كونا راباتدۇر،
بولماڭ بۇڭا مەغرۇر،
مىڭ جىلۋە قىلىپ غەمزە بىلەن جاننى ئېلىڭ بار،
زولابى جەنانا.
ئى لولى جەھان كۈندە يۈز مىڭ ئەرگە تېگىڭ بار،
قىلماي ماڭا پەرۋا،
نەچچە ئەرنى يىغلىتىبان، نەچچە ئەرنى كۆلدۈرۈڭ بار،
يۈزى قارا رەسۋا.
پەرق ئەيلەمەيىن ياخشى بىلەن ئەسلى يامانغا،
بۇ نېمە يۇسۇندۇر،
بەد ئەسلى خەسىسلارنى تېپىپ «بەگلەر» قىلىڭ بار،
چېلىپ ئاڭا فىغا.
يۈز غەمزە فوسۇن جادۇ، شاللاق،
ئى مكرئىسى غەمماز،
كۆپ ھىلە-نەيرەڭ، دام بىلەن كۆڭۈل قويۇپ ئېلىڭ بار،
لومودەئى شوخا.
ناجى بۇلالىڭ دەپ ساڭامەن نەچچە دېدىم،
كىمدە دەرسەن «يابۇ»،
مۇزلاپ ماڭا سەن مىھرى ئىلە تولا ئېرىڭ بار،
بۇئىشلە نېمىشقا؟
ياشلىقتا ماڭا تەگسەڭ ئىدىڭ ئىلدام ئالۇر ئىدىم،
بۇ ۋاقتا سافا يوق،

ئالمايمۇ سىنى ئىككىلىمىز تولا قىلىك بار
كۆكشىن ئابۇشقا.
قوۋۋەت باردا مەن ئالمەن دەپ يۇگۈرۈپ مەن،
ۋەسلىگە يېتەلمەي،
ياشلىقتا ھەسەل يەگىلىغ ئىدىك، زەھىرىك بار ئەمدى،
تۇرۇك نەشتەر ئۇرۇشقا.
ئاجىزۇ، غېرىبلارگە جەۋرى جەپا ئەيلەب،
ھىچ رەھمە قىلىك يوق،
زالىم بىلەن بەتكارلارگە مەي تۇتۇپ كۆز سېلىك بار،
بۇ تۇرپە ئالا_لا.
كىملەرگە ۋەفا قىلدى زەمان، ئەھلى بىلىك يوق،
جەد مىھرى ۋافاسىز،
بوزەكنى تېپىپ ھەر كېچە قوينىدا يېتىك بار،
شەرمەندەئى يەكتا.
مەزكۇر قىلاي تارىختا كۆپ ئەرلەرنى جەھانغا،
قىلدىلار سۇلتان،
جەمشىد، فەرىدۇن، ھەرجەگىنى ئېلىك بار،
ئىسكەندىرى دارا.
قىلمايدۇ ۋەفا، ھىچ يىرىگە يېتۇشمىدى،
كۆز ئىچى سۇلايدۇ،
ئىقلىم ئىگەر خان بىلەن خاقانغا تېگىك بار،
يۆتكەب بىباراقا.
يەكەن تەبەسى بولىبان خانغا تەئەللۇق،

بەردى مرزاھوُدى بەگكە،
بەيلى ھاكىم ئىدى يۇرتقا كۆپ ئەدلى قىلىك بار،
ئەھلى ئىلىم ئاماندا.
ئاندىن قىلىبان بەيسە ھېكىم بەگ سىپتۇالدى،
ئادىللىغى مەشھۇر،
زالىمگە جازا بەرگۇچى رەئىيەتنى بېقىك بار،
ئول ھاكىمى دانا.
مىردابە بىلەن پۇل، تۇڭچى غوپۇر، ئابدۇشۇكۇرنى،
يوق قىلدى جەھاندىن،
زولمەندىلارنى تىنچ قىلىپ يەرگە كىرىك بار،
جەننەت ئاڭا مەئۋا.
ئاندىن قىلىبان ھەزرەتى ئاپاق بەگ ھاكىم بولدى،
يەكەن بولۇپ ئاۋات،
ئول ۋاقتىدا ئاتىسىز كىشىلەر ئاتقا مېنىك بار،
كەڭرۇدى دۇنيا.
ئاباد قىلىپ چۆل-باياۋاننى كۆكلاتىپ،
لەڭگەرلىرى مەشھۇر،
مەدرىسە، مەكتەپ، مەسچىت، دەرەخلەر يولغا سېلىك بار،
يوق ئەردى زۇلۇما.
ھەر يەردە ئىگەر دەشتىگە سۇ چىقماسا ناگاھ،
چېپىپ ئاڭا ئۆستەك،
يۇرت قىلماق ئۇچۇن چۆللەرنى ئاۋات قىلىك بار،
شاھىد ئاڭا شۇبا.

ئالۋانچى بۇ بەگ، موللا، قەلەندەر ئامان ئېردى،
قويغا بۆرى چاپماي،
خۇش ھاكىمى قۇۋۋەت بەركەت ئەمدى بىلىك بار،
ئانداق كىشى قايدا.
ئاندىن قېلىپان بەيسە ھېكىم بەگ ئولدى،
ئالتە ئاي كۆرۈبان ئۆمۈر،
سۇلتان ھۈسۈن مىرزا زوھورغا كەلدى قىلىك بار،
ئول قادىرى زىبا.
ئېھسان كىرەم جۇھ ساخاۋەت خەير قىلىك بار،
ھاتەم ئاڭا شاگىرت،
ھەر كىم تىلىسە ئۇي بىلەن ئات، تولا بېرىك بار،
ئاچى بىرلە يالاڭغا.
ئول كەتتى، ھاكىم بولىبان كەلدى يۇنۇس ۋاڭ،
خىتايغا ياسانچۇق،
ئالۋاننى تولا قىلدى، خۇشامەتنى قىلىك بار،
يۇرت بولدى جۇۋالغا.
لېكىن ئۇنىڭ ۋاقتىدا ئىلىم ئەھلىدە يوق رەنج،
ھەم موللا، قەلەندەر،
ئاشۇدە ئىدى غەلۋىلەردىن تىنچ يېتىك بار،
ئۆتكەندۇ تەمەننا.
كاشغەرگە كەلدى نوزۇل ئەيلىدى ۋاڭلىق،
دادىسىدىن مىراس قېلىپ ئېردى،
تۇرپان ئىلىمىن زولمى رەسىدە قۇتۇلۇك بار،

غەمدىن بالا ــ ۋاقا.

تا كەلدى كۆچاردىن بولۇبان ھاكىم مەمەت ھۇسەيىن بەگ،

مەنسەبلىرى بەيسە،

تا بولدى ھاكىم رەۋان، زەمان قەرز قىلىك بار،

پەس قىلغىلى غەۋغا.

پەرز ئەيلىدى كەشمىر، تىبەت، ھىندى، خىتايىن،

مەن ياخشى بۇلاي دەپ،

تاپتى ئوقبە نەفسى خىتايلار چوك ئىلىك بار،

تاپماي ئاگا ئارغا.

دەفئى ئەيلادىلار بەندە بىلەن تېشنى بۇ،

قىلغىنى رىيادۇر،

يۇرتتىن كۆتۈرۈپ بىدەچىلەر ئۆزى يىتىك بار،

قالدى تېشى دەريا.

فانى بولۇشنى بىلمىدى شۇنداق ئۆتمەن دەپ،

غەبلەتتە بولۇپ شاھ،

يىللاردىن داۋام زولمى بىلەن ياساك بار،

ئولسادده تەتەييا.

ھەر يەردە ئەگەر مەدرىسلار بولسا باھالاپ،

ساتماقنى چىقاردى.

ئول بولسا خۇدا فاگزى، بىرىپ يامبۇ ئىلىك بار،

ئەۋسەت ۋە ئەدنا.

سالتاك كىلىبان بەگلەر بولدى تاۋانگىر،

گاھ ــ گاھى سوقۇشتى،

بۇ پانى جەھان لولى زەمان، پانى بۇلۇك بار،
تا بولغىلى شەيدا.
ئەدلى بار ئىدى ئازغىنە لېكىن، ئىدى فاسىق،
ئىچمەكلىرى باقسۇم،
ئوينىشى قىمار، لولى بازلىق كۆچ ئېلىك بار،
خەلق ئىچى ھۇۋەيدا.
قەرزنى تۆگەتمەي كىربىان گۇمبەز ئىچىگە،
ئۆزى ئامان ئالدى،
قەرزنى قويۇپ كەتتى قېچىپ، گۆرگە كىرىك بار،
ئۆلمەك ھامانا.
ئەھۋالى تەبە بولغان ئىدى يەركەندىمىزنىڭ
بىچارىلىكىدە،
ئۆپكىسى تۆگەپ كارنىيى قالغاندا كېلىك بار،
بۇھاكىم-شاھا.
يەتكەندە خەۋەر خاھى چوڭ خاھى كىچىك، بولۇبان شاد،
كەلمىش دېدى خىزرى،
بەر ئەكەسى بولۇپ خاتىرى بىچارە بولۇك بار،
ھىچ بولمىدى پايدا.
كۆز تەگدى بۇ يەكەنگە مەگەر قالمىدى خوبلۇق،
يوق بولدى دىيانەت،
خا چوڭى كىچىكنىڭ ھەممىسى بىردەك كۆڭلى قېتىك بار،
ئۆز ھالىغا شەيدا.
ئاخۇنلار ئارا تۆت-بەش كىشى بار ئىلىمدا پازىل،

ياشىغا يېتىشكەن،
ئاندىن بۆلىكى ياش چۆجە ئاخۇن بولۇك بار،
ھەرقايسى بالاڭزا.
ئالىملار ئارا ھەلقۇمىدا شۇبھىسى بار،
كۆپدە بولمايدۇ ئىجاۋەت،
گەر قىلسا دۇئا ۋاقتى سەھەر دەۋرىدە ئوقۇك بار،
ھىچ بولمىدى پايدا.
ئىلمىدە كەم ئېرۇر بەزىسىنىڭ ئاتلىرى ئاخۇن،
كۆڭلىدە ئەمەل يوق،
ئاخۇن بولايىن دەپ «جوغرى» يامبۇ تىقىك بار،
بۇ ئەينى خاتايا.
پەشتاق تالىشىپ مولىلار پۇلغا كۇچايدۇ،
ئاخۇن بولىمەن دەپ،
تۇشتى بېشىغا ۋە لوئلە پەشتاقىقا تويۇك بار،
يۈز نەۋئى بالا ــ لا.
ھەقنىڭ يولىدا خەيرى ساخاۋەتنى ئۇنۇتتى،
غافىل بولۇپ ھەقتىن،
ئۆز پەيلى خۇيىن ھەم، بۇ ئىشلە يولۇك بار،
ئالەم ئىچى جەلا ــ لا.
ئاخۇنلىرىمىزنىڭ بارىغا يەتمىدى تەسىر،
ساندۇقىقا زىيان يوق،
تەۋالادىدىن سايە پۇلى بەر دەپ ئېلىك بار،
ئاسان قۇتۇلۇشقا.

ۋاي بەزىسنىڭ دەستىدە كەم، ئات بىلەن قامچى،
سۈرەتلىرى ئاخۇن،
بىر سەللە سالا نىمچىگە مەشرۇئى كىيىك بار،
دەستارى پەلەمما.
بەقسەمكى ئېتىدۇ، خوتەندىن چىقىدۇ،
ئەبرىشىم بىلەن توقۇيدۇ،
ئىمام، مەزىنگە قىلىپ تون، رەھىم رەئىيەت
بۇ ئىشلىرى خوما؟
بۇ قەرزى بالالاردىن جوغرا تاپىدى خارج،
زىجان قۇتۇلالماي،
فاڭفولە قىلۇر ۋاقتىدا ئازاد بولۇك بار،
مىڭ شۈكرى خۇدايا.
بەرگەنسىرى ھەرگىز تۈگىمەيدۇ بۇغۇ تۇغلۇق ،
كۈندە باللايدۇ،
بار مۈلكى ئۇچاق، قازان، ئاياغلارنى سىپتىڭ بار،
مىڭ باشى تالا_لا.
بىز ئاڭلار ئىدۇق يەتتە بېشى بار، يەل مۈڭگۈزى بار
بۇرۇنقى زاماندا،
مىڭ بېشى بولۇپ، يۈز بېشى، ئونباشى تالاڭ بار،
ھەم ئەژدەرى يۈھا.
بەگلەر كېڭىشىپ قەرزنى يۇرت ئەھلىگە سالدى،
بۇ تۈرپە ئاجايىپ،
بىر قۇرغۇي ئۇچۇن نەچچە مىڭ پاختەك ئۆلۈك بار،

تەڭرىم كۆزى بىنا.
قويغا بۆرى چاپتى، كالاغا شىر بىلەن يولۋاس،
ئادىل پادىچى يوق؛
قوي مەھرىشىدۇ، ئۆچكە بىلەن نالە قىلىش بار،
يا ھەييۇ تاۋانا.
ھاكىم بېگىمىز ئوردا ئىچىدە سۇلتەنەت ئۇزرە،
ھەرگىز ئىشتىك يوق،
قابىل ۋەزىرى يوق ئۇچۇن بۇ ئىش بولۇش بار،
ئى بارا خۇدايا.
تەمسىلى ئېرۇر مىسىردا ئول يۇسونى كەنئان،
شاھ ئېردى ئۇلارگە،
ئاچلىق بولىبان مىسرى ئەھلى بەندە بولۇش بار،
بۇ ئىشغا ئوخشا.
يۈز شۈكرى خۇدا، نەرقى ھاۋا، ئاش-ئوزۇق ئەرزان،
ھەق رەھمىتى بىزگە،
رەھمى ئەتسە كېرەك لۇتفى كىرەم قىلسا-قىلىش بار،
سۇلتانى ھەكىما.
ئول زات ئادالەت ئەسىرى قىلغۇچىلاردىن،
يا لەيمۇ-بۇلەيمۇ؟
ئول ۋاقتى زەمان، سۇيۇن ئاسانجىڭنى بىلىش بار،
بۇ ۋاقىت مايۇما.
سەردار بولۇپ نەچچە ئەمىر ئۆتتى جەھاندىن،
بۇ ئىشلار بولۇش يوق،

غەم يەتتى شاد بولماقىم، ئەمدى كېتىڭ بار،
سەد–ئاھۇ دەرىخا.
ۋاڭ پاژژىدى، گۈژژىدى، كەشمىر غۇلام،
چۇ يەكەننى يوقاتتى،
گەرچە مېلىنى ئالمىسا كىمگە سېتىڭ بار،
قىلماس ئىدى سوۋدا.
گۈژژىدى ۋاڭ پاژىدى كالاڭچۇ باي،
زەرمەستى ھارامخور،
ھەددىدىن ئېشىپ ئىشلارغا ھەم قولىنى تىقىڭ بار،
كۆڭلى، دىنى باشقا.
بەلگۈردى بۇ يىل خەلقارا مىھرى كېتىڭ بار،
شەپقەتلەر چىقىپتۇ،
بۇ تۈرپە ئالامەتلەر قىيامەت يېقىن ئولمىش،
بۇ ئىشلەر نىشانا.
چىن لەۋزى بىلەن سۆزلىمىگەننىڭ بائىسى ئولدۇر،
دىن ئەھلى بۇزۇلدى،
بەگلەر بېشىغا ھەممىسى بەيمۇزا كىيىڭ بار،
مانەندى چالا–لا.
خا ئەر–خوتۇن كالتە چاپان كەيگىلى تۇردى،
دەپ ئانى جاجازا،
كەنجازا بىلەن ئۆرىمە تەلپەكنى كېيىڭ بار،
ئوخشار مالاخايغا.
بىجىنچە تىلنى بىلگۈچىلەر بەگ بولا قالدى،

زاتى، تېگى يوقلار،
پارسى، ئەرەبى بىلگۈچىلەر خار بولۇك بار،
بۇ ئىشلىرى خوما؟...
بۇ ھىندە مازار_ماشايىخ رىشۋەگە تۇردى،
ئەرۋاھ ھەزرەتلەر،
دەرتمەن غېرىپلار يىغلىسا شۈكلا يېتىك بار،
تەڭرىمگە سالا_لا.
زالىملار گۇنالار قىلاباں ئۆزرە ئېيتسا،
«ھېچقىسى يوق» دەپ؛
بىر قوي، چىراغ نان، گۇرۇش داشقا سېلىك بار،
زۇلمىنى ياپالا.
زالىملار ئەگەر قىلسا ئىبادەت بىلەن تائەت،
ھېچ پايدا تېپىك يوق،
بىر بەندەئى مۆمىن دىلىغا ئازار بېرىك بار،
دەۋزەخ ئاڭا تەييار،
ھەر كىمكى خۇدا يولىدا قىلسا ساخاۋەت،
ئول ئەينى سائادەت؛
ھەرقانچە ئەگەر فىسق_فوچۇر تولا قىلىك بار،
كىرمەيدۇ تۇمۇغقا.
بەخىلۇ_لىئىم زاھىد ئەگەر ۋىردە ئەيلىسە تەقۋا،
كىرمەيدۇ بىھىشتكە،
لايەد خۇلۇل جەننەت گەر ئابىد بولۇپ بار،
ئەمگەكلىرى بەكا.

ئايەتۇ ھەدىسلاردا خەۋەر بەردى «زائىقە تولمەۋت»
بىشەك «ۋەلارەيب» نى،
قويمايدۇ ھايات ھىكمەتى مىڭ ھىلە قىلىڭ بار،
يوق مۇندا تۇرۇشقا.
گەر تاپسا قازا تېخى ئەجەلدىن «مەلىكىل مەۋت»
جان ئالغىلى كەلسە،
بەرمەيدۇ ئامان بىر نەپەستە روھ چىقىڭ بار،
تارتىپ ئېلىشقا.
يوق بەندىچىلىك سىدىق بىلەن ئول خۇجىمىزغا،
تەتەي ئىشەككە ئوخشاش،
ئەلدىن ئۇيالىپ غەم بىلەن ناماز ئۇتەڭ بار،
يارەببى زەلەمنا.
ئى بەندە خۇداغا تۆۋە قىلىڭ يازۇقلارىڭىزغا،
ھەرۋاقتى سەھەردە،
كۆز ياش ساچىپ نالە بىلەن ئاھى چېكىڭ بار،
قىل تەۋبە نەسۇھا.
ھەد مەندىن ئەمەس سۆزلىمىكىم سەفھە يۈزىگە،
ھەقتىن ماڭا ئىلھام،
بولغاچ بۇ بايان نوكتەلارنى نەزم قىلىڭ بار،
قىلغاچ مېنى گۇيا.
ئىشتىپ زوق بىلەن بولمىسا سامى،
ئەرباب نە ھىساپدۇر؛
چىن يادىكار قالۇر ھەر ئەھلىگە ئۆمرى كېتىڭ بار،

بۇ يادنامە ساڭا.

ھەركىم ئوقۇسا رەھمىتىدىن كۆبدۇر ئۈمىدىم
ئاڭلايۇ سۆزۈمنى،
ئىزھار قىلاي ئىممەئى دادا–ئانا ئوقۇڭ بار،
نەزم ئىچى مۇئەمما.

بۇ ئۆمۈر باشىغا قاددىم نوقتە جۇڭسۇ،
تارىخ ئاڭا شامىل؛
مەۋفھۇم بۇلار قىلسا ھىساب ئەھلى خىرەدمەند،
قوي نوقتىسى ئەينا.

مىڭ ئىككى يۈز قىرىق ئېردى سالى بەقەردە،
تەستىق قىلىندى،
يىل ئايرىلىدۇ، يىل باشى نەۋرۇز بولۇپ بار،
ئاي ئۈچى دۇئادا.

كۆڭۈلگە بىشارەت بولۇبان ئەيلىدىم ئەشئار،
بۇ ئاسى رەھىم دىل،
تەسكىن ئۈچۈن خەلقى جەھان خەندە قىلىڭ بار،
ئەھباب بىللە ئاندا.

# مىڭ تەن ئاتا

يا ھەزرىتى ئادەم ئاتا، نەۋرەلىرىڭ مىڭ تەن ئاتا،
ۋالىدەمىز ھاۋا ئانا، يا ھەزرىتى مىڭ تەن ئاتا.

ياتقان يېرىڭ تاشلىق ئارا، ئۆلگەن كىشى ئاندا بارا،
ھەركىمكە بار بۇ ماجىرا، يا ھەزرىتى مىڭ تەن ئاتا.

تارىخىڭ بار ئۇزاق زامان جەڭلەر قىلغان چوڭ قەھرىمان،
ئەل يۇرت ئۈچۈن قۇربان بولغان، يا ھەزرىتى مىڭ تەن ئاتا.

يا ھەزرىتى مىڭ تەن ۋەلى، جەننەت گۈلىنىڭ بۇلبۇلى،
چىقتىم زىيارەت قىلغىلى، يا ھەزرىتى مىڭ تەن ئاتا.

ئۇلۇغ مازارىڭ تەن ئاتا، قىلدى مەدەت بۇ ئەۋلىيا،
تۆگىلىك كەلدى شەھرى كۇچار، يا ھەزرىتى مىڭ تەن ئاتا.

كۆرسە بۇ يۇرت سۇ قىس مانا، دايىم ئۇقار خەلق رەببانا،
رەھم ئەيلىگەيسەن ئى خۇدا، يا ھەزرىتى مىڭ تەن ئاتا.

بەل باغلىدى تۆگىلىك مانا، كولاتتى كارىزنى قاتا،
سۇ چىقتى مەرۋايىت گويا، يا ھەزرىتى مىڭ تەن ئاتا.

كاۋلاپ ساقاغۇ باشىدىن، سۇ چىقتىلا كۆك تاشىدىن،
كارىز ئىگىز ساي قېتىدىن، يا ھەزرىتى مىڭ تەن ئاتا.

ئېرىق ئېلىپ قىياس بىلەن، كارىز قېزىپ ئىخلاس بىلەن،
خىزرىم كېلىپ ئىلياس بىلەن قىلغاچ مەدەت، مىڭ تەن ئاتا.

سۇ چىقتىلار پىلىق-پىلىق، قىلدى بۇ يۇرت تېرىغچىلىق،
ساڭلار تولدى ئاشلىققا جىق، يا ھەزرىتى مىڭ تەن ئاتا.

قۇرۇپ كېتىپ ئېردى بۇ يۇرت، تىرىلدىلار ئۆلگەن قۇرت،
ياغلاشتىلار ساقال بۇرۇت، يا ھەزرىتى مىڭ تەن ئاتا.

يەر ئاچتى دېھقان پەم بىلەن، كەتمەن چېپىپ غەيرەت بىلەن،
تېرىپ قوغۇن بۇغداي بىلەن،يا ھەزرىتى مىڭ تەن ئاتا.

قويۇپ دەرەخلەر ئانچىنان، ئۈرۈك، شاپتۇل، ئۈزۈم، چىلان،
ئىككى قانات باغۇ بوستان،يا ھەزرىتى مىڭ تەن ئاتا.

قىلىپ بىنا قويدى تېرەك، مۇنداق قىلىشقا ئەر كېرەك.
ئەھلى كۇچار يارى يۈلەك، يا ھەزرىتى مىڭ تەن ئاتا.

يوق مۆلەر بۇ باغدا بار، قويغان دەرەخ ئۆرۈك قاتار.
بولدى ئاۋات كارىز بازار، يا ھەزرىتى مىڭ تەن ئاتا.

چىققان سۇلار ھەسەلدىن ئاق، قويغان دەرەخ تۇتقانغا باق.
ئاۋات بولسۇن مەڭگۈ ئۇزاق، يا ھەزرىتى مىلك تەن ئاتا.

سۇ ئىچكەنلەر ئىززەت بىلەن، ئەمگەكچىگە رەھمەت بىلەن.
تەمى شېكەر، قەندىن بەلەن، يا ھەزرىتى مىلك تەن ئاتا.

سۇ كىرمىگەن ئەزەل-ئەبەت، قاقاس يەرگە كەلدى نەۋبەت.
تۇگۈلىك قىلدى باغى جەننەت، يا ھەزرىتى مىلك تەن ئاتا.

يولدىن ئۆتكەن ئادەم كۆرەر، سۇنى ئىچىپ ھۇزۇرلىنار.
مۇڭلەر يەپ دۇئا قىلار، يا ھەزرىتى مىلك تەن ئاتا.

باغنى كۆرمەي كىشى ئۆتمەس، كۆڭلى يايراپ خۇشال نەپەس.
سەيلىگاھقا كېلىپ بەس-بەس، يا ھەزرىتى مىلك تەن ئاتا.

كارىز كاۋلاپ ئېگىز تاغدىن، كىرسە چىقماس ھېچكىم باغدىن.
مىۋە شىرىن، سېرىق باغدىن، يا ھەزرىتى مىلك تەن ئاتا.

سورار ھەركىم بۇ ئىش كىمدىن، ئەمگەكچىلەر مىھنەتىدىن.
ھاجى قادىر ھىممەتىدىن، يا ھەزرىتى مىلك تەن ئاتا.

باغى ئەرەم مىسلى جىنان، خالايىقلار دەيدۇ رىزۋان.
خۇشال بولدى ھەممە ئىنسان، يا ھەزرىتى مىلك تەن ئاتا.

شەھەردىكى مۇجاۋىرلار، كېلىپ كېتەر مۇساپىرلار.
توپ بولۇپ كېلىپ كۆرەر، يا ھەزرىتى مىڭ تەن ئاتا.

بىرى يانسا ئۇنى چىققان، مېڭىش-تۇرۇش ئاندىن چاققان.
يېزا-ئايماق، بارلىق دېھقان، يا ھەزرىتى مىڭ تەن ئاتا.

باغ چۆرىدەپ سېپىل سالدى، تۆرت تەرەپكە ئۆستەڭ چاپتى.
ئاشلىق تېرىپ تۆگمەن قۇردى، يا ھەزرىتى مىڭ تەن ئاتا.

كارىز ئۆچۈن نەزىر بېرىپ، يول ئۆستىگە شەھەر سېلىپ.
مەشرەپ قىلىپ يۇرت قېچقىرىپ، يا ھەزرىتى مىڭ تەن ئاتا.

يولنىڭ چېتى قاتار دۇكان، ئەھلى كاسىپ ئورۇنلاشقان.
كارىز گۆزەر بازار بولغان، يا ھەزرىتى مىڭ تەن ئاتا.

يولى تۆز، كەڭ، ئېرىق ياندا، زىبا تېرەك قاتار-قاتار.
ئىككى ياندا قاينام بازار، يا ھەزرىتى مىڭ تەن ئاتا.

چۆل زىمىننى ئاۋات قىلىپ، مەسچىت، مەدرىس، مەكتەپ سېلىپ.
مەرىپەتكە كەڭ يول ئېچىپ، يا ھەزرىتى مىڭ تەن ئاتا.

كارىز-كۇچار شەرەپ-شانى، تەرەققىيات تۆپ نىشانى.
پارلاق بولسۇن ئىستىقبالى، يا ھەزرىتى مىڭ تەن ئاتا.

# دۇئا ۋە سالام*

دۇئا بىھەد، سالامى بىئەدەت دەيدۇ ساڭا ئەخۋان،
باقا قىلغاي سىنى دائىم ئىنايەت ئەيلىيان راھمان.
بولۇپ بۇ بائىسى بەركەت، قىسردان قاخسىن قۇربەت،
ئىلىپتەك رۇمزە ئەممىنىيەت ئەنىل ئاباتى ۋەننوقسان.
غەنىمەت ئېردى گۇفتارىڭ ئۇ ياققا بولدى رەپتارىڭ،
ئىرادەت بىرلە تەقدىرىڭ، سىياھاتىڭ بولۇپ تۇرپان.
قەدەم كەلتۇرسەڭ ھەر يەرگە مۇبارەك بولغۇسى ئول جاي،
ئىگەر قازى، مىگەر مۇفتى مۇسەخخەردۇر ساڭا سۇلتان.
«خۇدايار» نام ئۇلۇغ ھىممەت، رەپىقىڭ ھەم پەرى يەڭلىغ،
ساڭا بەد-بەھرى ئول ھەمدەم، يانا ياردەم بولۇر ھۆران.
ئاجايىپتۇر شۇجائەتىڭ، رەۋناق تاپسۇن كامالىتىڭ،
ئامان بارمۇ ئالا ئاتىڭ ئۇنى ھەم ساقلىسۇن غۇفران.



* «دۇئا ۋە سالام» ئەشئارىنى يىقىن دوستى، شۇ زاماندىكى مەشھۇر دىنىي ئالىم خۇدايار داموللام ئىلىيار ئوغلى تۇرپانغا بېرىپ تۇرۇپ قالغان كۈنلەردە ئەسلەپ يېزىپ ئەۋەتكەن. بۇنى يازغان ۋاقتى ھىجرىيە 1349-يىلى ئىدى.

# خسلت کاشغری

# خسلەت كاشغەرى

**خسلەت كاشغەرى** XIX ئەسرنىڭ ئاخرى XX ئەسرنىڭ باشلىرىغىچە ئەدەبىي ئىجادىيەتتە ئۇيغۇر ۋە ئۆزبېك شائىرلىرىنىڭ ئىچىدە كەڭ تونۇلۇپ مەشھۇر بولغان ئۇيغۇر شائىرى بولۇپ، قەشقەردە تۇغۇلۇپ، كېيىنكى ۋاقىتتا قانداقتۇر سەۋەبلەر بىلەن تاشكەنتكە كۆچۈپ كەتكەن. مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، ئۇ قەشقەردە بىلىم ئېلىپ شائىرلىقتا تونۇلغاندىن كېيىن، تاشكەنتكە بېرىپ ئۇ يەردىمۇ ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇنىڭ شېئىرلىرى تاشكەنتتە ئولتۇرۇشلۇق ئۇيغۇر ۋە ئۆزبېك شائىرلىرىنىڭ ئالاھىدە دىققىتىنى قوزغىغان. بىرقانچە مەشھۇر شائىرلار ئۇنىڭغا مەدھىيىلەر يازغان.

خسلەت كاشغەرى توغرىسىدا شائىر فەزلىنىڭ:

ئېرۇر خسلەت ئول كاشغەر شائىرى،
كىتۇتىيۇ بۇلبۇل نە ئولدۇر بىرى.
... ... ... ...
كۆڭۈل رىشتىسىن كاشغەردىن ئۈزۈپ،
بۇ خوقەند ئارا ئىستىقامەت تۈزۈپ.
... ... ... ...

دېگەن شېئىرلىرى شائىر توغرىسىدا بىزنى مۇھىم مەلۇمات بىلەن تەمىنلەيدۇ. ئۇنىڭ شېئىرلىرى ھىجرىيىنىڭ 1331-يىلى (مىلادىيە 1912—1913-يىلى) چاپ قىلىنغان «باياز ھەزىنى»

ناملىق ئەسەرگە تاللاپ بېرىلگەن بولۇپ، بۇ بايازغا يەنە مۇقىمى، ھەزىنى، نالە، شەۋكەت، يۈسۈف سايرامى، فەزلى، ھۇۋەيدا، ئەمىرى، فۇرقەت، پىرىمقارى، فىردەۋسى، شاشى، دىلكەش، مۇھەممەد ئەلىخان، سەئىدى، مەخمۇر، مەنزۇر، خىجلەت، ئەسىرى قاتارلىق 30 غا يېقىن شائىرنىڭ شېئىرلىرى بېرىلگەن. بۇلاردىن فەزلى، مۇقىمى، شەۋكەت قاتارلىقلار ئۆز شېئىرلىرىدا خىسلەتنى مىسلىسىز ھېسابلايدۇ. خىسلەتكە ماختاشلارنىڭ يېزىلىشى، ئۇنىڭ تاشكەنت قاتارلىق جايلاردا ياشىغان ئاتاغلىق شائىرلارنىڭ كۆپ قىسمى بىلەن ئۆزئارا ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەردە ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئۇيغۇر، ئۆزبېك شائىرلىرى ئارىسىدا تونۇلغان شائىر ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. بىز بۇ «باياز» ئىچىدىكى بىزگە تونۇشلۇق بولغان بەزى شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىنى ھەمدە دىنىي پۇراق بەك قويۇق بولغان شېئىرلارنى نەزەردىن ساقىت قىلىپ، بىزگە ھازىرغىچە تونۇشلۇق بولمىغان شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىنى كەڭ جامائەتچىلىككە تونۇشتۇرۇشنى مۇۋاپىق تاپتۇق. بۇ ئاپتورلارنىڭ تەرجىمىھالى توغرۇلۇق قولىمىزدا ئېنىق مەلۇمات بولمىغانلىقى ئۈچۈن كىتابخانلارنىڭ ئىزدىنىپ كۆرۈشىنى تەۋسىيە قىلىمىز.

## 1

چابكوم قىلسا ھەۋەس مەيداندا چەۋگان ئويناماق،
باش ئۇشلاپ كۈيدەكمەن ئىستارەم جان ئويناماق.

فىكر زۇلفى كۆڭلۈم ئىچرە سالدى يۈز تەشۋىشكىم،
ئول سەبەبدىندۇر ماڭا مۇنداغ پەرىشان ئويناماق.

باغبان تۇتغىل غەنىمەت سەرۋى ئىلە گۇل سۆھبەتىن،
كىم ئەمەس ئول سەرۋى گۇلرۇخ بىرلە ئاسان ئويناماق.

يازغالى كەلكى قازا ئەۋراق رۇخسارىغە خەت،
دۇدى ئاھىم تاشلادى كۆك سارى چەندان ئويناماق.

قىلمادى مىڭ ئەھدەدىنى بىرگە ۋەفا ئول بىۋەفا،
ئەمدى بىلدىم دىلرەبالەر بىرلە يالغان ئويناماق.

ئى كۆڭۈل دىلداردىن كۆز تۇتمە ئىلپەت نىگاكىم،
مۇمكىن ئەمەستۇر پەرىلەر بىرلە ئىنسان ئويناماق.

ناز تىغى بىرلە بىسمىل ئەتكەچ ئول قاتىل مىنى،
يار ماڭا خىسلىتا كۈيىدا ھەريان ئويناماق.

(«باياز ھەزىنى» 87-بەت)

## 2

ئىشت ئەرزىمنى ئەي شاھ زەمانە،
گول ئولدۇم ھىجىر ئۇتىغە يانە-يانە.
سەنەملەر ئىچرە يوقتۇر ساڭا مانەند،
ئېرۇرسەن خوبلىغىدە يىگانە.
يۈرۈرمەن تابكى ئەي لەيلى ئاسا،
بولۇب ئىشقىڭدا مەجنۇندەك فەنانە.
لەبىڭنى رەشكىدىن لەئىل بەدەخشان،
قىزىلدۇر باتمىش ئول گۇياكى تانە.
باقىب يولۇڭغە جانا ئەرتەيۇ كەچ،
ئاقار ئەشكىم كۆزۈمدىن دانە دانە.
يازىب خۇن جىگەردىن ئۇشبۇ ئىنشا،
شەھا قىلدىم ساڭا بۇدەم رەۋانە.
كەرەم ئەيلەب جەۋابىن تىز يازغىل،
بۇ خىسلەت سارى ئى شاھ زەمانە.

(«باياز ھەزىنى» 188-بەت)

## 3

نەيلارەم باغۇ چىمەن سەيرى نە جەنان بولماسا،
مىسلى تاۋۇس سىلكىنىپ ھەر يان خىرامان بولماسا،
سەرۋى قامەت ئارزى گۇل خىىنى رەيھان بولماسا،
چەشمە شەھلا ئۆزى بەرنا شاھى خۇبان بولماسا،
ئۆلمەيىنمۇ ھىجرىدىن جىسمىم ئارا جان بولماسا.

باشىمە تۇشكەن مېنى سەۋدالارىدۇر مۇشكىلىم،
لائەقىل بىر يوقلىمايدۇر قايدا قالدى دەپ قۇلىم،
سەربەسەر ھەسرەتلىرىم شەرھى ئەتكىلى لالدۇر تىلىم،
ئاي يۈزىن بىر كۆرمىسەم ھەر تۇن قاراڭغۇدۇر دىلىم،
رەۋشەن ئولماس كېچىسى تا ماھتابان بولماسا.

بىر يولى رەھىم ئەيلىمەس مەغمۇملىغىمغە دوستلار،
ئايۇ يىللار ۋەسلىدىن مەھرۇملىغىمغە دوستلار،
سورىساڭىز شولدۇر سەبەب مەئدۇملىغىمغە دوستلار،
يىغلامايمۇ بىكەسۇ مەزلۇملىغىمغە دوستلار،
سورغالى ئەھۋالى زارىم بىر قەدىردان بولماسا.

كۆلكە بولدۇم ئىشقى يوق بىدەدلارغە ئانچىنان،
سورماغاي مەخپى كېلىپ ئىفتادە ھالىم بىر زەمان،

زەررىچە كۆزگە كۆرۈنمەس خانىمانۇ مالۇجان،
دەربەدەرلىكتە كۆرۈپ يارەب مەلامەن ئەيلاغان،
رازى ئېرمەسمەن مېنىڭدەك تاكى سەرسان بولماسا.

ئۆمۈرلاردۇر تارتارەم بى مېھرى دىلبەر ھىجرىنى،
باغرى سەندان كۆڭلى قاتتىغ نازپەرۋەر ھىجرىنى،
كۆزلىرى جەللاتۋەش كىرپىكى خەنجەر ھىجرىنى،
چەكمەس ئېردىم بۇ كەبى زالىم ستەمكەر ھىجرىنى،
قەبزەن قۇدرەت ئەگەر ئەۋۋەلدە يازغان بولماسا.

مەن يۈرۈرمەن ئىشقىدا تەئنى مەلامەتلەر بىلەن،
كۆزلەرىمدىن ياش تۆكۈپ ئاھۇ نەدامەتلەر بىلەن،
سەلتەنەت تەختىدە يارىم ئەيشۇ راھەتلەر بىلەن،
چىقسا يۈز خىل تۈرلەنىپ ھۆسنۇ لەتافەتلەر بىلەن،
ئادەم ئېرمەس ئول كىشى كۆرگەندە قۇربان بولماسا.

بۇ جەھاندا بىر پەرى رۇخسار ئۈچۈن خىسلەت كەبى،
بارمۇكىن ئەفسانە بولغان يار ئۈچۈن خىسلەت كەبى،
ئەھدى يالغان بىۋەفا دىلدار ئۈچۈن خىسلەت كەبى،
كېچە-كۈندۈز قان يۇتۇپ ئەشئار ئۈچۈن خىسلەت كەبى،
ئاشىق سادىق ئەمەس ئالەمغە داستان بولماسا.

(«باياز ھەزىنى» 183-بەت)

## 4

# مۇقىمى غەزىلىگە مۇخەممەس

خەتىڭ نەزھەتىدە رەيھاندىن قالىشماس،
لەبىڭ لەئل بەدەخشاندىن قالىشماس،
قەددىڭ سەرۋى خىياباندىن قالىشماس،
ئۇزارىڭ باغ رىزۋاندىن قالىشماس،
خىرامىڭ ھۆرۈغىلماندىن قالىشماس.

ئېلىپ كەلدى ماڭا بىر خەت غۇلامىڭ،
ئوقۇپ كۆردۈم دۇئا بىرلە سالامىڭ،
بۇكۈن شاد ئەيلەدى بىھەد پەيامىڭ،
ئەگەر يالغان ئەمەس جەنا كالامىڭ،
شىرىنلىغىدە دېسەم جاندىن قالىشماس.

قىلۇرلار سۈرمە خوشرووۋلار ئىزىڭدىن،
خىجىلدۇر باغ ئارا گۈللار يۈزۈڭدىن،
غەمۇ ھەسرەتتەدۇر ئاھۇ كۆزۈڭدىن،
لەتافەت مەۋج ئۇرار ھەربىر سۆزۈڭدىن،
تېشىڭ ھەم دۇررى غەلتاندىن قالىشماس.

قولومدىن كەتتى ئەكنۇن نامۇسۇ نەڭ،

بولۇپمەن غەملەرىڭنى تارتىبان تەڭ،
ياتىپ نەمدە يۇرەكىم باغلادى زەڭ،
مرادىم بىسمىلىم بەس بىر قارا سەنگ،
نىگاھىڭ تىرى مىژگانىدىن قالىشماس.

نىگار دىلنەۋازىم دەردۇ ھەمدەم،
سەن ئەسلا چەكمەگىل ئەندۇھ ئىلە غەم،
خۇداغا شۇكرى ئېتىپ بول شادۇ خۇررەم،
خەتۇخالىڭ ئەمەستۇر خەزىردىن كەم،
دەھانىڭ ئابى ھەيۋاندىن قالىشماس.

چۇ مەن جەنا ساڭا كىم موپتىلادۇر،
جەھان سەنسىز كۆزۈمغە قاپقارادۇر،
تۈنۈ كۈنلار ئىشىم ئاھۇ نەۋادۇر،
جۇدالىغ دەردىدىن تىنماي ئاقادۇر،
سىرىشكىم سۈيى توفاندىن قالىشماس.

ئايا ئى ئاقىلۇ دانا مۇقىمى،
ساڭا بولسۇن بىھىشت يارەۋا مۇقىمى،
مۇھەببەت بىرلە خىسلەت تا مۇقىمى،
نەزەر قىلغانىدە نەزمىنگە مۇقىمى،
نەزاكەتتە ئۆمەرخاندىن قالىشماس.

(«باياز ھەزىنى» 185-بەت)

# غزلیں

ئېرۇر خسلەت ئۇل كاشغەر شائىرى،
كى تۇتيۇ بۇلبۇل نە ئۇلدۇر بىرى.

مەزايىنلارى بارچە تەھسىن ئېرۇر،
خەتادىن مۇئەررا باری چىن ئېرۇر.

بولۇپ شېئىر سۇلتانغە تەبيەتى،
ئىتائەت ئېرۇر شاھقە نيەتى.

كۆڭۈل رىشتىسىن كاشغەردىن ئۈزۈپ،
بۇ خوقەند ئارا ئىستىقامەت تۈزۈپ.

بىر ئاي ئەمىر فەلەك ئىقتىدار،
دۇئا كويلىق ئەيلەدى ئىختىيار.

يېتىپ ئاندا چۈن سىيت دارای دەھىر،
بولۇپ تەخت پەرمانىدە يەتتە شەھەر.

ئېرۇر بۇ ئەزەل ئۇل خىرەد پىشەدىن،
فەرەھ تاپتى فەزلی بۇ ئەندىشەدىن.

(«باياز ھەزىنى» 86-بەت)

گۈل چاغى خوشدۇر قىلىپ سەير گۈلىستان ئويناماق،
يار ئىلە گۈلشەندە سىرمەستۇ خىرامان ئويناماق.

يار لەئلى بىرلە ئويناب بولماس ئى شەيدا كۆڭۈل،
بەس دېگىل ئىنساب ئىلە ئاسانمىدۇر جان ئويناماق.

تەرفە سەرگەشدۇر سەمەند ناز، سۈرمە تەندانى،
كىم ئاڭا ئادەت ئېرۇر قىلغاندا جەۋلان ئويناماق.

ھەلقە زۇلفۇڭغا چىندۇر كۆڭلۈم ئويناب بەرگەنىم،
يوقسە ئىشق ئاينەسىدە باردۇرمۇ يالغان ئويناماق.

باك ئەمەس گەر تارقاسە ئەشكىم يۈزۈم ئەتراپىغە،
ياشلارغە رەسمدۇر ھەريان پەرىشان ئويناماق.

كەلدى يادىڭ كۆڭلۈمە ئەشكىم يۈگۈردى ھەر تەرەپ،
تەفلىغە ئادەت ئېرۇر كەلگەندە مىھمان ئويناماق.

ئى كۆڭۈل دىۋانىلىغلار بىرلە خوش تۇت خاتىرىن،
گەر سېنىڭ بىرلە تىلەر ئول تەفلى نادان ئويناماق.

ئىشق ئاساندۇر ۋەلى جان ئويناماق دىشۋار ئېرۇر،
بولھەۋەس ھەم ئوينار ئېردى بولسا ئاسان ئويناماق.

ئويناغىل فەزلى ۋەفا نەردىن قۇرۇب جان نەقدىنى،
گەر تىلەر بولسا سىنىڭلە تەبئ سۇلتان ئويناماق.

(«باياز ھەزىنى» 84-بەت)



# نشہ و نکہت

# غەزەللەر

ئى پەرى ھەردەم كۆڭۈل ئازارىڭ ئەيلەر ئارزۇ،
شوخلىقلار بىرلە قىلغان كارىڭ ئەيلەر ئارزۇ.
سورغالى كەلگەيمۇ دەب ئەھۋالىمى ھەر سۈبھى شام،
تەلمۈرۈب يولۇڭغا بول بىمارىڭ ئەيلەر ئارزۇ.
ئايلانىپ ھەردەم باشىڭدىن قىلغالى ئەبراملار،
بۇ جەبىندەك جان شەكەر گۇفتارىڭ ئەيلەر ئارزۇ.
تاغ ئارا قەھقەھ ئۇرۇب كەبك خىرامان زەۋقىدىن،
كۆرسە گەر يۈز نازئىلە رەفتارىڭ ئەيلەر ئارزۇ.
شامى فۇرقەت ئىچرە قالغان مەن كەبى سەرگەشتەلەر،
شادلىق سۈبھى ئولان رۇخسارىڭ ئەيلەر ئارزۇ،
قوي قەدەم كۈلبەمغە جانا خەستە جانىن قىلغالى،
ئۇشبۇ زارىڭ دەمبەدەم ئىسارىڭ ئەيلەر ئارزۇ.
يۈرسە تورسا ھەر قاچان بۇ شەۋكەت ئاشفتەھال،
جىلۋەلەر بىرلەن قىلىن ئەتۋارىڭ ئەيلەر ئارزۇ.

(«باياز ھەزىنى» 95-بەت)

مەن ئۇچۇن يۇبەردىڭىز ئۇيلا مۇشكۇ ئەنبەر خەت،
قىلدى جان مەشامىنى تا يېتىپ مۇئەتتەر خەت.
مۇددەتى ئىدى يولغا ئۇسرۇ ئىنتىزار ئېردىم،
ھەققە شۈكرىكىم بولدى شادلىققە مەزھەر خەت.
ۋادىئ تەمەننادە تۇرفە بىر ئىدىم ھەيران،
مەقسەدىم سارى بولدى ئاخىرىدە رەھبەر خەت.
بۇ كەمىنە قۇل ئەرزى قايدە يەتكۇسى ئېردى،
خىزمەتىڭىزدە بولكۇن بولماسا ئىدى گەر خەت.
بۇ شەرارەلىغ كۆڭلۇم ئىچرە ئاشيان تۇرمىش،
كۆب زەمانلار ئۇلمىشكىم ئۇيلا بىر سەمەندەر خەت.
بىۋەفا كۆزلەردىن ماڭا ياخشىدۇر سەدبار،
بول غەلەت دېدىم باردۇر بارچە ئەلغە دىلبەر خەت.
گەركىشى فەقىر ئولسا بولغۇسى ئاڭا دەۋلەت،
ۋەرنەگەر غەنى بولسا بولغاي ئاڭا زىۋەر خەت.
كەھكەشاندىن ئاشۇرغاي خوش قەلەمنى قەدرىنى،
كىم سەھەر بەخت ئۆزرە كەلدى سەئىد ئەكبەر خەت.
دىل شىكەستە شەۋكەتنى ئاخىر ئەل ئارا قىلدى،
شۆھرەت ئاسماندە مەسىھۇ مىھر خاۋەر خەت.

(«باياز ھەزىنى» 131-بەت)

مەتلەبىمدىن مېنىڭ نىشان كەلدى،
يەئنى مەكتۇب دىلىستان كەلدى.
جان دەمامى مۇئەتتەر ئولدى مەگەر،
ئېلىبان نەفھەئى جەنان كەلدى.
بولبۇل جان نەۋاغە قوزغالدى،
يا ئاڭا بوي بوستان كەلدى.
ئەي كۆزۈم دۇرەخشان بولۇڭىز كىم،
ياردىن تەرفە ئەرمەغان كەلدى.
نامەئى ئەنبەرىن شەمامەلەرى،
مەن ئۇچۇن سۇيى ئەندجان كەلدى.
ھەر سۆزىكىم ماڭا يۇبەرغەن ئىدى،
پەردەئى جان ئارا نىھان كەلدى.
نەفسىدىن ئانىڭ مەسىھ ئاسا،
مۇردە جىسمىمغە تازە جان كەلدى.
ماڭا نىچۇن مەسەررەت ئارتماسكىم،
كۇلبەئى دىلغە مىھمان كەلدى.
قەمەر ئى زىب گەردۇن ئۇچۇن،
مىھر يارىم چۇ تەيلسان كەلدى.
مەدھىغە چۇن تىلىم ئۇزاتقۇم كىم،
ھەمسەرى مىھر ئاسمان كەلدى.
جۇملە گۇلرۇخلار ئىچرە ئول شەۋكەت،
بىر ئەجەب ساڭا مىھربان كەلدى.

(«باياز ھەزىنى» 236-بەت)

# مۇۋەششەھلەر

مېنى فىراقىڭىزە مۇنچە مۇبتىلا قىلاسىز،
كى بار جەۋرۇ جەفادىن قەددىم دۇتا قىلاسىز،
لوزۇم مەقدە مىڭىزگە فىدا قىلاي جانلار،
كېلىپ قەيۇ كېچە كۆلبەمنى روشنا قىلاسىز.
ئېيتىپ كەرەم دېسەم ئەھدىڭىزە ۋەفا ئەيلەڭ،
كۆلۆب دېگەيكى ماڭا مۇنچە ئىلتىجا قىلاسىز.
ئەگەر ۋىسالىڭىزى كۆرمەيىن ئۆلۆر بولسام،
ھەنالى قولغە ئەسالار تۇتۇب ئىزا قىلاسىز.
سەفا لەۋ ئارىزىڭىز خانىغە قىلىب مىھمان،
رەمەد رەسىدە كۆزۆمنى قاچان زىيا قىلاسىز.
يىقىلسام ئاھ ئۇرۇپ قەددىڭىز خىيالى بىلەن،
قىيا باقىب بەتتەر ئولغىل دېبان دۇئا قىلاسىز.
لەبىمغە جان يېتۆشۆر ۋەسىل ئۆمىدىن ئەيتماقدىن،
بۇ ئاررزۇدە مەگەر سىز مېنى ئەدا قىلاسىز.
بىزە ھەمىشە تەغافۇل بىلە قىيا باقماي،
رەقىبىمىزگە نېچۆك ئۆزىنى ئاشنا قىلاسىز.
يەقاچۇ غۇنچە ئېيتىپ چاكۇ يىغلاسام قانلار،
فىغانىم ئاڭلامايىن ئىشىڭىز بىجا قىلاسىز.
كەمىنە شەۋكەتىڭىز ھالىنى سوراب بىر كۆن،
قاچان دىلىن خۇش ئېيتىب بىرغىنە ۋەفا قىلاسىز.

(«باياز ھەزىنى» 6-بەت)

غۇززالان كۆزلەرىڭدىن ئاھۇيى تاتار ئايلانسۇن،
خىرامىڭدىن دەمادەم كەبكى خۇش رەفتار ئايلانسۇن.
لەبى شەكەرەفشانىڭ سۆزغە ئاچقىل ئەي پەرى تاكىم،
قىلۇبان جانلارىن تۇتى ساڭا ئىسار ئايلانسۇن.
ئامان بولغىل بالالاردىن ئايا شوخ زەمان مەن،
باشىڭدىن تا قىيامەت گۇنبەددەۋار ئايلانسۇن.
مۇئەنبەر كاكۇلىڭ تارقات كۆرۈپ رەيھان ئىلە سۇنبۇل.
ئەسرى بولسۇن ھەر كۈندە يۈز مىڭ بار ئايلانسۇن.
خىيابانلاردە ھەردەم قەد چېكىپ قىلغىل تەماشالار،
قەددىڭنى تا كۆرۈپ سەرۋى سىپەھى بىسيار ئايلانسۇن.
ئۈمىدىم شولكى ھەر كۈن يوقلابان كۈلبەمغە كەلگەيسەن،
باشىڭدىن تاكى جانىم مىڭ يولى ئەي يار ئايلانسۇن.
نىچۈك شەۋكەت سارىغە باقماغايسەن لوتىف ئىلە گاھى،
ۋەيا يولدىن سىنى ئازدۇردىمۇ ئەغيار ئايلانسۇن.

(«باياز ھەزىنى» 96-بەت)

ئول دىلرەبانى مەن نىگا شەيداسى بولمايىن،
كۆكۆل خۇش ئولماس ئارىز بەيزاسى بولمايىن.
مىھر رەخنىنى كۆرگەچ ئانى مەسھۇ ئايىنە،
ئولدەمدە نىگا مەھۋ تەماشاسى بولمايىن،
ئاشفتە بولمادىم مىنى باشىمدە بىردەمى،
ئول مەھلەقانى زۇلفىنى سەۋداسى بولمايىن.
نالان ئولۇب باغىرنى فىراقىدە ئىزمەدىم،
يادىمدە قەمەرىدەك قەددى زىباسى بولمايىن.
جانىم بەدەندە بىر نەفەسى تابماغاي قارار،
تا بۇ ۋەرەقدە ۋەسفىنىڭ ئىنشاسى بولمايىن.
ئەسلا فەراغەت ئىلە دەمى تۈزمەدىم نىشات،
باشىمدە تاكى يۈزمىڭ ئەلالاسى بولمايىن.
نىچۈن قارار تابقۇسى شەۋكەت خامۇش ئولۇب،
تا كويى يارى مسكىنۇ مەئۋاسى بولمايىن.

(«باياز ھەزىنى» 103-بەت)



ئىشق ۋادىسىنى بىر مەجنۇن بىسامانىمىز،
قايدە بولساق لەيلى ئاسالار يۈزىن ھەيرانىمىز.
بادەئى ئىشق مەجازى بىرلە دايىم مەست ئولۇب،
بىلمەگەيمىز كىم قەيۇ گۈلچھرەنى جۇيانىمىز،
دايىما زەھەر ئەلەمدۇر كامىمىزدە نىگاكىم،
ئول شەكەر لەب بىۋەفا ھىجرانىنىڭ مىھمانىمىز.
ئاھىمىز ئوتلۇغ ئەلەم كۆز ياشىمىز خەيلۇ ھەشەم،
گۇيىيا رەنجۇ مۇشاقەت شەھرىنىڭ سۇلتانىمىز.
لالە كون ئەتلەس قەبالار يادى بىرلەن قان ساچىب،
چۇن شەفەق شام غەرىبان كوشەسىن گىريانىمىز.
ۋالەيۇ شەيدايى ھەربىر زولفى ئەنبەر بۇيى ئولۇب،
رىشتەئى مەۋھۇمدەك بولدى تەن ئەريانىمىز.
ھەمدەمى بولساڭ دەمى مىژگان ئەسالارنىڭ ئەگەر،
قالماغاي غەملىك كۆڭۈلدە زەررەچە ئەرمانىمىز.
ئاتەش رۇخسارەلەرنىڭ ئىشقىدە ئۆمۈر ئۆتكەرىب،
دەھر ئىلىن سەردەفتەرىنىڭ بىر ئەجەب نادانىمىز.
بولماغايمىز ئىشقسىز بىدەرتلەرنىڭ مەھرەمى،
تاكى رەسۋالىغنى سەربازارى ئانىڭ سەرسانىمىز.
قافى ئىشق ئاستىدە ئەنقادەك بولۇبمىز بىنىشان،
بۇ سەبەبدىن كىشۋەرى شۆھرەتنى تەنھا خانىمىز.
ئەلبەتتە كويى ۋەفادىن يانماغايمىز زەررەچە،
جانىمىز چىققۇنچە تا بۇ كوچە سەرگەردانىمىز،
رەۋزەئى راھەتتە تۈزمەي لەھزەئى ئەيشۇنىشات،

بولبۇل ئاسا دىلرەبالار گۈل يۈزىن نالانىمىز.
ياسمەن رۇخسارەلەر ھىجران چېكىپ ئۆلسەك ئەگەر،
بىز كەبى بىكەسنى شەۋكەت كىم بەرۇر تادانىمىز.

(«باياز ھەزىنى» 116-بەت)



غازە تا چىكىپ يۈزغە ئەيلەدىڭ مېنى شەيدا،
تۈشمەسۇنمۇ ئەل ئىچرە سەد فىغانۇ ۋاۋەيلا.
لەھرە قاشىمە كەلمەي ئۆرتەدىڭ مېنى ۋەھكىم،
نى بولۇركى رەھىم ئەتسەڭ لوتىف ئىلە باقىپ گاھا.
ئەيلەدىڭ كۆڭۈل مۇرغىن بىر باقىش بىلەن بىسمىل،
ئانى زىب فىترەك ئەت، ئالىب ئەي كۆزى شەھلا.
مەن تىلەب ۋىسالىڭنى نالە چەكتىم ئانداقكىم،
ئاڭلادى ھەممە ئادەملىك سەندە يوق پەرۋا.
خامە ۋەسفىڭ ئىنشاسىن تا يازاردە كاغەزغە،
مەندىن ئەۋۋەل ئول يىغلاب سالدى باشىمە سەۋدا.
ئەۋۋەلى ئەسىر ئەيلەب دام ئىشقىڭا نىچۈن،
تاشلاب ئاخىرى كەتتىڭ يىغلاتىب مېنى تەنھا.
نەزىم شەۋكەت ئارايىش تابتى نام پاكىڭدىن،
ۋەسفىڭ ئەيلەب ئول ئەي گۇل بولدى ئەندەلىب ئاسا.

(«باياز ھەزىنى» 125-بەت)



ئىتىپ سەيرى چىمەن فەسلى باھاران ئويناماىسىزمۇ،
قەدۇمىڭىزدىن ئەيلەب گۇلنى خەندان ئويناماىسىزمۇ.
رەمۇزۇ نازى دىلبەرلىكنى ھەردەم ئاشكارا ئەيلەب،
قەدەم بىر-بىر باسىب ھەريان خىرامان ئويناماىسىزمۇ.
تۇتار گۇلشەن يولىڭىزغە ھەزاران چەشم نەرگەسىدىن،
بارىب تا غۇنچەلار باغرىن قىلىب قان ئويناماىسىزمۇ.
ۋەفا رەسمىن تۇتۇبمەن بىنەۋانى كۆڭلىنى ئاۋلاب،
بولۇپ بىر كېچەسى كۇلبەمغە مىھمان ئويناماىسىزمۇ.
قارا كاكۇلنى تاشلاب غازەدىن يۈزغە چېكىب زىنىنەت،
قىلىب سۇنبۇل بىلە نەستەرەنى يەكسان ئويناماىسىزمۇ.
جەمالىڭىزنى شەمئىدىن بىرىب كۇلبەمغە رەۋشەنلىك،
كى يەئنى ئەيلەبان رەشك گۇلىستان ئويناماىسىزمۇ.
ئىشارەت ئەيلابان قاش ياسىدىن مىژگاندىن ئوق ئېتىپ،
جەراھەتلىك دىلىم چاك ئەيلەب، ئى جان ئويناماىسىزمۇ.
نىگارا، ناز تىغى بىرلە شەۋكەت باشىنى ئالىب،
ئاتىب چۇن گۇيى مەيدان ئىچرە چەۋگان ئويناماىسىزمۇ.

(«باياز ھەزىنى» 189-بەت)

# مۇرەببەلەر

بەرقىئى ئاچىب يۈزنى تابان ئەيلەدىڭ،
ھەرسۇ خىرام ئەيلەب جەۋلان ئەيلەدىڭ،
نەرگەس كەبى كۆزۈم ھەيران ئەيلەدىڭ،
سالماي نەزەر تۇرفە نالان ئەيلەدىڭ.

كۈلبەمغە قويمادىڭ ئەسلا قەدەملەر،
ئاشۇردىڭ ئۆزگەدىن ماڭا ستەملەر،
ۋادەرىخا، ئەلگە ئەيلەب كەرەملەر،
رەشك ئوتىغە باغرىم سوزان ئەيلەدىڭ.

تا ئالدىمدىن كېتىب يەنە كەلمەدىڭ،
ھىجرانىڭدا نەلەر چەكتىم بىلمەدىڭ،
قىلغان فەيمانىڭا ۋەفا قىلمادىڭ،
دىدەگرىيان سىنە بەريان ئەيلەدىڭ.

تاكىم كەتمەكلىككە تابتىڭ بەھانە،
كۆزلەرىمدىن ياشلار ئولدى رەۋانە،
تاشلاب كەتتىڭ مىنى ئەيلەب دىۋانە،
مەكانىمنى بەيتۇلھەزەن ئەيلەدىڭ.

رەھىم ئەيلەگىل كۆب ئاقۇزماي كۆز ياشىم،
كىم قالمادى ھىجرانىڭغە بەرداشىم،
گۇل يۈزىڭسىز ئەفغان ئېرۇر يولداشىم،
ئۆزنى مۇنچە نامىھرىبان ئەيلەدىڭ.

ۋەسلىڭ بىلەن ئېردى جانا ھەياتىم،
فىراقىڭدە كەتتى سەبرۇ سەباتىم.
ئەمدى سەنسىز ياخشىراقدۇر مەماتىم،
تاشلاب كېتىپ جىسمىم بىجان ئەيلەدىڭ.

شەۋكەتتىن ئالمادىڭ ئەسلا خەبەرلەر،
ئىشتمەدىڭ نالەسىنى سەھەرلەر،
يىغلاب ئېردى يادىڭ بىلەن جىگەرلەر،
گۇنچ غەمدە دىدەگىريان ئەيلەدىڭ.

(«باياز ھەزىنى» 100-بەت)



قەتەئ نەزەر قىلدىڭ جەنانە بولدى،
كىلۇر ئىردىڭ سوراب كاھانە بولدى،
مەھزۇنىڭا باقماي ئەسلا نە بولدى،
بىر دىمەدىڭ ھالىڭ ماڭا نە بولدى.

گۇل يۈزىڭسىز ئىشىم دايىم فىغانلار،
لەئلىڭ خىيالدە دىل بولدى قانلار،
دىلدا قالدى كۆرمەي يۈزىڭ ئارمانلار،
ھاسىل قىلساڭ بىر مۇددىئا نە بولدى.

ئى لەتافەت گۇلزارىنىڭ گۇلنارى،
ۋىي مەھلىقالارىنىڭ كۆزى خۇمارى،
ھىچ سورىمادىڭ ئەھۋالىمنى بىر بارى،
ئى سۇلتان مەلىك ۋەفا نە بولدى.

بىر كۈلۈب باقىشدە دىۋانە قىلدىڭ،
يۈزىڭا نەرگەسدەك ھەيرانە قىلدىڭ،
ئاخىرىدا مىنى بىگانە قىلدىڭ،
شۇنداق مۇئەددى ئەھدۇ ۋەفا نە بولدى.

ئاشفتە ھال ئولدۇم كۆرمەي جەمالىڭ،
خىيالىمدىن نەرى كەتمەس خىيالىڭ،
ئەسلا ئىشتمەدىم شىرىن مەقالىڭ،

يانداشمادىڭ قىلىب پەرۋا نە بولدى.

چەكسەم ناگەھ كۆككە يېتەر فىغانىم،
ھىجرىڭ تارتىب قالدى رەمەقدە جانىم،
ئېيتاي دېسەم ساڭا سەرىنھانىم،
دوُچ كەلمەدىڭ ماڭا تەنھا نە بولدى.

ئەي شەۋكەتىنىڭ كۆزىن ئاقوُ قاراسى،
بىدەۋا دەردىنىڭ سەنسەن دەۋاسى،
ئايا نازوُك ئەدالارىنىڭ سەراسى،
بىمارىڭا باقساڭ قەيا نە بولدى.

(«باياز ھەزىنى» 169-بەت)

# مۇخەممەسلەر

## مۇقمى غەزىلىگە مۇخەممەس (1)

سورماسا ھالىم فىراقىدا ئەدا ھەم قىلماسۇن،
مەن گەدانى ئول شەھ ئوزىغە ئاشىنا ھەم قىلماسۇن،
بىگۇناھلار قەتلىغە قاشلارنى يا ھەم قىلماسۇن،
يار ئەگەر لوتف ئەيلەمەس جەبرۇ جەفا ھەم قىلماسۇن،
قىلماس ئېرسە ماڭا غەيرىگە ۋەفا ھەم قىلماسۇن.

ئىستەبان ئەفغان چېكەر چاغىمدا ئانى چۇن جەرەس،
رەھىم ئېتىب ئەھۋالىمە يىغلاشتىلار مۇرۇ مەگەس،
ئەمدى ھىجرانىن چېكەرگە تا بۇ تاقەت بولدى بەس،
سۇنبۇل زولفى كەبى ئاشفتە ئەيلەب ھەرنەفەس،
كاكۇلىدەك رۇزگارىمنى قارا ھەم قىلماسۇن.

تا كىيىب ياشىل قەبا بىباك ئولۇپ ئول نازىنىن،
ناز تىغىدىن شەھىد ئىشق قىلدى ئىشق ئىلىن،
شەمئ ۋەسلىدىن يارۇتماس بولسا ئاشىقلار ئۆيىن،
گەر ئىشتمەس بولسا باغلاردا فىغانۇ نالەسىن،
گۇل يۈزىن كۆرسەتمەسۇن بۇلبۇل نەۋا ھەم قىلماسۇن.

مەن كەبى بىمار ھەجرىن گاھ يوقلاب كەلماسە،
نۇش دارۇي ۋىسالىدىن دەۋالار قىلماسە،
ئول پەرى ئەغيار بەزمىدىن دەمى ئايرىلماسە،
دەردۇ غەم ئىشقىدا كۆنكۆندىن فۇزۇنراق بىلمەسە،
بىر مۇسۇلماننى ئۆزىغە مۇبتىلا ھەم قىلماسۇن.

ۋەسلى يادى سىز دەمى، مەن بولمادىم دىلشادىكىم،
دامى ئىشقىدىن يەنە ھېچ بولمادىم ئازادىكىم،
شاھ ھىجرانىدا كۆز تۆكتى ئەيلەب بادىكىم،
يىغلىماقدىن خەيرە بولدىيۇ دېمىش فەر يادىكىم،
كۆزگە باسقان ئىزلارىمنى تۇتىيا ھەم قىلماسۇن.

تا تۈشۈب ئىشقى كۆڭۈللەر ئىچرە غەم كۆزلەردە نەم،
قاشلارى يادى بىلەن قەددىم كەماندەك بولدى خەم،
ئەمدى ئۆلتۈرگەي يۈزىن بىر كۆرمەسەم رەنجۇ ئەلەم،
قۇچماسام نازۇك بەلىدىن بىر يول ئاخىر مۇنچە ھەم،
قامىتىمنى غەم يۈكى بىرلەن دۇتا ھەم قىلماسۇن.

كەچتى دەپ ھالىڭ نىچۈك كۆرگەندە گاھا سورماسە،
ئول پەرى مىھرۇ ۋەفادىن شەمئەئى بىلگۈرمەسە،
مۇبتىلالارنى سەركويىدىن ئەسلا يۈرمەسە،
گەر كەف پايىغە قويماققە مۇناسىب كۆرمەسە،
يىغلاتىب كۆز ياشىمى رەڭ ھەنا ھەم قىلماسۇن.

شۇم رەقىبدىن ئايرىلىپ ۋەسلىنى گەر كۆرسەتمەسە،
ئىشقىدا ھالىم بىلىپ ۋەسلىنى گەر كۆرسەتمەسە،
شەفقەت ئىزھارىن قىلىپ ۋەسلىنى گەر كۆرسەنمەسە،
يەككە بىر ئاخشام كېلىپ ۋەسلىنى بىر كۆرسەتمەسە،
رەڭگى رويىمنى بۇ يەڭلىغ كەھرەبا ھەم قىلماسۇن.

بولمادى يادىدە كۆڭلۈم بىردەم ئاھۇ زارىسىز،
ئەشك ھەسرەت رىز ئولۇب كۆز بولمادى خۇنبارىسىز،
ئاھكىم شەۋكەتنى ھالى نە كېچەر دىلدارىسىز،
كەلمەسە كۆڭۈل سۇراب گاھى مۇقىمى ئەغيارىسىز،
بۇيلا ئەۋۋەل ئىشق ئوتىن دىللارغە جا ھەم قىلماسۇن.

(«باياز ھەزىنى» 111-بەت)



## مۇقىمى غەزىلىگە مۇخەممەس (2)

قەددىڭنى بەندەسى سەرۋى خىيابان ئۇلدى بىر مەنمۇ،
كۆرۈپ لەئلىڭ چىمەنىدە غۇنچە دىل قان ئۇلدى بىر مەنمۇ،
يۈزۈڭنى كۆردىيۇ ئىشق ئەھلى گىريان ئۇلدى بىر مەنمۇ،
ئەسىر چەشمىڭ ئاھۇيى بايابان ئۇلدى بىرمەنمۇ،
كۆرۈپ ئايىنەلار ھۆسنۈڭگا ھەيران ئۇلدى بىر مەنمۇ.

قايان باردىڭ مېنى تا مۇندە تاشلاب تۇرفە داغ ئەيلەب،
فىراقىڭ ئىلكىدە قويدىڭۇ بىدماغ ئەيلەب،
تەماشايى چىمەن قەسدى بىلەن كۆڭلۈڭنى چاغ ئەيلەب،
رەخ ئاچتىڭ پەردەدىن ئۇل سۈبھىكىم بىر سىرى باغ ئەيلەب،
قالىب خىجلەتتە گۇلى چاك گىرىبان ئۇلدى بىر مەنمۇ.

تاپىلماس نازىنىنلار ئىچرە دىلبەر سەندەك ئازادە،
كى مەسەللىك بولمادى مەنزۇرىم ئەي جان ئۇشبۇ دۇنيادە،
كۆزۈڭ مەستۇ ھەمىشە ئالغالى جانلارنى ئامادە،
كۆيەر جانلار نە تەنھا ئىشقىڭ ئوتىدىن كى سەھرادە،
تۈشۈب باغرىغە يەكسەر لالە سوزان ئۇلدى بىر مەنمۇ.

ئەمەسمۇ چاكىرىڭ جانا سېنى بۇ بارچە ئىمسالىڭ،
تەكەللۇم ئەيلەسەڭ تۇتىئى خوشگۇلار بولۇر لالىڭ،

بۇلاي چۇن خاكى رەھ قويساڭ قەدەم يوللاردە پامالىڭ،
نە يالغۇز مەن ئەسىر ھەلقەئى زولفۇ خەتۇ خالىڭ،
لەبىڭغە بەندە ھەم لەئىل بەدەخشان ئولدى بىر مەنمۇ.

تىلەب ۋەسلىڭنى ھەر دەم ئاھ ئۇرۇب يۇرگەندە ئەيىب ئېرمەس،
زولال ئىستەب لەبىڭدىن قان يۇتۇب يۇرگەندە ئەيىب ئېرمەس،
جەفا ئەغياردىن ھەردەم چىكۇب يۇرگەندە ئەيىب ئېرمەس.
كويۇڭدە بەندەلەردەك ساۋرۇلۇب يۇرگەندە ئەيىب ئېرمەس.
ساچىڭدىن سۇنبۇلۇ رەيھان پەرىشان ئولدى بىر مەنمۇ.

قاچانكىم زىب ئوچۇن دۇررى رەخىڭدىن تاشلادىڭ شەھەر،
ئانىڭ ھەر ھەلقەسى پايى خىرەدغە بولدى بىر چەنبەر،
ھەيات تازە بەرگەي مۇردە تەنگە سۆزىڭ ئى دىلبەر،
كۆرۇپ رەمزۇ تەبەسسۇم بۇ ئىكەن دەب ھۆسۇن يۇسۇفلەر،
گىرىفتار ئوشول چاھ زەنەخدان ئولدى بىر مەنمۇ.

ھەمىشە شەۋكەتۇ شان شوكۇھۇڭدىن تولۇب ئالەم،
ئىلاھا، بولماسۇن بۇ دەۋلەتىڭ دارايۇ جەمدىن كەم،
تەلەبكار ۋىسالىڭ يار ئېرۇر جەنا ھەممە ئادەم،
جەمالىڭ لەززەتىدىن مۇژدەلار تابقان ھەرىفلار ھەم،
كېلىب ئانلار مۇقىمى يېڭى قورغان ئولدى بىر مەنمۇ.

(«باياز ھەزىنى» 57-بەت)

# زەۋقى غەزىلىگە مۇخەممەس

دىلا دۇنيا نىشاتى قانە باتقانىڭا ئەرزىرمۇ،
ئاچىلساڭ گۈل كەبى گۈلشەندە سولغانىڭا ئەرزىرمۇ،
چۇ قارۇن مالى دۇنيا لەھزە تۇغيانىڭا ئەرزىرمۇ،
گۇناھ قىلماقدە ئى تەن ئۇيلە كۆيگەنىڭا ئەرزىرمۇ،
بۇ يەڭلىغ مىڭ يىل ئۆمرۈڭ بىر يول ئۆلگەنىڭا ئەرزىرمۇ.

تەرىقەت يولىغا كىرگىل دەمى بىر رەھنەما ئىستەب،
تاپارسەن ئۇشبۇ يولدە ھەرنە بولسە مۇددىئا ئىستەب،
كىزەرسەن تابكى مالى جەھاننى بارھا ئىستەب،
يۈرەرسەن ئەيش بىرلە لەززەت نەفسىيۇ ھەۋا ئىستەب،
جەھان شىرىنلىكى يا تەلخەئى جانىڭا ئەرزىرمۇ.

كەچۈردۈڭ بارچە ئۆمرىڭ ياخشى يەب ياخشى كىيىشلارغە،
ھەمىشە گىنەدىن كۆڭلۈڭ تولا تەڭ غەلۇ غەشلەرگە،
ئۆلۈم يادىڭا كەلمەس ئۇشبۇ ئۆتكەن يازۇ قىشلارغە،
يىگىتلىك قوۋۋەتىنى سەرف ئېتىب بىھۇدە ئىشلارغە،
قېرىغان ۋاقتىدەكى ئەفسۇسۇ ئەرمانىڭا ئەرزىرمۇ.

كېتەر بولساڭ جەھاندىن قولدە بولماي ئاخىرەت رەختى،
نە سۇد ئولغاي ساڭا ئولدەمدە قىلماق گىريەئى يەختى،

گۇناھدىن قىلماساڭ گەر تۆبە بولماس سەنچە بەدبەختى،
جەھاننى گىرۇدارى سەلتەنەتدە شاھلىق تەختى،
قارا يەر ئاستىدە بىر كىچە ياتقانىڭا ئەرزىرمۇ.

كۆكۆل سۆيگەنىدەك بولسا جەھاندا ھەرنە ئامالىڭ،
فەلەك تەختى ئارا خۇرشىد ئەگەرچە بولسا پامالىڭ،
كەچۇرسەڭ كامرانلىق مەندىدە ماھ ئىلە سالىڭ،
تەئەددى زۇلۇم بىرلە جەمئى قىلغان مۇلۇك ئىلە مالىڭ،
كېتەر فۇرسەتتەكى ئەھال پەرىشانىڭا ئەرزىرمۇ.

ئەگەر بولسا دەمادەم ئىززە ئىلە جاھىڭ زىياد ئۇزرە،
چۇ خۇرشىد ئولسا قەدرىڭ كەتسە نامىڭ بىلاد ئۇزرە،
سۇلايماندەك يۇرۇب سەير ئەيلەسەڭ ئالەمنى باد ئۇزرە،
مىنەر بولساڭ سىھھەتلىكتە ئەگەر تازى نىژاد ئۇزرە،
ياغاچ ئات پىكرىنى قىلغىل كى جەۋلانىڭا ئەرزىرمۇ.

يۇرۇب غەفلەت ئارا ئۆمرىڭ نىچۇك قەدرىنى بىلمەيسەن،
خۇداغا نەيلەبان مىھرابى تائەتكە ئىگىياسەن،
ئۆلۇم يادىڭا كەلمەس يا ئانى كۆزىگە ئىلمەيسەن،
ئىبرۇر مەشرىقتە خۇرشىد ھەياتىڭ تۆبە قىلمايسەن،
چىقار بولغاندا مەغرىبتىن پۇشايمانىڭا ئەرزىرمۇ.

بۇ نەزمەڭ ئىچرە شەۋكەت قىلدى زەۋق ئىزھارىن ئى زەۋقى،

كى يەئنى راھەت ئەفزا ئەيلەدى ئەشئارىن ئى زەۋقى،
ئاتا قىلسۇن ساڭا ھەق لوتف ئىلە دىدارىن ئى زەۋقى،
تىرىكلىك بارىدە ئىستە ھەقىقەت يارىن ئى زەۋقى،
مەجازىلارنى سوزۇ ھىجرانىڭا ئەرزىرمۇ.

(«باياز ھەزىنى» 61-بەت)



# خسلەت غەزىلىگە مۇخەممەس

ئىشقىڭدا مەندەك كىم ناتىۋاندۇر،
رەڭگىم غەمىڭدىن چۈن زەئىفراندۇر.
فىكرىدە لەئلىڭ دىل تولا قاندۇر،
ھىجرىڭدە ئى يار كارىم فىغاندۇر،
تىنىماي كۆزۈمدىن ئەشكىم راۋاندۇر.

قىلغىل نەزارە جەنا ماڭا ھەم،
كىم يەڭدى ئاخىر يالغۇز تاپىپ غەم،
تاكى قىلۇرسەن ئاھۇ كەبى رەم،
تارتىپ جۇدالىغ دەردىن دەمادەم،
ھالىم خارابۇ رەڭگىم ساماندۇر.

جەنا ئۆزۈڭسەن شەپقەتلىۇ يارىم،
تارتىپ غەمىڭنى كەتتى مادارىم،
دايىم قاراڭغۇ سەنسىز نەھارىم،
ئەيلە تەرەھھۇم ماڭا نىگارىم،
ئەھۋالى زارىم ساڭا ئاياندۇر.

بولغىل نە يەردە بولساڭ سالامەت،
ئۆمرۈڭنى قىلسۇن تەڭرىم داۋامەت،

سەن مەندىن ئەتتىك تا قەتئ ئۇلفەت،
ئول لالە يەڭلىغ باغرىمدە قات-قات،
باز ئۈستىنە باز داغلار نىهاندۇر.

دەرت ئىلە كۈلفەت كۆپتۇر دىلىمدە،
هەم سۆز فۇرقەت كۆپتۇر دىلىمدە،
سەنسىز مۇشەققەت كۆپتۇر دىلىمدە،
ئارمانۇ هەسرەت كۆپتۇر دىلىمدە،
دېسەم تۈگەنمەس گۇياكى كاندۇر.

بەزمىغە بارىپ جەنا رەقىبىم،
زەهراب غەمنىنك قىلدىك نەسىبىم،
گاهى مېنىنك هەم بولغىل قەرىبىم،
سەن سەن هەبىبىم هازىق تەبىبىم،
دەردىمغە بىشەك بول بىگۇماندۇر.

مەن سارى باقماي كىبرۇ هاۋادىن،
دۈشمەنلەرىمنىك بەردىك مۇرادىن،
قىلساك نە بولغاي مەن خەستە ياردىن،
شاها غۇلامىك پەريادۇ دادىن،
سورمايسەن ئەسلا قانداغ زەماندۇر.

هىجرىڭدە قالىپ يەتمەي ۋىسالە،

دايىم ئىشىمدۇر فەريادۇ نالە،
تۈشتۈم غەمىگدىن رەنجۇ مەلالە،
ئى جانەجانىم قىلدىم ھاۋالە،
تەڭرىغە بولكۈن ھەركىم ياماندۇر.

فۇرقەت ئوتىغە ئۆرتەندى شەۋكەت،
غەرق ئەتتى جىسمىن توفانى ھەسرەت،
قىل ئاڭا شەپقەن فۇرسەت غەنىمەت،
گۇلدەك يۈزۈڭنى ئىشقىدە خىسلەت،
بولبۇلغا ئوخشاش كارى فىغاندۇر.

(«باياز ھەزىنى» 155-بەت)



## يۇسۇف غەزىلىگە مۇخەممەس

تاكى ھۆسنىڭ گۈلشەنىغە بولدى زىۋەر كاكۇلىڭ،
ئالەم ئىچرە شورۇغەۋغا سالدى يەكسەر كاكۇلىڭ،
بولدى ئالەم مۇشكى بۇي يايدىڭ مۇقەررەر كاكۇلىڭ،
كىچە تەبرەندى سەبادىن ئى سەمەنبەر كاكۇلىڭ،
گۈل يۈزۈڭ ئەترافىدا چۈن سۈنبۈلتەر كاكۇلىڭ.

ئۇيلاكىم ئايىنە باردۇر ھۆسنىگە ھەيرانلارىڭ،
ئى كەمان ئەبرۇ نىچۈك مەن بولمايىن قۇربانلارىڭ،
ئەيشى ئىشىگدۇر سىينىڭ، دەۋران سىينىگدۇر دەۋرانلارىڭ،
بىر تەرەپ تاراجى دىلغە سەف چېكىپ مىژگانلارىڭ،
بىر تەرەفدىن دەستە دەستە چەكتى لەشكەر كاكۇلىڭ.

دايىما بولسۇن سىينىڭ خەللاقى ئالەم ياۋەرىڭ،
ھەردەمى ئارتسۇن شۇكۇھ ئىلە يەنە زىبۇفەرىڭ،
جۈملە ئاشىق ئاجىز ئىلە باردۇر سىينىڭ خاك دەرىڭ،
ھۆسنى شاھى سەن تەمامى خوبلار فەرمانبەرىڭ،
رۇخدىن تا شامۇچىن قىلدى مۇسەخخەر كاكۇلىڭ .

مىھرى رۇخسارىڭدىن ئالغىل پەردە بولسۇن ئاشكار،
ئىشق ئىلى بارىنى قىلغىل زەررە يەگلىغ بىقەرار،

دەۋلەت ھۆسنۈڭ كەمال ئەۋجىدە بولسۇن پايىدار،
تىرەدىن مەرغۇلە ئاچقىل نافەدىن مۈشكى تەتار،
تاكى قىلسۇن جان دىماغىنى مۇئەتتەر كاكۇلۇڭ.

قەددى شەۋكەت بولدى خەم جەنا قاشىڭنى ياسىدىن،
بىر سېنى دەپ كەچتى ئاخىر مەنزىلۇ مەئىۋاسىدىن،
نىچەلار بىمار ئىشقىڭدۇر كۆزۈڭ شەھلاسىدىن،
ئەلگە يۈز شورۇجۇنۇن خالۇ خەتتىڭ سەۋداسىدىن،
يۈسۈف بىچارىنى قىلدى قەلەندەر كاكۇلۇڭ.

(«باياز ھەزىنى» 70-بەت)



## ئەسرى غەزىلىگە مۇخەممەس

تەجەللى تووۇرىدىن بىر ئەرزى دىدار ئەيلەمەيسىزمۇ،
مۇھەببەت ۋادىسى سەرگەشتەسىن يار ئەيلەمەيسىزمۇ،
مەسىھالىق ئىشىن بىر دەمدە ئىزھار ئەيلەمەيسىزمۇ،
سەھى سەرۋى مەزارىم ئۈزرە رەفتار ئەيلەمەيسىزمۇ،
مېنى خاكى ئەدەمدىن ئەمدى بىدار ئەيلەمەيسىزمۇ.

تەرەھھۇملار بىلە دىلخەستەلار ھالىن سوراب گاھا،
رەقىب روسيەھنى باخەبەر قىلماي بولۇپ تەنھا،
تەراب ساچلارنى تاشلاب ھەرسارى بىزگە سالىب سەۋدا،
لەب شىرىنۇشكەر خەندۇ قەند ئالۇد ئىلە جەنا،
كۇلۇب تۇتى سىفەت ئاغاز گۇفتار ئەيلەمەيسىزمۇ.

تەغافۇل شىۋەسىدىن يانمادىڭىز ئىجتىناب ئەيلەب،
دىمەيسىز ئاشىقە رەھم ئەيلايىن تەرك ئىتاب ئەيلەب،
نە بولغاي كەلسەڭىز يۈزلارىنى ھەمچۈن ئافتاب ئەيلەب،
ئۈيالىب گاھ ياتىپ گاھ ئۆزىنى پىچتاب ئەيلەب،
باقىب ئايىنە يەڭلىغ مەھۋەدىدار ئەيلەمەيسىزمۇ .

قەددىڭىز رەۋنەقى سىندۇردى ئول سەرۋى خىيابانىنى،
يۈزىڭىز تەلئەتىدىن يەكسەر ئوت ئالدى گۇلىستانىنى،

تىلەب ۋەسلى ئۆيگە شەفقەت بىلە مەن كەبى نالاننى،
مۇئەنبەر مۇشكپەرۋەر ئەتىرسازلىق پەرىشاننى،
سالىب بوينۇمغە كاكۇللارىنى زوننار ئەيلەمەيسىزمۇ.

شىكەرخا توتىدەك سۆز سۆزلىماقغە ئاچىبان تىلنى،
بىرىب گۇلگۇنەدىن تا يۈزغە زىنىنەت كۆيدۇرۇب ئەلنى،
كىيىب بىر كىچە بىزنى كۇلبەمىزغە سەير ئېتىب دىلنى،
تەراب ساچنى، سىلاب يۈزنى، سىقىب گۇلدەستەدەك بەلنى،
قاقىب قاشنى، قىسىپ كۆزلارنى خۇمار ئەيلەمەيسىزمۇ.

خىرەدنى قولدىن ئىلتار كۆزلەرىڭىز بىر نەزەر بىرلە،
نەزاكەت گۇل قىلۇر قەدد چەكسەڭىز تەرز دىگەر بىرلە،
قۇياش بىرلە مۇناسىب سىز نە ھەربىر سىمبەر بىرلە،
خىرام ئەيلاردە ساز، نازۇ تەرز ئىشۋەلەر بىرلە،
ئۇشاتىب سەرۋىنى تۇبىنى ھەمۋار ئەيلەمەيسىزمۇ.

دىل دىۋانىلارنى سەيدىغە كاكۇلنى دام ئەيلەب،
ئادايۇ ناز ئىلە رەسم پەردەلىغنى تەمام ئەيلەب،
كۇلۇب باقىب ئۇيالىب رەھگۇزەرلەردە سەلام ئەيلەب،
ئۆتەردە ھەرتەرەفغە سىلكىنىب نازۇ خىرام ئەيلەب،
تەمامى پىرۇ بەرنالارنى خۇشتار ئەيلەمەيسىزمۇ.

زىياد ئۇلسۇن شۇكۇھۇ شەۋكەتىڭز ئى فەلان خانىم،

قەچان بىر كىچە لوتۇ ئەيلەب بولۇرسىز ياخشى مىھمانىم،
ئېرۇرسىز ھۆسنى ئەفلاكى ئارا چۇن ماھتابانىم،
نەزاكەت باغىدە ئەي نەۋ نەھالۇ تازە جەۋلانىم،
ئەسرى كۆلبەسىنى رەشك گۇلزار ئەيلەمەيسىزمۇ.

(«باياز ھەزىنى» 55-بەت)



# موتی

# ئاپتوردىن

بۇ ئىشقى تەسۋىرات ۋە پەرىشان شېئىر-نەزمىلەرنى يازغۇچى ئۆزىنىڭ ھال ۋە شەرھىنى بايان قىلماقچىكى، ۋۇجۇد گۈلۈمىنىڭ دەرىخى—تېمۇر كوراگان گۈلىستانىنىڭ شەجەرە نەسەب مېۋىسىدىندۇر. ئېسىللىك بوستانىدا ئىززەت باھارىنىڭ پارلاق ھاۋاسى تەربىيتى بىلەن باش كۆتۈرۈپ ئۆسۈپ يېتىلدىم.

تۆرەلمە كۆچىتىم—بابۇر سۇلتان نەسلى گۈلزارىنىڭ نوتىسىدۇر. دەۋلەت ۋە سەلتەنەت باغچىسىنىڭ خۇشپۇراق مەيىن شاماللىرى بىلەن كۆكلەپ، مۇرادىم غۇنچىلىرىدىن مەقسەت گۈلۈم ئېچىلدى. گۈزەللىك بېغىدا ئىقبال ئامالىنى يۇرۇتقۇچى گۈل-رەيھان ئەتىرلىرى ھاياتلىق نەپەسلىرىمنى خۇشپۇراق قىلدى.

مەرتىۋە دەرىجەم—يۈكسەكلىكتە مەملىكەت مەيدانىدا ئالەم ئەھلىنىڭ بىرلىكتە ھىمايەت سايىسىنى سالدى. دەۋران خالايىقى خاتىرجەملىك تاپتى. چۈنكى، دۆلەت سەلتەنەت تەختىدىن ئورۇن ئالدىم. خەلقچىلىق، پۇقراپەرۋەرلىك يولىنى تۇتۇپ، كۆچسىز، كەمبەغەل، نامرات، موھتاجلاردىن ھال-ئەھۋال سوراپ، ئىگە-چاقىسىز غېرىپ-غۇرۋالاردىن خەۋەر ئېلىپ، ئازاب چەككەن غەمكىنلەرنىڭ

قامەتلارىڭ سەرۋى باغ نەزاكەت،
لەبلەرىڭدىن مەۋج ئۇرغاي لەتافەت،
ئى يۇسۇفى تەختى مىسر مەلاھەت،
يەئقۇبىڭنى دىدە بىنا قىلمادىڭ.

ئاقشاملارى بەزم ئەيلەشىب تاسەھەر،
شۇم رەقىبلار مۇرادىغە يەتتىلەر،
مۇقىمىغە ئەمما ئەيلەب ۋەئىدەلەر،
ۋادەرىخا، ھىچبىر ۋەفا قىلمادىڭ.

(«باياز ھەزىنى» 98-بەت)



## 2

تا ئۆزۈڭنى بەزم ئارا ئەيلەدىڭ،
بى نىھايەت زارۇ شەيدا ئەيلەدىڭ،
قامىتىڭنى سەرۋى رەئنا ئەيلەدىڭ،
قەمەرىلارنى ئاتەش نەۋا ئەيلەدىڭ.

ئى دىلبەر ناز ئافرىن يىگانە،
كۆرمەس ئەمدى سەندەك جان زەمانە،
ئەيلەب كىيتىب ھەر ئىشگە بىر باھانە،
يۈرەك باغرىم ئىزىب ئەدا ئەيلەدىڭ.

فەتانەتلىك ئى ياخشىلار سەرۋەرى،
بىشەرمۇ سەن يا مەلائىك يا پەرى،
جەفا قىلساڭ كۆب ئاشىقىڭ دەفتەرى،
نى گۇناھىم ماڭا تەنھا ئەيلەدىڭ.

لەبلەرىڭدىن لەئىل ئەدن شەرمەندە،
تىشلارىڭغە گەۋھەر دەريا دەبەندە،
كىم بولۇردى گۇلچىھرەلەر خوقەنددە،
قايسى باغدىن نەشۇۋنەما ئەيلەدىڭ.

داغدا رەشىك رۇخسارىڭدىن لالەلەر،
تاۋۇس ئەيلەر ئىشقىڭ بىلەن نالەلەر،
خىجالەتدىن ئاي يۈزىدە پالەلەر،
بۇ مەلاھەت قايدىن پەيدا ئەيلەدىڭ.

ئەۋۋەلدە چىكىب ئەندۇھۇ ھىجران،
ۋىسالىڭدىن تابقان چاغىمدا دەرمان.
قىلىب كاكۇللارنى ھەريان پەرىشان،
ۋابەستەئى چەندىن بەلا ئەيلەدىڭ.

ۋەسلىڭ ئىردى مۇقىمىيا مۇرادىم،
تەغافۇلدىن ئىشتمەدىڭ فەريادىم،
يۈز ئۆلتۈرۈب باز ئۈستىگە جەللادىم،
قاشلارىڭدىن دار بەرپا ئەيلەدىڭ.

(«باياز ھەزىنى» 166-بەت)



3

# تارىخى زىلزىلەئى ئەندجان

ئىشتىڭ ئەي دوستلار ئەيلەي بايان،
بەندەلارىن ئەيلەدى ھەق ئىمتىھان.
قەھر قىلىب ئىبرەت ئۈچۈن ئاشكار،
زورىنى بىلدۈردى خۇدايى جەھان.
زىلزىلەدىن لەھزەدە شۇنداغ شەھەر،
بولدى چۇ ۋەيرانەئى جوغىز ئاشىيان.
روزەنى ئون ئالتىسى سەشەنبە كۈن،
قالدى ئىمارەت تەكدىدە ئىنسۇ جان.
مەدرەسەيۇ مەسجەدۇ زابۇدلارى،
ئەغنادى ھەممامۇ سەرايۇ دۇككان.
تۇرفە تولئىن ئىچرە بىناسى تۈگەب،
چىقتى فەلەك ئۈزرە غەرىۋۇ فىغان.
كىمكى تىرىك قاچتى يەلانغاچۇ ئاچ،
كىسەكىم يوق يىسەلار پارچە نان.
ئالسالار ئەنقاكىم ئاچىب مەردىكار،
ئولكى تام ئاستىدە قالىشتى نىھان.
گويا بولۇب ئول كۈنى يەۋمۇلجەزا،
ئۆزىدىن ئۈمىد ئۈزدى قەرىيۇ جەۋان.

هالىغه ئۇل قەۋمنى بىئختيار،
ئاي كۆيۈبان يىغلادى قان ئاسمان.
شەھدىن ئەگەر يىتماسە ئەمداد ۋۇجۇد،
ئېردى رەئىييەتقە نىھايەت زىيان.
شەفقەت ئىلە باردى يەرىم پادىشاھ،
ھازىر ئۇشۇل زىلزىلە بولغان زەمان.
خەيرۇ خۇدايى يىغىب پىرمەلەكدىن،
قىسمەت ئىلە بەردى بولۇب مىھرىبان.
نانپەزۇ قەسساب تاپىب دەفقە،
قۇردى تونۇر ئورنىغە ماشىن قەزان.
سارتچە ئاشلار پىشۇرۇب ئەرتەكەچ،
بىۋەيۇ بىچارەغە سوزدى شولان.
ئەكسەرى ئوريانۇ ھەۋالار ساۋۇق،
تۇتتى ئالار باشلارىغە سايەبان.
ھەممە يەردە دارىن تەراتىب* دوختۇرە،
تابتى سىھھەت دارۇيۇ دەرمان بىلەن.
سۇرئەت ئىلە خەير ئۇلۇسىدىن يىتىب،
بارلىغى ھەم خەيرىيەت ئولدى دېگەن.
بۇيلا ئەگەر كۆرمەسەلار ئىلتىفات،
سەھل ئىدىكىم قالماسە بىرجان ئەمان.
مەردەمى ھەم ھەرىس قويۇب نوختەگە،

---

* تەراتىب — ئەسلى نۇسخىدا «قەراتىب» يېزىلغان، مەنا ئېتىۋارى بىلەن «ق» — «ت»غا ئۆزگەرتىپ ئوقۇلدى.

يەرلەرىنى ئاقچەغە چاغلاردى كان.
كۆز بىلە ئىنساق قىلىب باقساڭىز،
بەئزى مۇسۇلمانلارىمىز ھەم يامان.
تەگدى كاسافەتى بارى يورتقە ھەم،
باركى مىسلى بىر يىڭى مىڭگە دىگەن.
فىئىل بەدىن تەڭرى مۇكافاتىغە،
تىر جەزاغە قىلا قالدى نىشان.
ناگاھ ئىتاب ئەيلەسە پەرۋەردىگار،
ھاجەت ئەمەس لەشكەرۇ تىرۇ كەمان،
تەئىنە خەتا ئۇشبۇ مۇسىبەتلارىن،
روزى ئەزەل كاتىبى يازغان ئىكەن.
سىررى ھەقىقەت بۇ مۇقىمى خامۇش،
ساڭا نەدەركار دىمەك ئىنۇئان.
جان باشىنە زىلزىلە قەسد ئەيلەگەچ،
تارىخىن ئەقىل ئەيدى — دەرىخ ئەندجان.

**ھىجرى**-1320

(«باياز ھەزىنى» 121-بەت)

## 4

دلبەرا شور قيامەت ئاشكارا ئەيلەب كېلىك،
بولسا نامەھرەم ئەگەر نامۇسۇ ئار ئەيلەب كېلىك،
شۇم رەقىبلەر كۆزىچە ئالەمنى تار ئەيلەب كېلىك،
كەلسەڭىز كۆلبەم ئارا كۆزنى خۇمار ئەيلەب كېلىك،
لېكىن ئەل كۆزىچە تەمكىنۇ قەرار ئەيلەب كېلىك.

گۇل يۈز ئۈزرە ئىككى زولفىڭنى يەنە سۇنبۇل قىلىپ،
ئارزىڭغە ئىشق ئىلىن شەيدائىيۇ بۇلبۇل قىلىپ،
خارۇخەسنى لوتف ئېتىپ رەيھان بىلە چۇنبۇل قىلىپ،
ئۇچرىسا ئەغيار ئەگەر سالماي نەزەر بىسمىل قىلىپ،
قانلارىدىن كوچەلارنى لالەزار ئەيلەب كېلىك.

كەڭ ئولۇر قىلساڭ تەكەللۇم تۇتىئى شىرىن سۇخەن،
كۆزلەرىڭدىن رەشك ئېتىپ ئاۋارە ئاھۇيى خوتەن،
تىشلارىڭدىن ھەم خىجىل شەرمەندەدۇر دۇررى ئەدەن،
لاف ئۇرار گۇلزار ئارا سەرۋ ئىلە شەمشادۇ يىسمەن،
قامەتىڭىز كۆرسەتىپ بىر شەرمساز ئەيلەب كېلىك.

بولمادى ھەرگىز يەسەر قالسە كۆز ياشىم تىنىپ،
مۇئەن سەبرىم تۆكۈلدى شاخ ئارامىم سىنىپ،

چىقساڭىز بىر كۈن ئەگەر ئىھسان سەمەندىغە مىنىپ،
ھەر تەرەپكە تاشلابان كاكۇللارىڭنى سىلكىنىپ،
كۆلبە ئەھزانىمنى مۇشك تەتار ئەيلەب كېلىڭ.

نازۇ ئىستىغنا بىلەن ھەركۈن نىتار كەلسەڭ كۈلۈپ،
مەست قىلساڭ غەمزەلار بىرلەن دەمادەم مەي سۈنۈپ،
بوينۇڭغە قول تاشلاسام ياتساق ئىككۆلان بىر بولۇپ،
كېچە-كۈندۈز ئاھ ئۇرارمەن يوللارىڭدە تىرمۇلۇپ،
سىزگە ئاشىقىنگىم ئەيدى ئىنتزار ئەيلاب كېلىڭ.

داغلار كۆڭلۈمدە قەت-قەت غۇنچىدەك بولمىش نىھان،
بار غەمدىن سەرۋ يەڭلىغ قاشىم بولدى كەمان،
ئىشقىنىڭ كويىداكىم بەرباد بەردىم خانىمان،
ماڭا زاھىد تەئنە قىلمىش ئەمدى ئى ئارامى جان،
ئانى ھەم بارىب مېنىڭدەك بىقەرار ئەيلەب كېلىڭ.

ئۆلتۈرۈب بىر نىچچەنى ئەبرۇ كەمان بىرلە ئاتىپ،
ھەم مەسىھاگە مۇردا تىرگۈزمەكنى بەرەسمىنى ئۆرگەتىپ،
بىر غۇلامىڭدۇر موقىمى خاھ ساقلاغىل خاھى ساتىپ،
ئىشق بازارى ئارا مەيگۈن لەبىڭنى كۆرساتىپ،
لەئل قەدرىن سىندۇرۇپ بىئتىبار ئەيلەب كېلىڭ.

(«باياز ھەزىنى» 180-بەت)

## 5

# ھەجۋيلەر

ئىشتىڭ بىر ھېكايە ئەيتقاندىن،
توي ناچار قىلدى يالغاندىن.
خوجەبىن بەردى تاشكەنددىن تىل،
توي قىلساڭدە قوي ئورنىغا كەفىل.
ئوغلىڭىزنى دېدىكى قىلماڭ توي،
بەلكى ئات تىزەكىنى قىلماڭ بوي.
نى كېرەك سىزگە توي قىلماغلىق،
كېرىلىب ئابرويى قىلماغلىق.
گەر دېسەڭىز مېنى قەزان قۇرماڭ،
كۆتىگە باقماي قولاچ كەش ئوسۇرماڭ.
مەن رىزامەس كىشىگە نان بەرسەڭ،
يا تاۋۇق ساقلاساڭۇ دان بەرسەڭ.
تۉنۉكۉڭدىن ئەگەردە چىقسا تۉتۉن،
مۇندە يەر دەستمايەلەرنى بۉتۇن.
بولسا ئۆمىدىڭىز ئەگەر بىزدىن،
مەنفەت كۆرمەسۇن بىراۋ سىزدىن.
ئۇشبۇ مەزمۇندە قاقتى سىم خوجەبىن،
شاد ئولۇب ئەر خاتۇن دېدى ئولايىن.

ساق نىيەت سۆيىكى لايلانسە،
نە ئەجەب خەير ئىشكى بابلانسە.
كىچىكۇ كوتەھ خورد ئىلە رىزە،
قىلدىلار بىر-بىرىگە ئىستىزە.
ئۆي ئىچى ئورنىغە ئويۇن كۆلكۆ،
يولۇشۇپ يۈز يېغى سىغى، قايغۇ.
تاشقارىدە قىمىرلاغان ئەركەك،
بىر-بىر ئۆيگە ئاچىغۇ چىرتەك.
تويغا ئۆز توخمىدىن خاتۇن دېمادى،
ئاچىغىدىن ئاتاسى ئاش يېمادى.
توي تەماشا ئىزاغا ئايلاندى،
بالا خەير تۇردى كۆيدىيۇ ياندى.
قوي ئالىب سويدى چەھار سومغە،
ئۇردىلار گوشتۇ ياغىمنى خومغە.
ئۈچ كىشىنى مەھەللەدىن ئاخشام،
چىرلادى كەلدى ئالدۇرۇب ئىلدام.
ئاتلارىنى دەيىن دېسەڭ كىم كىم،
سەرتەراش كور ھاجى سەيىد قاسىم.
ئورتاغە قويدى كاللەسىن چىقارىب،
كۆرگۈزۈڭ مەسلەھەت دېدى قىزارىب.
بىراۋ ئۇنداق دېدى بىراۋ مۇنداغ،
ئەلدە ئەيتۇر چەنانچە كىم تومتاغ.
مەشورەتلار قىلىب ھارىشتىلار،

نىچچە يەرگە ئوچاق قازىشتىلار.
ئاقىبەت مەسلەھەت بۇ يەرگە قەرار،
تابتىكىم چىقتىلار سىكىن بازار.
كاللەغە يەتكۈدەك گۈرۈچ ئىلە ياغ،
كەلدىلار ئاشىب ئۇچىدە ئاياغ.
ئىس چىقارماي ئاشنى دەملادىلار،
ئاڭا لايىق توققۇزنى غەملادىلار.
ئوچاق ئۈستىدە گەر يۈتەلسە بىراۋ،
يەر ئىدى يەلكەسىغە كاتتە كوساۋ.
بىرى قاتتىغ چىقارسا ئاۋازىن،
بىلمەسۇن قوشنى دەب ئاغزىن.
قوشنىلارىم سالۇرلار ئىردى قولاق،
ئەسەردىن تابماس ئىردىبۇ يەك تەباق.
دەيدۇغان ئادەمىن تۇتۇب نامىن،
دىدى يىسۇن كىلىب ئاشۇ نانىن.
يەتتە ئادەمنى ئۆز مەھلەسىدىن،
قارنى توق يىڭى تون بىسەللەسىدىن.
قىلدى شاۋقۇنلاماي ئەمما ئۆيىدىن،
مۇندىن ئۇندىن، يوقارىدىن قويىدىن.
كىردىلار تويغا قول يوۋۇب دىگەنى،
خەير مۇقەددەم دەب ئوتقۇزۇب ھەممەنى.
توي مۇبارەك دىيىشتى پىشۇ پەس،
دىدى مۇنداغ دىمەڭ بۇ توي ئىرمەس.

بىلسە ئىمامۇ ئەھل رەستەلارىم،
ئىچلارىدە قىن گىن يۇرەرىم.
يەتسە ناگەھ قولاغلارىغە بۇ گەپ،
ئابرويۇم كېتىب قالۇردە تۉگەب.
نېمە كۆب مەندە يار ئاشىنا كۆب،
باي كۆب شەيخۇ خاجە موللا كۆب.
مەن ھەر ئادەمنى ئادەميۇ مەلاي،
زەن چىلىش ئىزمە ھەم چۇزۇلدى تەلاي.
تويغا كىرگەن ئۇشول بەش ئون ئادەم،
دېدى خوب كۆب زەمانەدە شولھەم.
سالدى ئەلقىسسە ئىككى دەستۇرخان،
قويدى سايىل كەبى نىچچە خىل نان.
بىرسى يۇمشاقۇ بىرى قاتغان،
بىرى ئىسسىغ بىرى موئىز ئاتقان،
يەڭ ئىچىدە قويۇلدى توققۇز نان،
كولچەلار تاشۇ سىنىدۇر دەندان.
سوزدى ئاش بىرلىگودە ئۉچ كىشىدىن،
كەتتى ئاشىن كۆرۉب ھەممە ھۇشىدىن.
ئاش مىسالى تەبەقدە كۆز ياشى،
كۆرمەكى كۆب گۆرۉنچىدىن تاشى.
بىر ئاغىز ئەمدى ئالدىلار يېگى،
چىقتى لەففەك تاباق ئۆزى چەڭى.
فاتىھە چىھىل ئىلە ئۇقۇشتى تۇرۇب،

كەلدىلار تويدىن ئاچ كىيكۈرۈشۈپ.
ئىككى يۈز سوم بولۇرمۇ دەپ شىرەۋار.
بولغانى شولمۇ تويىنى ئاخىر كار.
بارىھا ئەيتۇر ئىردى تويلاردا،
يارۇ دوستىغە كوچە كويلاردا.
قىرق چار يەك گۆرۈنچ ئالاي دەرمەن،
يەنە تويۇمغە يەتمەگەي دەرمەن.
خاتىرىم جەمئ توغرىسىدىن ئۈنۈم،
كىملىكىم بىر سوقۇم بىلەن ئوتۇنۇم.
باشلاسام توي ئەگەر قازاننى قۇرۇپ،
ئۆتكارىڭ ئۆزىڭىز باشىدە تۇرۇپ.
يوق بىرىسىدە بۇ دىگەنلارىدىن،
توقۇز ئاشلارىن يىگەنلارىدىن.
كوچە دەرۋازە توي كۈنى زەنجىر،
تۆكتى مىسكىن گەدا يولىغە قىر.
خەتىم قۇرئان قويۇلدى تويىنى ئاتى،
بولسا شۇنداغ بولۇرمۇدى ئۇياتى.
ئۇردى چوت سەرفىغە توي ئۆتكەندە،
تۇزغىچە جەمئى ئوتتۇز ئۈچ تەڭگە.
ئۇشبۇ سۆزلەر مۇقىمى ئەمەس يالغان،
قوۋۇن قوشنىسى شاھىدۇ بۇرھان.
مۇختەسەر بولدى تاپتى سۆز ئەنجام،
ئەلدۇئا ۋەسسالام نامە تەمام.

(«باياز ھەزىنى» 194-بەت)

## 6

ئەرز ئەيتايىن تىڭلاسالار خان ئىگەم،
ئەيلادىلار ۋەئىدەنى يالغان ئىگەم.
ئابدۇسەمەد خانۇ خوجەندى جان،
بولغان ئىكەن ئىككىلارى مىھمان.
بىزدە نى جۇرم ئېردىكى قىلماي خەبەر،
بەزم قىلىپسىز كىچەسى تا سەھەر.
قايسى لەتايىفدە بۇ سۆزدۇر مەسەل،
بىر غەنى بىرلەن بار ئىدى كەمبەغەل.
ئىككىسى ناگاھ ئىكەن ھەمسەفەر،
بولدە بولۇب قالدى نەماز دىگەر.
قىلدى مۇئەززىنلەر ئەزانىن تەمام،
باي تۇرۇب ئەسرگە بولدى ئىمام.
شامە ئىمام ئول دېدى بىچارەنى،
يەئنى ئۇشۇل خەستە جىگەر پارەنى.
دېدىكى ئول كەمبەغەل: ئى نىك نام،
ئىدامايىن ئەسرگە بولدۇڭ ئىمام.
خەفىيەسىگە قىلدىڭ ئىمامەتچىلىك،
چىھردەمۇ ماڭا سۇنارسەن ئىلىك.
ئۆتتۇڭ ئوقۇيدۇرغانىغە ئىنداماي،
مۇڭا ھەم ئۆت ئەمدى ئۆزۈڭ ئىنداماي.

بۇيلا لەتىفە بىلە ئۇ خوش كەلام،
شامغە ھەم ئەيلەدى باينى ئىمام.
ئى ئەل ئارا زەكىيۇ ساھىب كەرەم،
ئىشلارىڭىز مۇندە قىزىق سىزنى ھەم.
بويلا كەيلان كىچە پەرى چىھرەلار،
قايدە ئىكەندۇركى دىمەيسىز ئالار.
چىقتى كېچە مۇندىنۇ يالغۇز قالىب،
بارمىش ئىكەن سىز بەئىزى ناچار ئالىب.
يوق بىلەسىزكىم بۇ كىچە مىھمان،
كەلمەكى نەزدىكۇ يىراقدىن كەمان.
بەئىدەدى سىزگە بويۇننى قەشىب،
ئەي يۈرىڭىز ئولتۇرامىز كەپلەشىب.
خۇررەم ئېتىب يوقلاك ئىكىدە ھەم،
ئەيلەسەم ھەرقانچە كۆللى سىزدىن ئاز.
خوش كەرەم ئەھلىغە فەقىر ئەتسە ناز.
مۇختەسەر ئەيلەب سۆزۈم ئەتتىم تەمام،
خاھ سوراڭۇ سوراماك ۋەسسالام.

(«باياز ھەزىنى» 203-بەت)

# 7

بولدى تەئەججۇب قىزىق ھەنگامەلەر،
ئەرز ئەيتايىن ئەمدى يازىب نامەلەر.
ئون ئىككى ئايدە كىلەردۇر بىر تەناب،
ئۆزگەلارە راھەتۇ ماڭا ئەزاب.
سۇلتان ئەلى خاجە ھەكىم جان ئىكاۋ،
بىرى خاتۇن بىرىسى بولدى كوياۋ.
ئىكىلاسى بولدى چەنان ئىتتىپاق،
كويۇ خىيالى ئىلەكى قىلماي نىفاق.
ئاش يىسەلەر ئورتادە بىرسان ئىلىك،
خاجە چىراغ ياغۇ ھەكىم جان فىلىك.
سەللەلارى باشلارىدە ئاق سەۋەت،
كۆرفەتەكىدە ھەممە ئان ئۈچ قەۋەت.
قايسىكى قىشلاققە تۈشەر ئاتىدىن،
ئەلنى يىغىب ۋاقىق ئىتەر زاتىدىن.
دىركى كۆزۈڭا ھالى كەل جۆۋەمەن،
مەخدۇم ئەئىزەملىك ئۆزۈم خاجەمەن.
ئاتەمىزى ئاتلارى شاخلىق مەزار،
مۇخلىسىمىز مەردۇمۇ ئەھلى دىيار.
بىزلارە ئەر ھۇببى بولاردۇر تەغا،
ئوممەمىزى ئەرلارىدۇر نۇرئەتا.

بىبى ئەبدە بۇلاردۇر خالىمىز،
گاھ كېلۇر ئېردى كىچىك بالىمىز.
خەزىر ئاتىمىز بىرلە بەرادەر ئېرۇر،
چىملىغ ئەزىزلاردا دەر ئېرۇر.
گەرچە ئىيسام ئالەمۇ شەيىخ زەمان،
ئەمدى بىرەي قىرقىڭىزە بىر قەزان.
مەنكى تەنابىڭا چىقىب مەن كېلىب،
خىدمەتىمى ياخشى قىلىڭلار بىلىب.
ئوت قويۇبان كۆيدۇرادۇرغان ئۆزۇم.
هاكىمىڭۇ ئۆلتۇرادۇرغان ئۆزۇم.
خاھ تەنابىڭنى دۇ چەندان قىلاي،
خاھ كەرەم بىرلە باشىڭنى سىلاي.
خاجە سۆزىنى مۇڭا بەرمەي قەرار،
مەردۇم سەھرائى بولۇر بىقەرار.
دەركى ھەكىم جانغە ئايا ئاقسەقال،
بىزنى تاپىبسەن مۇكەررەمكىم ئۇسال.
هازىر ئەتتىك تۆرت نەفەر مەردىكار،
توغرى قىل ئالدىمغە قىلىبان قەتار.
ئەرقانىمى يەرىڭا سۆدرەب چىقاي،
بەچچە تەلاق قىشلاقلارىنى ئۇراي.
بىر بۇرايىن موي لەبىمنى چىقىب،
تارت تەنابىنى جەزاسى سىقىب.
ياخشىلىغىڭنى فوقرا بىلمەگەي،

هالى بۇلار كۆزگە بىزى ئىلمەگەي.
ئىككى تەنابىڭنى قىلاي ئون تەناب،
يۇرتىڭىزى كۆيدۈرۈپ ئەيلەي خەراب.
خاھ ئۆلۈك خاھ قالىك بەچچەغەر،
دەبكى ئۆزەنگۈگە ئەياغىن تىرەر.
بارچەسى ئەيلەر يىغلىب مەسلەھەت،
دۇمەھكە دەر بىر نىمە بىرىب جۇنات.
ئاقچە قولىدا ئىككى ئۈچ مويسفىد،
دەركى بۇ نەزەرىڭىزۇ بىزلەر مۇرىد.
زولۇم بىلەن ئىلىكۇ يۈزىنى ئالۇر،
باز تەنابىنى دۇ چەندان سالۇر.
داغى بۇلار ياخشىيۇ بىزلەر يامان،
ئەل تەمىزىدىن ھەزەر ئەت ئەلئامان.

(«باياز ھەزىنى» 206-بەت)



# 8

باشلارىدا شەبكە گاھى گاھ دەستار ئەۋلىيا،
قوللارىدا سۇبهە، بويىنىدە زۇننار ئەۋلىيا.
تۆبەدەك ئاخىر زەمانىدە چىقسا بۇ يەگىلىغ نەباك،
ھەر جەلەبغە ئاشىقۇ ھەركۆتكە خۇشتار ئەۋلىيا.
... ... *
شول ئىبرۇر كەشفۇ كەرامەتىكى بويلاب سۇبهۇ شام،
چىقسا ھەر يەردىن بىر ئىس ھازىر خەبەردار ئەۋلىيا.
دايىما بى پەردە سۆز خەلق ئىچرە ئەيتۇر بىئىبا،
بولماغاي دەب قورقامەن ناگاھ سەنگسار ئەۋلىيا.
تازە قولنى يوۋۇب يەيدۇر ھەلال ئەيلەب گۇمان،
ئۇچراسا ھەر يەردە كىم مەكرۇھۇ مۇردار ئەۋلىيا.
گەر مۇقەللەد بولسا پوستىن بىرلە تاقەت قىلماساك،
مۇز قىزىقلىقلار ياغار تەقلىدىن قار ئەۋلىيا.
تۇرمۇقدىن يوق بۆلەك ئاغىرلىقى دۇنيادا ھىچ،
ئاخىرەتسارى سەفەر قىلسا سەبۇكبار ئەۋلىيا.
قىلھەقىقەت بولما غەفلەتدىن بى ئەندىشە مۇقىم،
بەسكى شۆھرەت تابتى رەسۋالىغدە بىسيار ئەۋلىيا.

(«باياز ھەزىنى» 211-بەت)

* بۇ جايدىن بىر كۇپلېت قالدۇرۇلدى.

## 9

نەچچە كۈندۈر بەدەرەك كەتتىڭ يوقالدىڭ ئاخۇنۇم،
ناگىھان بىتاب بولساڭ ئېھتىمالدىڭ ئاخۇنۇم،
ياكى بىر ھەيز ئىلە بىر يەردە قامالدىڭ ئاخۇنۇم،
خوپ كېلەيدەپ كەچقۇرۇن كەلمايكى قالدىڭ ئاخۇنۇم،
كۆت كەبى كۆرگەندە خىجالەتدىن ئۇيالدىڭ ئاخۇنۇم.

لازىم ئېردى ياتىبان ئويقۇنى ئۇرماق قەيگىچە،
ئى كۆڭۈللارغە تۈشۈپ سۆھبەتنى ئۇرماق قەيگىچە،
يول تىكسى بولسا خىيال ئەتدىڭ يۈگۈرماق قەيگىچە،
ساڭا ھەم ئاسان ئەمەس لايىقدە يۈرمەك قەيگىچە،
مەسەل ئىت قەۋگان بۇزاق كەلگۈنچە تالدىڭ ئاخۇنۇم.

دوستلۇغ شۇنداغ بولۇرمۇ ھەپتە ئەن بىر كەلمەسەڭ،
ئادىمىيەتلىقنى رەسمىن قانداق ئېركەن بىلمەسەڭ،
خەت يۈبارغاندە كېلۇر سەن بىر ئۆزۈڭچە كەلمەسەڭ،
لازىم ئېردى ۋەئدەگە مۇنداغ قىلماساڭ،
سۇندۇڭۇ لەخ-لەخ بولۇپ ئەمدى ئۇشالدىڭ ئاخۇنۇم.

دەپ ئىدىڭ: «بىر كۈن بېرىپ ھەسرەتلىشىپ يانماقچىمەن»،
ئالدادىڭ كەلمەيۇ لېكىن ساڭا ئالداتماقچىمەن،

بۇ ئىشقىغە ئەمدى مەن ئاتلارغە سۆرەتمەكچىمەن،
بىر ئوشۇل جانىغە بارغاندا كۆرۈپ تۇتماقچىمەن،
سورسالار بەك جانلارىم لاھزە يۈتەلدىك ئاخۇنۇم.

ئۆز مەھەللەڭ خۇب بىپەرۋا يۈرۈرسەن بىئىبا،
بىساقاللارگە ئۇيالماي سۆز قاتارسەن بىھايا،
كۆرۈنۈر كۆزلارغە لېكىن سۆرىتىڭ سوفى نەما،
تەكيەلەب جىرلار، سەمادارۇ، ئاقارسۇن خوش ھەۋا،
مۇنچە ھەم سايراب ئىكەن ئاباد ئالدىڭ ئاخۇنۇم.

ياغسا يامغۇر، ئۆتسە چىكە، خانە تەئمىرىن بوزەر،
ئېرتەراق تامتىپ چىقىپ تەرناۋىلار ئاستىدىن سەزەر،
كۆپ پۇلۇڭ چىققان ئىمارەتلەر يۈرەك-باغرىڭ ئىزەر،
بېشى يەغاچ دەرۋازەسىنى لايىغە ئاتلار سۈزەر،
ئول كېچە كەلدىڭ ياياۋ قانداق ئۆتەلدىڭ ئاخۇنۇم.

نەزم بىھەشلىكىنە ئەيىيامدىن ئاخۇن قەدىم،
ئوقۇماي ئاخۇن بولۇش ئاسانمۇ تەبئىڭدۇر سەلىم.
مەست ئولۇپ ئالدىغا قوي، چەكسۇن تاماكۇنى ھەلىم،
دەخلى يوق سۆز بىرلە كۆڭۈل ھاكىنى كۆكلار مۇقىم،
گۇيا ئۇستا ياماقچى ناۋچە ھالدىڭ ئاخۇنۇم.

(«باياز ھەزىنى» 220-بەت)

## 10

# قاداقچى ھاجىم

دامىغە تۈشماغانكىم تۇرفە توزاقچى ھاجىم،
باردى قىلسا نىسىيە سۆرەپ چاتاقچى ھاجىم،
يەڭگىل ھەزىلنى بىلمەس نازۇ فىراقچى ھاجىم،
كۆرگەندە سوفى، كۈندۈز-ئاخشام قاراقچى ھاجىم،
مىنگەندە ئۆزىن ئالغاي ئىشەك ئۇلاقچى ھاجىم.

بىچارە كەمبەغەلسەن قىلجۈملە تەرەز كاسىپ،
چىقمايدۇ چۈنتىگىدىن ئۇرغاندا بىر سوم ئاسىپ،
ھەركىم بىلىپ يولىنى يۈرسە ئىزىنى باسىپ،
ئىلكىنگە قوندۇرۇش قۇش ساڭا نامۇناسىپ،
باقىپ ئۆزۈڭگە ئىش قىل كەسىپىڭ قاداقچى ھاجىم.

ھەر يەردە كۆرسە شۈبھە بولغاي ھىلالۇ تاھىر،
باتىندە بېخىلۇ گىنە ھەركىمغە دوست زاھىر،
ئاچ قالسا كاللاپەزلەر شورپاسى بارسا ھازىر،
بۇ بىلماغىنىمىز يوق ھەرقايسى كەسبە ماھىر،
ھىلى تۆمۈرچى ئۇستا، ھىلى سۇۋاقچى ھاجىم.

خەلق ئەيدى، كەلدى چىكى دۇكانغە كەتكەنىڭدە،
كەلمەس ئىدىك بۇ ئادەم ئالدىغە بىلگەنىڭدە،
ئالدىڭدە دوست دۈشمەن ئۈندە ھىكايەڭدە،
تا يەتمەگەي غۇبارى دەپ قورقۇمەن بار يانىڭدە،
ئى تاجى خان قاراسى يۇققاي بۇياقچى ھاجىم.

مەجلىسدە لاپ ئۇرماڭ بار دەپ تىرەك باغىمدە،
دەۋلەت شۇكرى بىجادۇر، ئىلقىلىرىم تاغىمدە،
ھەۋلىمدە مۇنچە غەلە، خوملار تۇلا ياغىمدە،
ئىبلىس ھىلە دەرسەن ئاندە ئۇقۇر چاغىمدە،
ئۆلگەندە پەند بەرگەي كەلسە سوراقچى ھاجىم.

ناگاھ بىر تەرەفكە قىلساڭ ئەگەر سەپەر سەن،
چىققۇنچە تا شەھەردىن ئىلىك تۇشۇپ قۇنارسەن،
ھەربىر ئاۋۇلدە ياتىپ بىر كىچەدىن تۇنەرسەن،
ئالدىڭدە ھالى تەگمىش يىرتىق-سىنىق قەدەرسەن،
بىر يەردە خوپ ياراشتىڭ ئىككى ياماقچى ھاجىم.

(«باياز ھەزىنى» 224-بەت)

## 11

مەھزۇن خالى دەھن تىلمار گويا بەچچەغەر،
زەھەر قاتىل سۆھبىتى مانەند دۇنيا بەچچەغەر.

دەگسە نامەردلىغ مەيدانىدە سەرفا ئۇلۇغ،
مۇتىھەملىغ دەفتەرىن باشىدە توغرا بەچچەغەر.

ئىس چىقارغان يەردە ھازىر مىسلى شەيتان ھەمتەبەق،
قانچە سۆكسەڭ شۇنچە شىلقىم تەرفەھۇللا بەچچەغەر.

باتىنى چۇيۇن قازان قاينار ئىچىدە رىكۇ سەنگ،
زاھىرى بىر سۇفى سۆرەت قولدا ئەسا بەچچەغەر.

ياتقۇزۇپ تىلساڭ بىناگاھ قارنىدىن چىقماس ئىلىق،
سەللەسىن كۆرگەن كىشى دەر كاتتا موللا بەچچەغەر.

ھەلقەدە مۇندىن بۆلەك بالانەشىن يوق ئاخىرى،
قىلماغاي دەپ قورقۇمەن خىزىرغا دەئۋا بەچچەغەر.

نىچچە مۇددەت يوق ئىدى ئۇل قەدىنىم ھازىر بولۇپ،
ئاش ئەرۇسدا ھاگراب، كۆپ قىلدى غەۋغا بەچچەغەر.

شۇنچە قوينى پورداغۇ، پوست، دۇمبەسىنى ئوغۇرلادى،
تازەلاب مىڭ تىفەسىغە قىلدى سوۋغا بەچچەغەر.

سۇرمەلەر تارتىپ قەچان كۆرسەڭ كۆزىغە دايىما،
ئۆزگە بەرگەي قولىدا ئاينە ئارا بەچچەغەر.

بىر پۇچەك پۇل خەير ناگەھ بىرگەدا قىلسا تەمەئ،
ئىستەگەن يەڭلىغ ۋۇجۇدىن ئاندىن ئەنقا بەچچەغەر.

مۇرتۋەد ھەرجاشكەم رامەھز بەرگەردەن دىگەر،
نىست پەرۋايى غەم ئەمرۇزۇ فەردا بەچچەغەر.

گەر يۇۋۇب مەغزابەسىن كەۋفنى ئالىب يىغىب،
روزەدە قويغاي ئاتىن قەندىن نەشلا بەچچەغەر.

ئىلگەرى فىلجۇملە نامۇسۇ ھەياسى بار ئىدى،
قايىسى كۈن ھەجدىنكى كەلدى بولدى رەسۋا بەچچەغەر.

بارسە ھەر يەردە ئۇرۇب بىھۇدە يالغان لافۇقاف،
دەركى «سۇلتان ماڭا بەردى يەتتە تىللا» بەچچەغەر.

بىلمام ئادەم شەكلىدە يۇرگەن ئومول سەبيانمۇكىن،
ئاتىنى تۇتساڭ ئەگەر ھەر يەردە پەيدا بەچچەغەر.

گەر ئەسا تۇتسا قولىغا سىز ئانى ئەيب ئەيلەمەڭ،
ۋاقىئانىكىم كۆزى ئاچۇق باتىن ئەئما بەچچەغەر.

قىلماس ئىبردىم ھەجۋى ناچارە ئەيلەدىمكىم ئوقۇپ شېئىر،
ئەھلى دانىشغە بولۇر دەب دەفئى سەۋدا بەچچەغەر.

ھىچكىمنى بەچچەغەر دەب بولماغاي تا بۇ تىرىك،
مۇندىن ئۆزگە بەچچەغەر يوق ئۆزى تەنھا بەچچەغەر.

ئى مۇقىمى سەندىن ئازارى بىراۋغە يەتمەسۇن،
دۇشمەنىڭ ھەم بولسا ئانى دىمە ئەسلا بەچچەغەر.

(«باياز ھەزىنى» 217-بەت)



# ھزلیں

# 1

ئول شوخ ستەمكارلار ھىجرىدە ئەدا قىلدى،
ھەسرەت يۈكىنى ئارتىپ قەددىمنى دۇتا قىلدى.
مۇغبەچە شەرابىدىن بىركاسە تولا ئىچتىم،
ئولدە قىلىپ بىخۇد ئەقلىمنى كوتا قىلدى.
شىبلىنى كۆرۈك دوستلار نۇش ئەتتى بۇ شەربەتدىن،
باشى قىزىشىپ ئولدەم رەقس ئىلە سەما قىلدى.
مەي ئىچسەلەر ئاشىقلار، زاھىد قىلادۇر تەئنە،
مەنسۇر كەبى ئارۇفغە يۈز جەۋرى جەفا قىلدى.
ئىشق لەشكەرى قەسد ئېتمە ھالىڭنى خەراب ئەيلەر،
ئەدھەم كەبى شەھلارنى ئاخىردە گەدا قىلدى.
ئوت ئەيلە ۋۇجۇدىڭنى ئىشقىدە سەمەندەردەك،
شەمئى مەۋجىغە پەرۋانە جانىنى فىدا قىلدى.
ئىلمىڭە ھەۋا قىلما، تائەتقە بەنا قويما،
كۆردۈكمۇ تەكبىرنى شەيتاننى ھەۋا قىلدى.
بار قاشىمە مەھۋەش قەتلىمغە نەزەر سالدى،
سىيقەل بېرىبان ئولدەم كۆڭلۈمنى سەفا قىلدى.
باتىندە ئۆلۈپ ئېردىم زاھىردە تىرىك ئەمما،
ئىسا كېلىبان قۇم دەب ھەققىمغە دۇئا قىلدى.
دىلخەستە ھەزىنى سەن ھەر دەمدە فىغان ئەتمە،
باشىڭا بۇ سەۋدانى ئەلبەتتە خۇدا قىلدى.

(«باياز ھەزىنى» 12-بەت)

## 2

قويدى ھەم كۆكسۇم ئارا يۈز مىڭ جەفالارنى فىراق،
ئاجراتىب بىزدىن يەنە كۆپ ئاشنالارنى فىراق،
ۋادەرىخا، ھەسرەتا كەتتى ھەممە ئەھبابلار،
ھەم جۇدا ئەتتى يەنە خىش ئەقرەبالارنى فىراق.
لاف ئۇرۇب ئالەم مېنى مۈلكۇم دېگەن شەھلار قېنى،
قويماغاي ئاخىر بىلىڭ شاھۇ گەدالارنى فىراق.
تابمادى ھەرگىز دەۋا دەردىگە ئەفلاتۇن ھەكىم،
ئالدى قويىنغە كۆپ ئەقلى رەسالارنى فىراق.
ئەھمەد، مۇختار كەتتىلار جەھاندىن دوستلار،
يۈز يىگىرمە تۆرت مىڭ ھەم ئەنبىيالارنى فىراق.
شاھ بول، خاھى گەدا دۇنيا ۋەفا قىلماس ساڭا،
بارچەمىزنى قويماغاي ھەم رەھنەمالارنى فىراق.
ئى يارانلار بىلسەڭىز دۇنيا ئېرۇر كوھنە رەبات،
خاتۇن ئەركەك قويماغاي ھەم ياش بالالارنى فىراق.
خانقاھدە ئولتۇرۇب زىكىر ئەيلەگەن شەيخ قېنى،
جاننى ئالدى بىلىڭ كۆپ ئەۋلىيالارنى فىراق.
نەقدى ئۆمرۈڭنى دىلىڭغە ئالغۇچە تائەتتە بول،
ئى ھەزىنى ئىبىتاسەن زىكرۇ سەنالارنى فىراق.

(«باياز ھەزىنى» 14-بەت)

## 3

مىسلى مەجنۇن لەيلىدەك دىۋانە بولسام كاشكى،
يار ئۇچۇن ئالەم ئارا ئەفسانە بولسام كاشكى،
دەير ئارا پىرموغان مەن تەلبەگە سۇنسا شەراب،
بادەنۇش ساكىن مەيخانە بولسام كاشكى.
جام ۋەھدەتىدە مۇھەببەت شەربەتىدىن نۇش ئېتىب،
مەست ئولۇب ئىدراكىدىن بىگانە بولسام كاشكى.
شىبىلدەك رەقس ئەيلەبان ھەر كوچەيۇ بازار ئارا،
ئىشق ئوتىغە ئۆرتەنىب بەريانە بولسام كاشكى.
مۇلكۇ ئەشيادىن كېچىب كەتسەم يارانلار بىنىشان،
ئەل كۆزىدىن بىر يولى پىنھانە بولسام كاشكى.
زەررەچە قىلسا تەجەللى تەگرى دىدارىن كۆرۈب،
تاقەت ئەتمەي تەۋردەك سوزانە بولسام كاشكى.
كىمكى دەريايى مۇھەببەتكە چۇمەر غەۋۋاس ئۇدۇر،
مەن ھەزىنى تالىب دۇردانە بولسام كاشكى.

(«باياز ھەزىنى» 15-بەت)



# 4

قەدرىمگە يەتمەس بول بەچچە نادان،
ئەيلەر جەفالار بىزلەرگە چەندان.
ۋالىھ بولۇبمەن گۇلدەك يۈزىگە،
مىسالى بۇلبۇل قىلۇرمەن ئەفغان.
لازىم ئەمەسمۇ بىزلەرگە شەفقەت،
ئەرزىمنى ئەيتاي يارىمنى كۆرگەن.
دادىمغە يەتسۇن ئۇلشوخ زالىم،
باشىغە تۈشسۇن گەر بولسا ئاسان.
ئاھىم تۈتۈنى ئالەمنى تۇتقاي،
گەر كەلسە رەھمىڭ چىقماي تۇرۇب جان.
شاد ئەيلىگەيمۇ سۆيگەن قولىنى،
بولغاي رەقىبلەر يەر بىرلە يەكسان.
خەم بولدى قەددىم ھەسرەت يۈكىدىن،
بىر يوقلامايدۇر كۈلفەتقە سالغان.
ئەل ئىچرە بولدۇم مەجنۇن بىخۇد،
كۆيدۈرگەي ئاھىم دەشتۇ بايابان.
نادانلىقىمدىن دامىغە تۈشتۈم،
ھەزىنى يەڭلىغ بارمۇ ئاداشقان.

(«بایاز ھەزىنى» 20-بەت)

## 5

قامىتىڭنى كۆرسەتىپ زار ئەتتىڭ رەھىم ئەتمەدىڭ،
مەن غەرىبكە سۆھبەتىڭ بار ئەتتىڭ رەھىم ئەتمەدىڭ.
ۋەئىدىلەر ئەيلەب دىدىڭ دايىم ساڭا ئەيلەب ۋەفا،
ئەھدۇپەيمان سىندۇرۇب خار ئەتتىڭ رەھىم ئەتمەدىڭ.
دىلدەكى ھەسرەتلەرىمنى ئەيتماققە ھەمدەرد يوق،
ماڭا مۇنچە جەبر ئىلە كار ئەتتىڭ رەھىم ئەتمەدىڭ.
ئىبتىدايى كۆرگەنىمدە ئىلتىفات ئەتمەي يەنە،
چۇلغۇماققە ئەنكبۇت تار ئەتتىڭ رەھىم ئەتمەدىڭ.
نىچچە مۇددەت ئاشنالىقنى بىجا ئەيلەب يەنە،
ئەمدىلىكتە نەسەبەب زار ئەتتىڭ رەھىم ئەتمەدىڭ.
دار ئەيلەب مەنسۇر ھەللاجىدەك ئاستۇرماققە،
بۇ جۇدالىق رىشتەسىن تار ئەتتىڭ رەھىم ئەتمەدىڭ.
نوكتەدانلار تاكى بىلسۇن دەب ھەزىنى ھەسرەتىن،
ئەھلى دانىش مىسكىنىن تا ئەتتىڭ رەھىم ئەتمەدىڭ.

(«باياز ھەزىنى» 24-بەت)

# 6

ئويلاسام مەھبۇبىمە ئالەمدە جانان ئوخشىماس،
جەننەت ئىچرە ھۆرۈغىلمان بەلكى رىزۋان ئوخشىماس.
بىر ئەجەب مەشۇقەئى مانەندى يوقتۇر بىنەزەر،
ئىھتىمالى بار يۈسۈفدىن بۆلەك جان ئوخشىماس.
ئول زامانلار چەشمى مەجنۇن بىرلە كۆرمەس لەيلىنى،
زەررە تۈشسە ئىشق كۆز ياشىغا باران ئوخشىماس.
ھەرنىچۈك دەردۇ ئەلەمدىن يار سەۋداسى مەھال،
مەرھەمى يارىن ۋىسالى باشقە دەرمان ئوخشىماس.
مۇسقى مەنقارى قەمەرى ئەندەلىب سوۋتىن نىتاي،
نالە قىلسا نەغمەئى داۋۇد خوشخان ئوخشىماس.
نەيلەرەم دەردۇ ئەلەم تارتماقدىن ئۆزگە چارە يوق،
تا ھەزىنى تابماسام ۋەسفىنى دىۋان ئوخشىماس.

(«باياز ھەزىنى» 25-بەت)



## 7

ھىجران ئوتىغە باغرىم سوزانە تاڭ ئاتقۇنچە،
ئۆرتەپ يۈرەكىم جىسمىم بەريانە تاڭ ئاتقۇنچە.
مەن ۋامۇق سەن ئوزرا ۋەسلىڭگا يېتەلمەسدىن،
ھەركىچە قەرارگاھىم ئاستانە تاڭ ئاتقۇنچە.
رەھىم ئەيلە بۇ ھالىمغە ئى كۆزلەرى جەللادىم،
ھىجرىڭدە بۇ كۆڭۈللەر ۋەيرانە تاڭ ئاتقۇنچە.
ھىچكىمگە دېيەلمەسمەن بۇ ئەرزى ئىلە ھالىمنى،
قانغە جىگەرىم تولدى گىريانە تاڭ ئاتقۇنچە.
خىلۋەتتە ئەگەر كۆرسەم سىرىمنى بايان ئەيلەي،
سەن بىرلە بولاي ئاندە ھەمخانە تاڭ ئاتقۇنچە.
ئاخشامدا جەمالىڭنى شەمئىنى مۇنەۋۋەر قىل،
ئەيتاي ساڭا ھالىمنى پەرۋانە تاڭ ئاتقۇنچە.
نەيلەيكى ئىلاجىم يوق ھەر كوچەدا يىغلارمەن،
تار ئولدى ھەزىنىغە فەرغانە تاڭ ئاتقۇنچە.

(«باياز ھەزىنى» 53-بەت)



## 8

نىچچە دانالارنى نادان ئەيلەدى ئىشق مەجاز،
يارنى كويىدە سەرسان ئەيلەدى ئىشق مەجاز.
ھەركىشى مەجنۇن بولۇب لەيلىنى گەر قىلسا تەلەب،
مىسكىن دەشتۇ بايابان ئەيلەدى ئىشق مەجاز.
تىشە ئۇردى كوھكەن شىرىننى ھىجرىدە مەدام،
ۋەئىدە ۋەسلىلە بىجان ئەيلەدى ئىشق مەجاز.
تاھىر غۇربەت كوشىدە ئولدى زوھرا كويىدە،
يارى رۇخسارىن قىزىل قان ئەيلەدى ئىشق مەجاز.
شەيىخ سەنئاندەك ۋەلىنى بوينىغە زوننار ئاسىب،
ھۆكۈم تەرىس بارچە خوبان ئەيلەدى ئىشق مەجاز.
يۈسۈفىم دەب يىغلاتىب يەئقۇبنى قىرىق يىلغىچە،
مەنزەلىنى بەيتۇلھەزەن ئەيلەدى ئىشق مەجاز.
ھاسىل ئەتمەسدىن زۇلەيخا مەتلەبىن جانانىدىن،
ئاخىرى زىندانى بۆھتان ئەيلەدى ئىشق مەجاز.
ئى ھەزىنى، مەۋلەۋى جامى بىلەن ھەمدەمنى كۆر،
ئول ھۈسەيىن مىرزانى توغيان ئەيلەدى ئىشق مەجاز.

(«باياز ھەزىنى» 27-بەت)



## 9

مۇبتىلالار نالەسىنى تۈن سەھەر يارىم ئىشىت،
كىچەلەر ھىجرىڭ بىلەكىم ئەيلەگەن زارىم ئىشىت،
مەن نىسار ئەيلەي يولۇڭدا يوق ئەيلە بارىم ئىشىت،
مىسلى سەنئان باغلابان بوينۇمدا زۇننارىم ئىشىت،
ھەسرەتىڭدە يىغلارەم دايىم شەب تارىم ئىشىت.

ياش تۆكەرمەن كۆزلەرىمدىن نوھنى توفانىدەك،
مىسلى يەھيادەك بايابانىدا شەئىب چولبانىدەك،
يۇسۇفىم دەپ يىغلاسام چۈن يەئقۇب كەنئانىدەك،
ئەۋۋەلىدە قۇل بولۇب ئاخىر مىسىر سۇلتانىدەك،
بىر كەلابە ئەيىق بىلەن بولغان خەرىدارىم ئىشىت.

زىكرىيادەك ھەق قەزاسىغە رىزا بولسامۇكىن،
مىسلى مۇسادەك خۇدايىمغە نەۋا قىلسامۇكىن،
بەلكى جىرجىسدەك ئەدۇۋلار دەستىدە ئۆلسەممۇكىن،
نىچچە ئۆلتۈرگەن بىلە ئۆلمەي تىرىك تۇرسامۇكىن،
شەھرى مۇپائىل شەھىدىن تارتقان ئازارىم ئىشىت.

چىللە ئولتۇرسام نەھەڭنى بەتىندە يۇنىسدەك،
ئۆلمەيىن جەننەتكە كىرسەم مەن ئۇشول ئىدرىسدەك،
شاھ بولسام ئىسكەندەرۇ گاۋسىدەك،

ئىنتىزار ئولسام سۇلايمانغا بىلقىسدەك،
ئاسەف ئىبنى بەرخىيا كەلگۈنچە خۇمارىم ئىشت.

ئول سەفىھوللادەك يارەببىنا دەپ يىغلاسام،
ھەزرەتى ئايۇبدەك ھەقنى رىزاسىن كۆزلەسەم،
ياخەلىلۇللادەك ئوغلۇمنى قۇربان ئەيلەسەم،
مۇستاپادەك مەككەدىن مەدىنە كۆزلەسەم،
بۇ ھەزىنى تۇرماقتا بۇ يەردە ناچارىم ئىشت.

(«باياز ھەزىنى» 37-بەت)

## 10

ئى يارانلار غەم بىلەن مەن خارۇزار ئۇلدۇم نىتاي،
بولمايىن خۇررەم جەھاندا دىلەفكار ئۇلدۇم نىتاي،
خەستە مەھزۇنلۇقتە قالىب ئاشكارا ئۇلدۇم نىتاي،
دەرد تارتماقلىققە دوستلار بىقەرار ئۇلدۇم نىتاي،
دىلرەبانى كۆرمەككە بولدۇم خۇمار ئۇلدۇم نىتاي.

مىسلى مەجنۇندەك فىراق لەيلىدەك ئاۋارەمەن،
كوھكەن يەڭلىغ شىرىننى ھىجرىدە دىلپارەمەن،
ئاستانەڭ ياستانىب ۋامۇق كەبى ئاۋارەمەن،
ھەمچۇ تاھىركىم قەزانى دەستىدە بىچارەمەن،
يارنى ۋەسلىغە يەتمەككە ئۆلەر ئۇلدۇم نىتاي.

غەمنى زىندانىدا قالدىم بارمۇكىن ماڭا نىجات،
شايەد ئۇ يەتكەيمۇ كىن رەھىم ئەيلەبان خەت بەرات،
چىقمايىن ئۆلسەم فەنا چاھىدە چۇن تابسام ۋەفات،
شاھ ھۇسەيىندەك تەشنە بولسام ئىچمايىن ئابفۇرات،①
شىمر②مەلئۇن دەستىدە قانىم تۆكەر ئۇلدۇم نىتاي.

بارمۇكىن دۇنيادا ھىچكىم مەن كەبى نىمەمگە قەيب،

① ئابفۇرات — ئىفراد دەرياسى
② شىمر — رىۋايەتلەردە ھۇسەيىننى ئۆلتۇرگەن قاتىل كىشى دەپ قارىلىدۇ.

تەھبەتەھ قالدۇر يۇرەكىم بىر كىشى كۆيسە يارىب،
خەستە ھالىمنى كۆرۇپ رەھىم ئەتمەدى ھازۇق تەبىب،
دىل ياراسىنى ئىلاجىن قىلمادى مەرھەم قويىپ،
غۇسسە بىرلەن ئاھ ئۇرۇپ جاندىن كىزەر ئولدۇم نىتاي.

مىسلى ئەدھەم تەختۇ بەختىم تاشلابان كەتسەممۇكىن،
تاغۇ چۆللەرنى كىزىپ بەيتۇلھەزەن كەتسەممۇكىن،
مۇستەفانى رووزىيەسىنى ھەج قىلىپ كەلسەممۇكىن،
ئاستانەڭ ياستانىپ غەفلەت قىلىپ ياتسامۇكىن،
خەلق ئارا رەسۋا ھەزىنى شەرمسار ئولدۇم نىتاي.

(«باياز ھەزىنى» 38-بەت)



## 11

تا يىتىم بولماي كىشى بىلمەس ئاتانى قەدرىنى،
جانۇ دىلدە تەربىيەت قىلغان ئانانى قەدرىنى،
بىلمەگەي ھېچكىم ئاكا بىرلە ئۇكانى قەدرىنى،
بىر نىچچە خىشۇ تەبارۇ ئەقرەبانى قەدرىنى،
ئاجراغاي، بىلگەي ئاكا بىرلە ئۇكانى قەدرىنى.

تەندەرەستلىك لەززەتىن بىمار بولغانلار بىلۇر،
كۆپ ياتىب فەرزەندلارىغە خار بولغانلار بىلۇر،
باشى ياستۇقتە ياتىب ئەفكار بولغانلار بىلۇر،
پارچەئى نان قەدرىنى كۆب زار بولغانلار بىلۇر،
كىمكى مەنمەنلىكتە بىلمەيدۇر غىزانى قەدرىنى.

دوستۇ دۈشمەن ھەركىشى بىگانە خاھى ئاشنا،
قاچقۇسى باشغا مۈشكۈل تۈشسە سەندىن بىۋافا،
سەن ئۈچۈن ئول بىۋەفا ئۈلفەت قىلۇرمۇ جان فىدا،
دوست قەدرىن بىلمەگەي باشقا تۈشمەستىن بەلا،
قەرىيۇ ئەئما بولۇب بىلگەي ئەسانى قەدرىنى.

قولدە مالىك بارىدە بىگانەلەردىن يار كۆب،
دەۋلەتىڭ كەتسە ئەگەر دىلداردىن ئەغيار كۆب،
كىم قەدىمى ھەمنەشىنلاردىن ساڭا ئازار كۆب،

سۆهبەتىڭدىن ئىتراز ئەيلەب يەنە بىزار كۆب،
مەردۇمى فەرغانە بىلگەي ئەغنىيانى قەدرىنى.

بو جەهاندا بەئىزىلەرنى ئەيلەدى تىرناققە زار،
بەئىزىلەرگە خالىقىم فەرزەند بەردى بىشۇمار،
بەئىزىنى قىلدى ئەزىز بىر نىچچەلەرنى قىلدى خار،
هەرنە قىلسا خالىقىم شۇكرى ئەيلەگىل لەيلۇ نەهار،
بىل هەزىنى سىدىق ئىلە شۇكرى خۇدانى قەدرىنى.

(«بایاز هەزىنى» 45-بەت)

# دلکش

ئىشق ئىچرە سىنى دىدىمۇ دىلبەر ئۇلە يازدىم،
رەھىم ئەيلايۇ ھالىمغە ستەمكەر ئۇلە يازدىم.
خوب ئۇلدى تەغافۇل بىلە ئەتدىڭ مىنى بىخۇد،
دىۋانە بولۇب كى قەلەندەر بۇلە يازدىم.
ئۇت نۇشتى نىھارىمغە كۆرۈپ ماھۋەشىمنى،
شەۋقى ئۇتىدە مەسەل سەمەندەر بۇلە يازدىم.
باغرىم ياراسى ناۋەك مىژگان ئۇدۇدى يوق،
قاش يالارىدىن نىچە مۇقەررەر ئۇلە يازدىم.
دەردىم كۆب ئۇلۇر فىكرى ئەگەر كەلماسە دىلغە،
چۇن كەلسە ئەجەب ۋالەيۇ بىسەر بۇلە يازدىم.
قەددىم خومۇ سۇزىش كۆڭلۇمغە نەزارە،
چۇن ئەيلاب ئۆزۈم غەيرىگە ئۇلە يازدىم.
دىلكەش نە دەپ ئۇلدۇڭ غەم ئەشق ئىچرە گىرىفتار،
باشىمغە سالىب قۇم مىقدار ئۇلە يازدىم.

(«باياز ھەزىنى» 133-بەت)



# ئەمرى غەزىلىگە مۇخەممەس

يوق سەن كەبى ئىستەسەم ئەجەمنى،
خوبلىقدە ھەدىقە ئەرەمنى،
دەرد ئۆزرە زىيان ئېتىپ يەرەمنى،
قاشىڭغە يەتكۈزمەگىل قەلەمنى،
بۇ خەت بىلەن بۇزماگىل رەقەمنى.

ۋاقىپ ئولدى غەمىڭ ماڭا سەراھا،
ھىجرىڭ غەمىدەك غەمىم يوق ئەسلا،
باشدىن ئاياغىڭ ئەجەب مۇسەففا،
بۇتخانىلار ئىچرە ھىچ تەرسا،
بىر كۆرمەدى سەن كەبى سەنەمنى.

جانلارغە غىزا تەكەللۇم ئەتكىل،
لەتىق ئىلە نىچچە تەبەسسۇم ئەتكىل،
خۇبان ئېلىدىن تەقدىم ئەتكىل،
ئاشقلارىڭگە تەرەھھۇم ئەتكىل،
كۆپ ئەيلىمە جەۋرى ئىلە ستەمنى.

پىكرىڭ دىل ئارا مۇقەررەر ئولسا،
گۇياكى جەھان مۇئەتتەر ئولسا،

ھەم كۆزۈ-كۆڭۈل مىننۇر ئۇلسا،
نەقش قەدىمىڭ مۇيەسسەر ئۇلسا،
ىلاي بۇ جەھاندە جام جەمنى.

ئاشفتەيۇزار بىدەردىمىڭ،
ھەم ئاجىزۇخار بىر جەرىمىڭ،
جانلاردا غەمىڭ تولا يىېرىمىڭ،
كۆڭلۈم قۇش تائىر ھەرىمىڭ،
سەيىد ئەتمە، كەبۇتەر ھەرەمنى.

يادىدە لەبىڭنى خۇن كۆڭۈللار،
شاد ئەيلە ىچە بۆگۈن كۆڭۈللار،
ئىشق ئىچرە قىلۇر ئويۇن كۆڭۈللار،
يوق ئالەم ئارا پۈتۈن كۆڭۈللار،
زولفىڭدىن ئايرىما ھىچۇخەمنى.

تا شەھەر غەمىڭدە شاھ بولدۇم،
نالىندەيۇ ھەم پۇر ئاھ بولدۇم،
گاھى يوق ئۆزۈمدە گاھ بولدۇم،
يولۇڭدا غۇبار راھ بولدۇم،
باشىمغە يەتۈرمادىڭ قەدەمنى.

دايىمكى خىيالىڭگە ئەسىرمەن،

ئٮپتادە فٮگار بەنەزٮر مەن،
غەم بارٮنى چەككالى دٮلٮرمەن،
سەن ياردٮن ئۆزگە كٮمگە دېيەرمەن،
كۆڭلۈمدەكى دەرد ئٮلە ئەلەمنى.

نازۇكلار ئٮلٮن هۇررٮدۇرسەن،
نوختەلار ئارا دەبٮرٮدۇرسەن،
هەم دٮلكەشۇ خۇش زەمرٮدۇرسەن،
ئٮقلٮمۇ فەساد ئەمرٮدۇرسەن،
ئى شاه بۇ گەداغە قٮل كەرەمنى.

(«باياز هەزٮنى» 171-بەت)



خىيالىڭدۇر كۆڭۈلنى خانەسىدە،
ئانىڭ نۇرى كۆزۈم كاشانەسىدە.

غەمىڭدىن كېچە-كۈندۈز تەلبەيۇ ئەرەم،
نەزاكەتلار ئىمىش مەستانەسىدە.

ئەلەم ناكىم بەلا خىلى تۈزۈپ سەپ،
فىغاندىن ئۆزگە يوق دىۋانەسىدە.

تۇتاشىپ ئاھ ئوتى باغرىمدە پىنھان،
بۇ بىكەسنى دىلى ۋەيرانەسىدە.

چىمەندە گۇل كەبى مەن قان يۇتارمەن،
بۇ رەسىم ئىلە جەفا دەۋرانەسىدە.

بولۇپ بىخۇد جەفا بىرلە ئەلەمدىن،
ئەجەب سىرمەست ئولۇب مەيخانەسىدە.

نەۋا تاپماس كىشى ھەم بەرك ئۈمىد،
بارىب تا ياتمايىن ئاستانەسىدە.

قەددى خەمدىن ھەزەر قىلماق ئىمىش خوب،
كەمان بىل ئاھ ئوقى پەررانەسىدە.

ئەلەمدىن ئاھلارىمم نىچە دىلكەش،
چىكىپ پىنھانى ئاتەش خانەسىدە.

(«باياز ھەزىنى» 134-بەت)



# ئەلۋىدائ رەمزان شەرىف

ئەلۋىدائ ئەي مەھ خۇجەستە سىفات،
ئەلۋىدائ باشىن ھەممە فەرجات،
ئەلۋىدائ بارچەغە بولۇب تەرەبات،
ئەلۋىدائ كۆب سەلام ھەم رەھمات،
ئەلۋىدائ ئەلۋىدائ با بەركات.

ئەلۋىدائ ئۇزە فىراقىڭىز،
يەنە يىلغىچە ئىشتىياقىڭىز،
ساقلايىن دىلدە ئىشتىياقىڭىز،
ئىستەبان دايىما ۋىساقىڭىز،
كۆزلەرىمدىن تۆكۇب ئەجەب قەتارات.

كەلدىڭىز دايىما كەرامات ئىلەن،
ھەم نىئەم يەتكۇزۇب قەنائەت ئىلەن،
خەيرۇ رەھمەت يەنە ئىزافەت ئىلەن،
ياخشىلىق بابىدىن بىشارەت ئىلەن،
ئەلۋىدائ ئى شەرىف باشەرىفات.

ۋەئىدەئ مەغفىرەت ئىشارەتىنىڭ،
يوق قىلۇرغە تومۇغ ھەرارەتىنىڭ،

مەئىيەت ئەفۇينى بىشارەتىنىڭ،
كەلتۈرۈپ يانە ئەتتى ئىبارەتىنىڭ،
ئى شەھۋەر كەرىم پۈر نەئىمات.

ئى مەردلەر باسەنالار ئېتىپ،
ئۇل كىچە توف ئۇل ھەمبەر ئېتىپ،
تەشنەلەرغە مۆژدەئى كەۋسەر ئېتىپ،
ئىككى ساندۇق تولاكى دەفتەر ئېتىپ،
بىرى ئىسيان ئۈچۈن بىرى ھەسەنات.

ھەر كىچە بەچچەلەر ئوقۇپ رەمىزان،
لەيلە كۇل قەدىر ئولۇب مەھەل ئەمان،
بىلگەن ئادەم بولۇب نىچچە فەرەھان،
فەيىز غەيبى يىتىپ چۇ روھۇ رەۋان.
ئەھلى سۈننەت تاپىپ ئۇلۇغ دەرەجات.

ئى شەھسەر بەلەندۇ ئالى مەقام،
قىلدى ئاللاھ سىزە شەرىف كەلام،
رەھمەتى بەھرىدىن ئېتىپ ئىنئام،
رۇزەنىڭ ئەمرىنى قىلىپ ئەئىلام،
ئاسيلار نەخلىغە بولۇب سەمەرات.

يارەب ئەت جۈملەنى ئەتاغە دوخول،

گەر دەنا گەردەسىن ئېتىپ مەقبول،
شادكام ئەيلەگىل تەفىل رەسۇل،
قالماغاي دىلكەش ھەزىنىڭ ئۇل،
كەشنەلەب نەزئ جان تا ئەرەسات.

(«باياز ھەزىنى» 176-بەت)




یوسوف سایرامی

رەشك رەۋاق جەننەت گەر بولسە بار مەنزەر،
ئەزبەسكى دىلكۇشادۇر پەسل بەھار مەنزەر.

كۆرسام يۇزى قۇياشلار ئوينار كۆزدىدە ياشلار،
سەيرى چىمەنغە باشلار ئول گۇلئۇزار مەنزەر.

ھەر سارى بىر–بىرى دو پەيۋەستە تاق ئېرۇ،
مىژگانى تىغ ھىندۇ جەللادۋار مەنزەر.

قولدە كىتاب نازى يۇز شەمئى جانگۇدازى،
ئۆلدۇرمەك ئاگا بازى رەخ لالەزار مەنزەر.

قىلماس ھەۋايى گۇلشەن ياد ئەيلاماس چىمەندىن،
جەم ئولسە ئەھل دىلدىن فورھەت نىگار مەنزەر.

رەفئەتتە ئاسماندۇر نەرھەتىدە گۇلستاندۇر،
شەۋق ئەھلىغە مەكاندۇر دارىلقەرار مەنزەر.

يارەپ مىكىن ئالى باجاھۇ با جەلالى،
باشۇ بانەۋالى، قىل بار ياز مەنزەر.

بۇ جاي رەفئى غەمدۇر چۇن رەۋزەن ئەرەمدۇر،
ھەر قانچە دىسەكىم دەۋر گەردۇن بىدار مەنزەر.

يۇسۇف دەمى ئوتتۇردى كۆب ماھ رونىن كۆردى،
ھەيرەتتە باقتى تۇردى كۆز قىلدى چار مەنزەر.

(«باياز ھەزىنى» 129-بەت)

كۆردۈم يۈزىنى دەۋرىدە ئالى جەناب خەت،
گەردىدە ھالە بىرلە چېكىب ماھتاب خەت.

خەتىنى پىكرى مەھۋە قىلبدۇر سەۋاد دىل،
غەم شامى چەكتى شەئشەئەدىن ئافتاب خەت.

سىر مەست مەن خىيال خەتۇ زولف ياردىن،
لەئلى ئۈزرە كۆرۈندىمۇ مەۋج شەراب خەت.

دىۋان ناز چەندە شە بىيت، ئەنبدىن،
سەنئى ئىلكى يازدى مۈشك بىلەن يۈز كىتاب خەت.

ياقۇت جەۋھىرىدە زومرەد تىمۇچى،
كۆرسەتتى سەبزدەك ئۈزرە لەئل ناب خەت.

دەۋر رەخىدە خەتى ئەمەس ھەرز دافەئى،
ئەغيار بەد نەزەرغە مۇئەنبەر ھىجاب خەت.

يۈسۈف بېرىب قەلەمۇ ھۆسنغە تەرفە زىب،
زولفى ئەسىر ئەيلادى بىزنى خەراب خەت.

(«باياز ھەزىنى» 130-بەت)

مەن نىگا مەھۋە ئارىز رەئناسى بولمايىن،
مەستۇ خەراب نەركەس شەھلاسى بولمايىن.

خاك دەرىدىن ئىستامە يوق كۆزگە تۇتيا،
تا ئول پرىنى نەقش گۇپپاسى بولمايىن.

زوق سەفاسى بىرلە ئەدايى ئىتابىن،
بىلمەس دىل ئانى زار ھۇۋەيداسى بولمايىن.

ۋەسىن خەتىنى ھېچ قەلەمدە يازالماغاي،
قەتئى زىيانۇ باشدە سەۋداسى بولمايىن.

خەتۇ خىيال لەئلى سىزىن ئىستەمەك ھەيات،
تابماس بۇ يولنى خىزىرۇ مەسىھاسى بولمايىن.

ئول قاشى ياغمىدە چىكىلگەن بۇ تىر ئاھ،
تەگمەس نىشانە راست قەد ياسى بولمايىن.

نامۇ نىشانى بىرلە تاپالماس نىشان يار،
يۈسۈف بۇ قاف ئىشۋە نە ئەنقاسى بولمايىن.

(«باياز ھەزىنى» 102-بەت)

# همدمی

# بولکچی هاجی

## (هەجۋي)

مەن دۇنیادە ئی ئاکام بولکچی،
خۇلق خۇش ئىلە کەرەم بولکچی،
هەرقانچە گەڕ بولسە هەم بولکچی،
مەندەك بکرەمچی هەم بولکچی،
ناز ئۆزگچەیۇ ستەم بولکچی.

بلسەڠز ئاتمنی هاجی هەمدەم،
دېرسزکی یانمدە بولسە هەمدەم،
کم ماڠا بولۇر جەهاندا هەمدەم،
ئاغزی قۇلاقدە دېرکی دەمدەم،
ناز ئۆزگچەیۇ ستەم بولکچی.

مەیدان ئویۇندە مەن کەمنە،
کی ئوغۇل یۇ گاه دوختەرنە.
کی سارتیەیۇ گاهی بەرنە،
گاهی ئویۇن ئۆرگەتپ بارنە،
ناز ئۆزگچەیۇ ستەم بولکچی،

کم ئاشق ئبرۇر کبچەر جەهاندن،

ھەم بالۇئەھل ئىلە خانىماندىن،
دۇنيانى قويۇڭكى بەلكى جاندىن،
قايتماس ئويلاي ناگھاندىن،
ناز ئۆزگىچەيۇ ستەم بولكىچى.

مەن مۇندە غېرىب بىر مۇساپىر،
سىزسىز مېنى دەردىم ئىچرە سابىر،
ئۇلتۇرغىلى سىزنى مەن چۇ ساھىر،
بولدۇم سىزى ئالدىڭىزدە ھازىر،
ناز ئۆزگىچەيۇ ستەم بولكىچى.

بولدى بۇ جەھاندە سۆرىتىم تاق،
كۆرماقغە جەھاننى ئەھلى مۇشتاق،
شەيدا يەراتىب مېنى ئۇ خەلاق،
ئالەم بارى بولدى ماڭا ئۇشاق،
ناز ئۆزگىچەيۇ ستەم بولكىچى.

ئاشىقلار ئىچرە گەر جەفانىسىز،
غەم خەنجەرى بىرلە باغرى قانىسىز،
مەھزۇن شىكەستە ناتىۋانىسىز،
ئىشق يولىدە بىر سىبىل جانىسىز،
ناز ئۆزگىچەيۇ ستەم بولكىچى.

يوقلاپ مېنى ئى ئاكام كېلىپسىز،
هەم لوتىف قىلىپ كەرەم كېلىپسىز،
تابماي مېنى بىر ئەلەم كېلىپسىز،
ئەيلاڭ مەنە دەخئى غەم كېلىپسىز،
ناز ئۆزگىچەيۇ سىتەم بولكىچى.

ئۇينارنى خىيال تۈشسە جانگا،
جىلدىرمە بېرۇر خەبەر جەھانگا،
ھاپىز ئاكامىز ئامان ئامانگا،
لەرزە تۈشەدۇر زىمىن زامانگا،
ناز ئۆزگىچەيۇ سىتەم بولكىچى.

ئادەم بەلاسى ئەمەس پىرى مەن،
بەلكى پەرىلارنى دىلبەرى مەن،
جەننەتدەكى ھۆر پەيكەرى مەن،
ھۆرلار ئىچىدە سۇخەننۇرى مەن،
ناز ئۆزگىچەيۇ سىتەم بولكىچى.

مەن باغى ئەرەمنى بىر گۇلىمەن،
گۇلزار بىھىشتنى بۇلبۇلى مەن،
خۇشبۇي جەناننى سۇنبۇلى مەن،
سۇنبۇللاردە زىب غۇلغۇلى مەن،
ناز ئۆزگىچەيۇ سىتەم بولكىچى.

خۇشتار ماڭا بولدىڭىز ئۆزىڭىز،
ئىشقىمدە سېرىغ بولۇپ يۈزىڭىز،
مۇنچە تىكلۈر ماڭا كۆزىڭىز،
بارمۇ قۇلاقىمغە يا سۆزىڭىز،
ناز ئۆزگىچەيۇ سىتەم بولكىچى.

ھەرچەندە جەھاندا زوفنۇنسىز،
ئالەم ئىلىغە مەگەر سىتۇنسىز،
كۆيدۈرمەكقە ئۇت مەنۇ ئۇتۇنسىز،
مەن شۇئلە مەنۇ قارا تۈتۈنسىز،
ناز ئۆزگىچەيۇ سىتەم بولكىچى.

توبى قەدىمۇ يۈزۈم قىزىلگۇل،
ھەرقايدە ئۇقۇر ئاتىمنى بۇلبۇل،
كاكۇل دېمەڭىز باشىمدە سۇنبۇل،
ھۆسن ئەھلى بولۇر مېنى كۆرۈپ قۇل،
ناز ئۆزگىچەيۇ سىتەم بولكىچى.

روخسارىمىزە ئەدا قىزىلگۇل،
كىسۋەلارمىز مىسال سۇنبۇل،
گۇفتارىمىزە غۇلام بۇلبۇل،
بولمايسىز ئاكام نىگا بىزە قۇل،
ناز ئۆزگىچەيۇ سىتەم بولكىچى.

جىلدىرمەمىزى سەداسى گەژدەڭ،
ئادەمنى يىغار نىداسى گەژدەڭ،
ھەشەر ئەتكالى مۇددئاسى گەژدەڭ،
ھەم ئىجابەيا بەياسى گەژدەڭ،
ناز ئۆزگىچەيۇ سىتەم بولكىچى.

گۇلدەك يۈزىمىزنى ئاشىقى سىز،
شىرىن سۆزىمىزنى ئاشىقى سىز،
ئاھۇ كۆزىمىزنى ئاشىقى سىز،
جاندەك ئۆزىمىزنى ئاشىقى سىز،
ناز ئۆزگىچەيۇ سىتەم بولكىچى.

مەن مەست بەچچەمەن جەفا قىلۇرمەن،
بىر نازىم ئىلە ئەدا قىلۇرمەن،
قاشىم قاقىپ ئاشنا قىلۇرمەن،
زەر بەرسە كىشى ۋەفا قىلۇرمەن،
ناز ئۆزگىچەيۇ سىتەم بولكىچى.

كەلدىم بۇ (؟) شەھەرغە سەير ئەتتىم،
زىب چىمەن بۇ دەير ئەتتىم،
ئاشىقلارە خۇلق-خەير ئەتتىم،
جەننەت قۇشى مەنكى، تەير ئەتتىم،
ناز ئۆزگىچەيۇ سىتەم بولكىچى.

كىم ماڭا كېلىپ دۇچار بولدى،
تالىئ قۇش ئاڭا يار بولدى،
قىش تەبئى ئانى بەھار بولدى،
ھەركارى يەنە بەرار بولدى،
ناز ئۆزگىچەيۇ ستەم بولكىچى.

جەننەت چىمەنى ئېرۇر جەمالىم،
ھەق رەھمەتى ھۆسن بەركامالىم،
ھۆر سۆھبەتى ئۇشبۇ قىلىۇ قالىم،
پەرغانىدە يوق مېنى مىسالىم،
ناز ئۆزگىچەيۇ ستەم بولكىچى،

بۇينۇمدە پىرى كەبى جەلاجۇل،
باشىمدە بىجايى تاج كاكۇل،
مەن باغ نەزاكەت ئىچرە بىر گۇل،
ئاغزىمدە تىلىم ھەزارۇ بۇلبۇل،
ناز ئۆزگىچەيۇ ستەم بولكىچى.

مەن باغى ئەرەمنى ئافتابى،
ئاشىق دىلى شوئىلە مەي كەبابى،
كەسپىم مېنى نەغمە رەبابى،
ناز ئۆزگەچە شاھنامى كىتابى،
ناز ئۆزگىچەيۇ ستەم بولكىچى.

ئى بەزمىمە ئۇشبۇ كۈن كېلەنلار،
ئىخلاس ئىلە تىرمۇلۇب تۇرەنلار،
ئۆز كۆكسىغە داد ئېتىپ ئۇرەنلار،
ھەربىرلارىڭىز چۇ كۆھكەنلار،
ناز ئۆزگىچەيۇ ستەم بولكىچى.

كۆزۈڭ بىلە تىرمۇلۇب يىمەي تۇر،
راز دىلىڭنى ماڭا دىمەي تۇر،
كۆپ تىنتراماگىلۇ قاقشاماي تۇر،
تەب لەرزە كىسەلغە ئوخشاماي تۇر،
ناز ئۆزگىچەيۇ ستەم بولكىچى.

سىرىڭ ماڭا بولسە نىھان ئەت،
دىل گەنجىغە تىلنى پاسبان ئەت،
كەڭ ئولغىلۇ ئۆزىنى بىزوبان ئەت،
گۇل غۇنچىدەك دىلىڭنى قان ئەت،
ناز ئۆزگىچەيۇ ستەم بولكىچى.

بەس ھەمدەمى ئەمدى تارت قەلەمنى،
كۆپ قىلمە بايان غۇسسە غەمنى،
ۋەسفىن دىمە بىۋەفا سەنەمنى،
يوق سورغۇچى ھەسرەتۇ ئەلەمنى،
ناز ئۆزگىچەيۇ ستەم بولكىچى.

(«باياز ھەزىنى» 227-بەت)

# عوا

كىردىلار ئەرەقئەفشان سەير ئۈچۈن نەۋ ئوغلانلار،
تىرگە باتسا شەبنەمدىن نى ئەجەب گۈلىستانلار.
ناسىھا، نەسىھەتدىن دېمەكىم نە بىلمىشلار،
ئىشق ئەھلىنى قىرغان تەبئى نا پۇشايمانلار.
كۆڭلۈم ئەتتىلار يۈز چاك شانەدەك چىمەن ئىچرە،
سەرۋى قامەتۇ شەمشاد كاكۇلى پەرىشانلار.
باشقە ئەھدۇ پەيماندىن گەرچە ئەتتىلار سىزگە،
ئەمدى غەيرە قىلمىشلار باشقا ئەھدۇ پەيمانلار.

... ... *

يىغلاسام چىمەن ئىچرە لەئلىدىن كېلىب ئەيتۇر،
بولدىلار گەۋھەرەفشان دىدە ئەبر نەيسانلار.
ئول پەرى بىھىشت ئىچرە سەير ئەتسە كەۋسەردەك،
ئاغزىنى ئاچىب قالغاي بارچە ھۆررۇغىلمانلار.
كۆڭلۈم ئاچىلۇر يۈز باغ ئوقىغە نىشان ئەككەچ،
غۇنچەدەك تىرەرمەن سۇبھە دەستە دەسەت پەيكانلار.
بەزم ئارا ئۇلۇغلاردىن خىلئەت ئالسالار تاڭ يوق،
سۆزگە كىيگۈزۈرلار تۇن ئوقۇغاندا خوشخانلار.
خوبلاركى بازارى بولدىلار ئەدا ئەيتۇر،
ساتقۇن ئالغۇچىلار مىھر جەۋرۇ زۇلۇم دېھقانلار.

(«باياز ھەزىنى» 148-بەت)

* بۇ جايدىن بىر كۇپلېت قىسقارتىلدى.

نالہ

# نالہ

قالدى تا خەدەڭىڭدىن كۆڭلۈم ئىچرە پەيكانلار،
تابتى رەۋنەق ئانداقكىم غۇنچەدىن گۈلستانلار.
قايسى كۆز قەتلىنىڭ مەشهەدى ئېرۇر يارەب،
قەترە قەترە قانىدىن بولدى نەرگەسستانلار.
تۈن رەقىب ئاياغ چەكتى ساقى ئىلكىدىن مەنهەم،
يۇتمىشام تاڭ ئاتقۇنچە رەشك جامىدىن قانلار.
ئى فىدا ساڭا كۆرمە ھىچ غەم يۈزىن يەئنى،
قەتل دەئىدەسى بىرلە خىرەم ئەيلەدىڭ جانلار.
تا يۈزۈڭ جەفاسىدىن گۈلشەن ئىچرە يەر تۇتتۇم،
ھەسرەت ئىلكىدىن قىلدى چاك گۈل گىرىبانلار.
سەفهەئى ئۇزارىڭغە خەت سەۋادىمۇ ياخود،
ھەر تەرەف كۆكەرمىشلار گۈلشەن ئىچرە رەيهانلار.
بۇ تەمامى گۈل زەخمىكىم مەگەر لەبىڭ يادى،
سىندۇرۇب باشى ئۆزرە كۆلكىدىن نەمەكدانلار.
سەلتەنەت سىپەھرىنىڭ يا قۇياشى سەن يوقتۇر،
زەررەلىق قەتارىدىن خىدمەتىڭغە سۇلتانلار.
ناز ئۇيقۇسىدىن كۆز ئاچتى ئاخىر ئول، مەھۋەش،
نالە تىنماغۇر كۆڭلۈم ۋەھكى قىلدى ئەفغانلار.

(«باياز ھەزىنى» 150-بەت)

# خجالت

چىمەن رەئنالىغىن رۇخسار جەناندىن تەماشا قىل،
نەزاكەت جىلۋە بىر سەرۋى خىراماندىن تەماشا قىل.
ئەرەم گۇلزارى بىرلە گەر تىلەرسەن سەبزەئى جەننەت،
گۇل رۇخسار ئىلە ئول خەتى رەيھاندىن تەماشا قىل.
ۋەفا يولىدا كۆز تۇتماقنى كۆرگىل مەندىن ئى ھەمدەم،
ستەم بىرلە جەفا ئول ئەھدى يالغاندىن تاماشا قىل.
كۆكۆل ئالماي جەفايۇ جەۋر ئەتمەك خوبلار ئىچرە،
ۋەلى جان ئافەتى ئول نامۇسۇلماندىن تەماشا قىل.
ۋىسالى ئىچرە ھىجران ۋەھمىدىن قورقارسەن ئى كۆكۆل،
بەياز سۇبھ ۋەسلىن شامى ھىجراندىن تەماشا قىل.
چىمەندە سەرۋى ئۆزەئى باغبان گۇل بىتمادى ئەمما،
كىلىب ئول گۇل جەبىن سەرۋى خىراماندىن تەماشا قىل.
دۇئا قىلماقنى خىجلەت بەرمە قولدىن لوتىف ئەتمەكنى،
ئەمىر نامۇر سەيىد ئۆمەر خاندىن تەماشا قىل.

(«باياز ھەزىنى» 154-بەت)

# ۋهسلی

# شەۋكەت غەزىلىگە مۇخەممەس

بىھەمدۇللا يۈزىڭ ئايىنەئى گىتىنەما بولدى،
يۈزىڭ كۆرگەچ كۆزۈم ئىشقىڭدە كۆڭلۈم ئاشىنا بولدى،
بولۇپ دىۋانە ئاخىر رەسمى دانىشدىن جۇدا بولدى،
قارا زۈلفىڭ تولۇن ئايدەك يۈزۈڭگە ھالە تا بولدى،
مېنىڭ ئۆلدەمدە يارۇق روزگارىم ھەم قارا بولدى.

قىيامەت قايىم ئولغاي راست قىلساڭ ناز ئىلە قامەت،
فىراقىڭ نىقمەتى دەۋزەخ، ۋىسالىڭ نەئىمەتى جەننەت،
شەھىد بىر نىگاھىڭ ئى قارا كۆز بولدى ھەر ئامەت،
ئۇلۇس قەتلىغە جانا يادىن ئوق چەكمەك ئەمەس ھاجەت،
نىچۈك مىژگاندىن ئوق ئاتماققە قاشىڭ تورفە يا بولدى.

ھەممە ئاشىق قىلۇر سەندىن تەمەننا، ھەر تەمەنناسەن،
جەھان ئەھلىنى سەن بىر مەھۋەش دىلجۇي زىباسەن،
يۈزۈڭ كۆرگەن ھامان گۇل رەشكىدىن چاك ئەتتى ياقاسىن،
قىلۇر ئېردى چىمەندە سەرۋى نازۇكلىكنى دەئىۋاسىن،
قەددىڭ كۆرگەچ خىيابان ئىچرە خىجلەتدىن دوتا بولدى.

چىمەننى سەيرى ئىلە بولمادىم دىلشادۇ خۇررەمكىم،
سەمۇم ھىجر قىلدى رەۋنەق ئەيشىمنى بەرھەمكىم،

تەمۇغ ئوتىدىن ئارتۇقدۇر ماڭا بۇ ئاتەش غەمكىم،
قۇرۇق جىسمىم مېنىڭ رەشك ئوتىغە يانماسمۇ ھەردەمكىم،
سېنىڭدەك مەھۋەشىم ئەغيار ئىلە ئەيشى بىجا بولدى.

ھەمشە جانۇ كۆڭلۈم ئارىزىڭ كۆرمەككە مايىل،
سېنى ۋەسلىڭنى ئىستەر كېچە كۈندۈز جۇملە ئەھل دىل،
يۈزىڭ بىپەردە كۆرمەك ماڭا ھەرگىز بولمادى ھاسىل،
ھەرىم قۇربىڭا مەندەك كىشىنى يەتمەكى مۈشكىل،
كى سۇلتانلار سېنىڭ ئالدىڭدە بىر كەمتەر گەدا بولدى.

دۇئايى جانىڭ ئەيلەب كۆككە چىقتى بولبۇلىڭ ئاھى،
سەلامەت خاھىڭ ئولدى خەلق بارى ماھتاماھى،
ماڭا ھەم بىر نەزەر قىل ئەل سارى لوتىف ئەيلەگۈك گاھى.
نىياز ئەھلى قاتارىدا ساڭا ئى خوبلار شاھى،
ئالار بىرلە مېنىڭ ھەم كارۇبارىم ئىلتىجا بولدى.

مۇھەممەد ئۈممەتى تەڭرى تائالا بەندەسىدۇرسەن،
كى تەخت بەختىنىڭ بىر خىسرەۋ فەرخۇندەسىدۇرسەن،
سەرىر ھۆسنىنىڭ شاھىنشەھ زىبەندەسىدۇرسەن،
سىپەھرىنىڭ سەئادەت ئەختەر تابەندەسىدۇر سەن،
شەرەف بۇرجى ئانىڭچۈن ساڭا تۇرماقلىققە جا بولدى.

سېنى جىسمىڭ سىزادۇر ساقلاماق گۈل بەرگىتەر ئىچرە،

كۆزۈمگە مەردۇمەكدەك جايىدۇر تۇرساڭ نەزەر ئىچرە،
يۈزۈڭنى پەرتەۋى نۇر سەفا بەردى بەسەر ئىچرە،
پەرىسەن يا مەلىكسەن يوقسە مىسلىڭ يوق بەشەر ئىچرە،
نىچۈنكىم كۆرگەن ئەل خولقىڭنى ساڭا مۇبتىلا بولدى.

ئەسىرىڭ نىچۈن ئۆلماي ئى ئەمىر خوبلار بارى،
قاراڭغۇ كىچەنى يارۇتتى مىھر رويۇڭ ئەنۋارى،
ئۆزۈڭ لوتىف ئەيلەكىم ۋەسلىڭ ئۈچۈن ۋەسلى قىلۇر زادى،
سىنىڭ شەۋكەتدىن ئۆزگە يوق دورۇر ۋەسلىڭ خەرىدارى،
كىم ئاڭا ھۆسن بازارىدا نەقدى جان بەھا بولدى.

(«باياز ھەزىنى» 65-بەت)



# مہ نیمروز

ئۆرتەگەن مېنى ۋەھكىم ئارىزى دورەخشانلار،
بەختىمى قارا قىلغان كاكۇلى پەرىشانلار.
ھەر باھار باش چەكمىش لالەلەر كەبى سەيردىن،
زەخىم تىغ ئىشقىڭدىن قانىغە بۇ يالغانلار.
روم قەسدىغە كەلمىش چىن دىياردىن لەشكەر،
يا ساچىڭ ئايان ئەتمىش گۇل يۈزىڭدە رەيھانلار.
كۆرمەدى فەلەك زالى، سەن كەبى ئوغۇل ھەرگىز.
گەرچە ئۆتكەرىبدۇر سالۇ ماھۇ دەۋرانلار.
قويدى خەت رۇخسارىڭ لالە باغرىغە يۈز داغ،
غۇنچە چاك ئېتەر ھەردەم رەشكدىن گەرىبانلار.
ياخشىلار جەمالىغە كۆزگۈدەك نەزەر سالدىم،
ماڭا بولمادى مەنزۇر سەندىن ئۆزگە جەنانلار.

(«باياز ھەزىنى» 153-بەت)

# مەخموور

ئى فورۇغ ھۆسنۈڭدىن جان ئارا چىراغانلار،
مەست بادەئى ئىشقىڭ كافىرۇ مۇسۇلمانلار.
خالۇ خەت سەۋادىغە مەھۋ ئولۇب نەزەر سالدىم،
بولدى مەردۇم چەشمىم زۇلمەت ئىچرە ھەيرانلار.
تا كەرە شمە مىسرىدە تەخت نازە ئولتۇرۇڭ،
نىچچە يۇسۇف كەنئان ساڭا تەھنىيەت خانلار.
بۇيلا قىلماغىل بىدادۋەر نە شەھر يارىمغە،
ئەيلارەم فىراقىڭدىن ئەمدى داد ئەفغانلار.
ئەھدى فەيزىنى كۆرگىل سەربەسەر زەمانىدە،
ھەربىرى فىلاتوندۇر گۇدەك دىلبوستانلار.
نىشائى سىفاتىڭغە يەتمايىن بولۇب مەخمۇر،
قىلدى خىرقەنى پارە مىسكىن ئەتتى ۋەيرانلار.

(«باياز ھەزىنى» 152-بەت)



# مۆهییائەفەندی

ئى ئۆزۈڭنى ھالەتىڭنى بىلمەگەن ئەسرارى قۇل،
بىر ئىشەكسەن ئادەمغە ئوخشاغان ئەسرارى قۇل.
تابماغانسەن ياخشىلارنى سۆھبەتىنى شول سەبەب،
ئەھلى فەزلۇ ئىلىم قەدرىن بىلمەگەن ئەسرارى قۇل.
بۇ مىسلى مەشھۇردۇر، بىلمەس يامان ئۆز قەدرىنى،
سەن ئۇشول كۈندە ئۆزۈڭنى بىلمەگەن ئەسرارى قۇل.
ھېچ ھايۋان سەن كەبى مەكرۇھ بولماس ئى خەبىس،
دەرھەقىقەت ئادەم ئېرمەس ئەھرەمەن ئەسرارى قۇل.
باشىغە سەللە قويۇب بىر ھەرف خەتنى بىلمەگەن،
ئامىئى رەسۋايۇ ئەبلەھ سەگ جەفن ئەسرارى قۇل.
قارى ئىبراھىم دوكانىن تەنگ ئەيلەب دايىما،
ئولتۇرۇرسەن ئۆتكەنىمدە ھەر قاچان ئەسرارى قۇل.
كەلسە ئول دوكانغە ياخشى ئادەملار ئى يەلىد،
رەسم ئارا بۇ تەۋازۇئ بىلمەگەن ئەسرارى قۇل.
بىر كىشىنى دۇكانىن تاقغىچە تەنگ ئەيلەمەك،
ئى بۇلەك دوكانغە ھەرگىز سىغماغان ئەسرارى قۇل.
باشقا بىر ئىش يوقمۇ قىلساڭ ئى خەلايىق گەندەسى،
جانى يوق ئەسلى ئۆلۈككە ئوخشاغان ئەسرارى قۇل.
مۇزلاتۇرسەن قەيدا بولساڭ ئەھلى دانىش سۆھبەتىن،
نۇر يوق زەررە يۈزىڭدە مۇزلاغان ئەسرارى قۇل.
ساڭا دوكان ئولتۇرۇش ھەرگىز ياراشماس نىكاكىم،
كۆب فەلاكەت سەن ساۋۇق ئەسكى چافان ئەسرارى قۇل.
يېڭى قىشلاق سوپىسىدەك كۆب ساۋۇقسەن ئۇستىگە،

سەللە كۆيلەكىڭنى چىركى يەتتى مەن ئەسرارى قۇل.
ئۆلفەتىڭ شولدۇرمۇ دەب قارىنى مەردۇم تەئىن ئىتەر،
قىلمە قارىنى يۈزىن مۇنچە تۆمەن ئەسرارى قۇل.
دۇكان ئۇلتۇرغان كىشى لازىمكى بولسا خودنەماي،
خوش لىباسۇ خوش لەقاۋ خوش سۇخەن ئەسرارى قۇل.
سەندە يوقتۇر بۇ سىفەتلەردىن شول نىشانە شول سەبەب،
سەرزەنىش ئەيلەب نەسىھەت ئەيتامەن ئەسرارى قۇل.
مۇھەييا تەنبىھ ئەيلەدى، ھەجۋ ئەتمەدى، گەر ئەتسە ھەجۋ،
سەن قاچارسەن ئەيلەبان تەركى ۋەتەن ئەسرارى قۇل.

(«باياز ھەزىنى» 212-بەت)



# موخه ممه درئ لښخان

قەددىم خەملىقى قاشلارى ياسىدىن،
خاراب ئولماقىم چەشمى شەھلاسىدىن،
كۆزۈم قانى لەئلى تەمەنناسىدىن،
جۇنۇنۇم ئۇشول زولفى سەۋداسىدىن،
نىگۇنسارىلاردۇر نىگۇنسارىلار.

كوزوڭدۇر ماڭا فىتنە بەرپا قىلان،
باشىم ئۆزرە يۈز شورۇ غەۋغا قىلان،
مېنىڭ ئالەم ئەھلىغە قىلان،
كۆڭۈل مەخزەنى ئىچرە يەغما قىلان،
بۇ ئەييارىلاردۇر بۇ ئەييارىلار.

چىمەندە خىرام ئەيلەمىش ئول پەرى،
قىلىب جىلۋە ئانداقكى كەبك دەرى،
بۇ پەرى ئۇستىنە گۇلبەرگىدىن چادىرى،
باشى ئۆزرە سالغان قىزىل مىئجەرى،
گۇلنارىلاردۇر گۇلنارىلار.

پەرى چىھرىلار كۆب جەفا قىلدىلار،
غەمۇدەرد ئىلە مۇبتىلا قىلدىلار،
مۇھەببەت بىلە ئاشىنا قىلدىلار،
مېنىڭ روزىگارىم قارا قىلدىلار،
جەفاكارلاردۇر جەفاكارلار.

ئالار ئىشقىدا خەستەيۇ زارمەن،
جەفا تىغىدىن باغرى ئەخكارمەن،
قارا كۆزلەرى بىرلە بىمارمەن،
نە زولۇم ئەتسەلەر جانىم يارمەن،
ستەمكارلاردۇر ستەمكارلار.

شەھ مەلىك قىلۇرلار مېنى،
بۇ دەشت ئىچرە مەجنۇن قىلۇرلار مېنى،
سىرىشكىم نى جەيھون قىلۇرلار مېنى،
كۆزۈم ياشى كەلكۇن قىلۇرلار مېنى،
دىل ئازارلاردۇر دىل ئازارلار.

چۇ مەن قاشى يالارنى قۇربانىم،
گىرىفتار زىندان ھىجرانىم،
بۇ قاتىللارى ئەسرۇ ھەيرانىم،
ئالار كۇشتەئى تىغ ھىجرانىم،
بۇ خۇنخارلاردۇر خۇنخارلار.

تەئەججۇبكى بۇ بىر نىچچە دىلرەبا،
دېمەسلەركى بۇ شاھ ئىبرۇر يا گەدا،
ئەگەرچەندە خان زەمانىم ماڭا،
ھەممە ئەلدىن ئارتوق قىلۇرلار جەفا،
ئەجەب يارلاردۇر ئەجەب يارلار.

(«باياز ھەزىنى» 140-بەت)

# د کمه لخان شاشی

# غازى غەزىلىگە مۇخەممەس

باغ ئارا كىرگىل كۈلۈپ گۈلچېھرە رەئنالەنمىسۇن،
غۇنچە تومارىن يازىب ناز ئىلە زىبالەنمىسۇن،
نەرسەسىڭ ھەم كۆز ئاچىب ھەر يان تەماشالەنمىسۇن،
ئارىزىڭ كۆرسەت كۆڭۆل گۈلشەن تەماشالەنمىسۇن،
قامىتىڭگە جىلۋە بىر كۆبى تەمەننالەنمىسۇن.

كۆزلەرىڭ جەللادى ئاشىق كوشلىق ئەيلەر ئىختىيار،
ياشۇرۇن لوتفۇ غەزەب رەسمىنى قىلدى ئاشكار،
خەنجەرى مىژگاندىن ئالدى قولغە تىغ ئابدار،
مەقسەدىڭ گەر قەتلىم ئىرسە ئەيلە پىنھان زىنھار،
زاھىر ئەتمە بۇ كەرەم تا خەلق غەۋغالەنمىسۇن.

لەبلەرىڭ ئەئجازىدۇر ئىھيائى روھ ئامىزلىق،
خەتو خالىڭنى شۇئائى مۇشكو ئەنبەر رىزلىق،
كۆزلەرىڭنى شىۋەسى نەيرەڭ سىھر ئامىزلىق،
ئى پەرى قىلغىل تەكەللۇم بىرلە شوكر رىزلىق،
تا ئانى تۇتى كۆرۈب ئالدىدا گويالانمىسۇن.

بىگۇناھ قەتل ئەيلەمەكدۇر كۆزلەرىڭنى مەتلەبى،
بىسەبەب جان بەخشلىك لەفز مەسھا مەنسەبى،

مەزھەر مېھرۇ ۋەفادۇر زاتى ئال مەشرەبى،
بىر نەفەسدە مىڭ ئۆلۈككە جان بىرۇر لەئىل لەبى،
ئى قۇياش بەرگىن خەبەر ئىسا مەسىھالەنمىسۇن.

مەترەبا تۈزگىل جۇنۇن بەزمىدە ۋەھىشەت سازىنى،
يەتكۈز ئەكمەل سەمئىغە نەفەخ تەلەست ئاۋازىنى،
لا مەكان پەرۋاز قىل باز ئەت كۆڭۈل شەھبازىنى،
كويىدە ئىشقۇلھەق بىقەرار ئەت غازىنى،
ھىجر دەشتىدە قويۇن يەگلىغ شەكبالەنمىسۇن.

(«باياز ھەزىنى» 104-بەت)



جۇنۇن ئىقلىمىدە مىھنەت فەزالار ئىكەن مۇنداغ،
گۇلى شەبنەم خەزان ئۇرغان سەبالار بار ئىكەن مۇنداغ،
مېنىڭ باشىمغە يۈز تۈرلۈك بەلالەر بار ئىكەن مۇنداغ،
باشىمغە چەرخى جەۋرىدىن جەفالار بار ئىكەن مۇنداغ،
كۆڭۈلغە ھىجر دەردىدىن دەۋالار بار ئىكەن مۇنداغ.

دەمى چۇن گۇلخان ئوتىغا كەباب ئەيلەب دىل مەھزۇن،
گەھى غەم ۋادىسىن جەۋلان ئۇرۇب مانەندەئى مەجنۇن،
گەھى ۋامۇق كەبى كۆزدىن تۆكۈب يۈز دەجلەيۇ جەيھۇن،
سىرىشكىمدىن جەھان توفانغە گىتى چەرخ ئۇرۇب گەردۇن،
فەلەكنى گەردىشىدىن ئاسيالار بار ئىكەن مۇنداغ.

ئەسىر ئەيلەب مېنى ھىجر ئىلكىدە بىچارەلەر قىلدىڭ،
تىنىمنى تىر باران غەمىڭدىن يارەلەر قىلدىڭ،
كۆڭۈل مىناسىنى غەم تاشى بىرلە پارەلەر قىلدىڭ،
سوراغىڭدە مەن بىچارەنى ئاۋارەلەر قىلدىڭ،
ۋىسالىڭ سەجدە باردى سەبالار بار ئىكەن مۇنداغ.

ساڭا ساۋۇق سۆز ئەيتىب غۇنچەئى سۇرەتدىن ئاچىلمام،
نە دەب غەم كىزلىكى بىرلە تىنىمنى يۈز تىلىم قىلمام،
دەب ئېردىڭ تا تىرىكمەن بىر نەفەس مەن سەندىن ئايرىلمام،
كۆزۈمدىن ئانچىنان كەتتىڭ قانچە بارغانىڭ بىلمام،
خىلاف ئەمدى ئەتكەن بىۋەفالار بار ئىكەن مۇنداغ.

دەرىخا، بولمادى مۇقبۇل سۇلتان ئەرز ھاجاتىم،
قەرىن فەيىز راھەت بولمادى سۇبھى مۇناجاتىم،
يۈز ئامىندىن ئەسەر گۈل قىلمادى گۈلزار دەئىۋەتىم،
سەلامەت دەفتەرىدىن مەھۋ بولدى بىنىشان ئاتىم،
ئىجابەتدىن يىراق تۈشكەن دۇئالار بار ئىكەن مۇنداغ.

ئىشاتتى لەئىل نەرخىن قىيمەت لەئىل كەھرە بارىڭ،
چىمەنغە ئاتەش ئۇردى غۇنچەئى گۈلبەرگ سىرابىڭ،
خەتىڭ ۋەللەيىلدەك تالئى تولۇب ۋەلشەمىس رۇخسارىڭ،
مۇنەۋۋەر قىلدى ئالەم، تەلئەت خورشىد ئەنۋارىڭ،
مۇھەببەت باغىدا رەڭگىن غەزالار بار ئىكەن مۇنداغ.

تىلسىم ھەيرەت دىدارىڭا تا دىدە مەھۋ ئولدى،
مۇھىت ئەئىزەم تەشكىم ئۆزرە رەۋان بولدى،
شەراب ۋەسىل ئىچمەي غۇسسەدىن پەيمانەلەر تولدى،
سەمۇم جانگۇداز ھىجىردىن ئۆمرىم گۈلى سۇندى،
ستەمكەر زولۇمپەرۋەر دىلرەبالار بار ئىكەن مۇنداغ.

ۋىسالىڭ قاسىدىن پەيغامىن ئىزلەب بولدى شاد ئەكمەل،
سىپەھىر ئايۋانىدىن ئۆتتى بىرىڭ بەرقۇباد ئەكمەل،
بىلىغە باغلاب ئىھرام تەلەب ھاجى نىھاد ئەكمەل،
تەۋاف خانەئى مەقسۇد ئىتىب تابتى مۇراد ئەكمەل،
مۇھەببەت ۋادىسىدا مۇددىئالار بار ئىكەن مۇنداغ.

(«باياز ھەزىنى» 117-بەت)

# کہانی

”بایاز مەھبۇب“ ئەسىرى ھىجرى 1331-يىلى (مىلادى 1912—1913-يىلى) چاپ قىلىنغان شېئىرلار توپلىمى بولۇپ، بۇ توپلامغا 20 دىن ئارتۇق شائىرنىڭ ھەر خىل شەكىلدىكى شېئىرىي ئەسىرى كىرگۈزۈلگەن. بۇ چاپ نۇسخا نەقىش بىلەن كالا تېرىسىدە مۇقاۋىلانغان. ئەسەر 20×12 cm كېلىدۇ، جەمئىي 152 بەت. بىز بۇ 20 نەچچە شائىرنىڭ ئەسەرلىرى ئىچىدىن ئامانى، مىسكىن، راجى، ئاجىز، كەمى، نادىرە، نەسىمى، بىگى، سۇلتان ئەھمەدخان، تالى، مۆھتىرەم قاتارلىقلارنىڭ شېئىرلىرىنى جامائەتچىلىككە تونۇشتۇرۇشنى مۇۋاپىق تاپتۇق.

# غەزەللەر

ئىشقىڭ سالىب شەيدا قىلىب مەن خەستەيۇ بىمار ئۇچۇن،
رەھىم ئەتمەدىڭ فەردا قىلىب بول ئەھقەرىڭ ئەفكار ئۇچۇن.
مەجنۇن كەبى قىلدىڭ ئەجەب، ئىشقىڭدا ئى لەيلى نەسەب،
قەھرىڭ تەلبە ئەيلەب غەزەب، بىر باقمادىڭ مەن زار ئۇچۇن.
ساتساڭ مەنە بولدۇم قولۇڭ، بەسدۇر ماڭا بولسا يۇزىڭ،
ئۆلتۈردى ۋەھ شىرىن سۆزۈڭ، مەن تەلبەنى خۇشتار ئۇچۇن.
سەير چىمەن ھىچ ئەتمەدىم، تىشلەب لەبىڭ بىر ئوپمادىم،
ئاتماس ئۇرۇب بىر تاتمادىم ھەم سۆھبەتىڭ ئەغيار ئۇچۇن.
رائىل بولۇر ئەقلىم ئەجەب كۆز ئۇچىدە تويساڭ قاراب،
يارىم دىبسەڭ قىلماي غەزەب مەن ئاشقى بىئار ئۇچۇن.
تىشلاي دىبان لەئلۇ لەبىن ئوپسام ۋەيا خالۇ خەتىن،
باردىم ئاڭا بولدۇم يىقىن، قاچدىم رەقىب بىدار ئۇچۇن.
ئىشقىڭ سىنى يىغلاتتى قان كۆڭلۈم بىرىب تابماي ئامان،
بولدى مىنى رەڭگىم سامان ئاشىق ئىشى دىشۋار ئۇچۇن.

(«باياز مەھبۇب» 67 ـ بەت)

بەلەدەئى ئەشئەرنى كەزگەن مەست مەۋلانە كەمى،
بائىسى تەسكىن بولۇر دەب ئەشق مەۋلانە كەمى.
خوش فەساھەت ئىقلىمغە شەھ لىسانۇل غەيبەدەك،
ھەر كۆتۈبغە جارى بولغان فەھىم مەۋلانە كەمى.
دەۋرىدەدۇر جەنانى ئەفسەھۇل شۇ ئەرالارىك،
ھەر خەفاغە يەددى بەيزا زەھىن مەۋلانە كەمى.
ئەھلى ئىرفان ئۆزلەرى بەلكى نەبىلار ۋارىسى،
قايىسى ئىنسانىدە باردۇر فەزىل مەۋلانە كەمى.
گوفتىگۇيى زاھىرەن بولدى مەجازى ئىشقىغە،
باتىنەن بولدى فەناغە غەرق مەۋلانە كەمى.
ئەيلەدى فەرغانەنى بۇ كىم مۇسەخخەر ھەر سۆزى،
بەلكى ئىسلامبۇلنى ئالدى قەۋل مەۋلانە كەمى.
ھەرم قالىدە كۆرۈك فەيزى ئىلاھا دىنى ئەسەر،
بول سەبەبدىن ئى ئامانى زىلدە مەۋلانە كەمى.

(«باياز مەھبۇب» 87-بەت)

ھىجرىڭ سالىب بولمە يىراق گۈل يۈزلارىڭ كۆرگۈم كېلۇر،
يۈز مىڭ جەفا بەرسەڭ رازى بولۇب ئالغۇم كېلۇر.
ئىككى ئانارىڭى تۇشاب بوينۇڭە مەن قۇلنى تاشاب،
بىر نىچچە كۈن رۇز ئىلە شەب بولماي جۇدا يۈرگۈم كېلۇر.
تەلبە قىلۇر ھەربىر سۆزۈڭ فىكىر ئەيلەسەم قاشۇ كۆزۈڭ،
نازۇك تىلۇ بەسكە لەبىڭ بىرگە قوشۇب سۈرگۈم كېلۇر.
جانلار نىسار ئويناب كۈلۈب بەرسەڭ قوچاق بىر قايرىلىب،
غەبغەبلەرىڭ تىشلەب ئۆپۈپ خالىس بولۇپ تاتقۇم كېلۇر.
ئى رەھمى يوق، بىزگە قاراڭ، قاشىنى ئاتىڭ، قىلماي تورەڭ،
ۋەيدار قۇلۇڭ بولسۇن ئاكاڭ ھەم سۆھبەت بولغۇم كېلۇر.
ئىشقىڭدا ۋەھ كۆيدى ئامانى قىشلاقى دەب قىلما گۇمان،
بۇ كۈن مەنەم ئى نەۋجۇۋان شاش شەھرىنىك بولغۇم كېلۇر.

( «باياز مەھبۇب» 88-بەت)



تۇرماققا يوق ھېچ تاقىتىم قانداغ بەيات ئەتتىڭ ئۇكەم،
بولماي تۇرۇپ ھەم سۆھبەتىم مۇنچە شىتاب ئەتتىڭ ئۇكەم.
ۋاله قىلۇر ھەربىر سۆزىڭ شەيدا ئېتەر گۇلدەك يۈزىڭ،
ھالىم قىلىن رەھىم ئەت ئۆزىڭ، باغرىم كەباب ئەتتىڭ ئۇكەم.
لەئىل لەبىڭ سۇرمەسىن ئالەم ئىلى دەر ئافرىن،
ئۆلمەككە بەس بولغاي يېقىن بەلبە ئازاب ئەتتىڭ ئۇكەم.
ھىجرەت قىلىپ كەتسەم ۋەتەن ئاي يۈزلەرىڭ كۆرگۈم قەچان،
بۇ ناتىۋان قۇللارغا سەن يەۋمۇل ھىساب ئەتتىڭ ئۇكەم.
گۇلەم سەرى ئولكۈن كېلىپ ئاشىقلىقىم بىلدىڭ كۆرۈپ،
قەھرىڭ بىلە ئاچىغلانىپ قاتتىغ ئىتاب ئەتتىڭ ئۇكەم.
نالەم بىلە يەتتى فەلەك سەبر ئەيلەمەي كۆيسە كېرەك،
تەھسىن ئېتەر كۆرسە مەلەك ھۆسنىڭز باب ئەتتىڭ ئۇكەم.
خۇلقىڭ ئەجەب شەيدا قىلۇر مىڭ فىتنەلار پەيدا قىلۇر،
ھۆسنىڭى كىم سەۋدا قىلۇر ئاڭا ئەزاب ئەتتىڭ ئۇكەم.
ئەغيار ئىلە ئەيلەپ سەفەر قول ئوشلاشىپ ئى بىخەبەر،
غەم زەھرىنى ھەر كىچەلەر بىزگە شەراب ئەتتىڭ ئۇكەم.
نەيلەي مېنى ھالىم خەراب بولغىل ئامان ئالىجاناب،
لوتىف ئەيلە، بىر بولغاي سەۋاب خاكىقوراب ئەتتىڭ ئۇكەم.

(«باياز مەھبۇب» 98-بەت)

قەرىيەمىز بىر بەلدەدۇر كىم سورىسىڭىز ئى يارلار،
ھەر تەرەفقە جارىدۇر جەننەت كەبى ئەنھارلار.
قۇدرەتىدىن كەلدى تەرھى بىر ئەجەب ۋالا مەقام،
بول سەبەبدىن رەشك ئىتەر ئالەمدەكى ئەمسارلار.
ھەيئەتى بولغان مۇقابىل ئىسمىدۇر ئابى رەۋان،
زىننەتى باغى ئەرەمگە ھەر تەرەف ئەشجارلار.
نىچچە بۇزرۇكلار ئىچىدە يا سۇلايمان تەختىدەك،
كۆب مۇجاۋىر قەرىيەمىزغە فائىزۇل ئەنۋارلار.
سەير ئىتىب سەييارلار بول بەلدەغە ئەيلەب سەلام،
تۈشكەي ھەركۈنى تەئزىم ئەيلەب كۆكرەكى ئەنۋارلار.
ئەھلى دۈشمەن دەستىدىن بول بەلدەئى ھىفرى ئۈچۈن،
سەنگە قۇدرەتىدىن ياسالغان كۆر تەرەف دىۋارلار.
ھاكىمدۇر بەلدەمىزنى موللا مەنسۇر قۇل بولۇس،
ئەدلىدىن بولغان مۇسەخخەر جۇملەئى ئەييارلار.
ئىسلام ئاباد ئولسە ئېردى شەھ ئوبولغازى كەبى،
قىلغاي ئېردى رۇبئى مەسكۈن ھۆكمىدە ئىقرارلار.
دەۋلەتۇ ئەمرىغە يارەب بەرمەگىل ھەرگىز زەۋال،
دەب ھەمىشە ئەيلەرەم تەھتى دىل تەكرارلار.
كەم ئېرۇر ۋەللاھ ئەئلەم شەھرىمىز بىجالارى،
جۈملەسى ئەھلى مۇھەببەت تالىبى دىدارلار.
بەلدەمىزنى قىلمە تەھقىر مەن كەبى كىر چەفان،
ئەغنىيالىق بابىدە كۆب خاجەئى ئەھرارلار.
يوق ئەنانىييەت ئالاردە جۈملەسى زولئىھتىرام،

ئەهلى رەفئەت پاك تەنبەت ئول شكەر گوٗفتاربلار.
ئەيش ئىلە ئىشرەتلەرى مەئموٗرچىلىق بىرلە مەدام،
دانەيوٗ غەللە بىرلە تولغان خانەيوٗ ئامباربلار.
رەڭبىرەڭ ئەيلەر ئىمارەت شەهنەشىنوٗ شاهدار،
هەر نىچۇك ئىشلارغە (؟) بەختىباربلار.
ساقلە يارەب مىلك بەلادىن بەلدەمىزنى ئەهلىنى،
ئەيلە سىههەت گەدالاردىن بولسا هەر بىمارلار.
بار ئىبرۇر بولغان بەنابەر مەدرەسە ئالى مەكان،
جانىش هالا ئىچىدە بىر نىچچە ئەغيارلار.
نەقش ئولوٗب تاقوٗەرداقى كەركەبدىن دائىما،
سەرنىگوٗن تەئزىم ئۆچۇن بول گۇنبەز دەۋۋاربلار.
يۇز شۇكر دەرگاھىغە كوٚب شەھرىمىزنى فازىلى،
ئەۋۋەلەن ئىستىما دەنا ئەللامەئى بىسياربلار.
ۋائەجەب چەندانى يوق، تەربىيەتى ئەهلىغە كىم،
يوقسە بولمىسوٗن موٗدەررىس ئوٗشبوٗ خەيىز ئاساربلار.
خاكسارۇ كەمتەرىنوٗ ئەهقەروٗل توللابى بىز.
بارموٗ هەدد قىلسام ئالار ۋەسفىنى مەن ئىزهار.
يۇز شۇكۇركىم بەلدەمىزنى تالىبى كوٚبدوٗر ۋەلى،
باردوٗر ئاندەك بىر-بىرىغە گىنەيوٗ ئازارلار.
سەئى ئىيتىب مەنزىلغە ئەيكىم ئالاردىن نىچچەسى،
هەر نىچۇك هەم بولسا تابتى مەئنادىن ئەخباربلار.
بىر هىدايەت راهىدىن تەۋفىق پوٗر دەردكار،
بولسوٗن ئاخىر بىر-بىرىغە گوٚيىيا دىلداربلار.

يا ئىلاھا تەي قىلىب روھى فەنا فىلئەللاھ مەقام،
ھەم فەرد دەھر بولسۇن ھەيىزدەك دەستارىلار.
ئى ئامانى بىئىبا سەن كەتتەلارنى دامەنىسەن،
ئۇشلارىيۇرسەن ھازىر ئەت ئالدىدا ئىستىغفارىلار.

(«باياز مەھبۇب» 117-بەت)



مسلی دوککان ھەرکۈنی بولغاي تەماشا ھوجرەسی،
یا تىجارەتخانەلەردەك مۈنچە غەۋغا ھوجرەسی.
ھەرکۈنی قىلغاي ھەشەر ئاشنی قالماس زەررەچە،
مەھز ئەكلۈشەراب ئۈچۈن بولدی مۈھەییا ھوجرەسی.
كىردی چىقتی كىسرەتىدىن زەررە مەئنىلار ھوسۈل،
قورقادۈرمەن قىلمىغاي دەب ئەكس دانا ھوجرەسی.
شەمئی كۈتۈب سەۋداسىغە بولدی نەمایان لەفكەدەك،
بۈ ئىرۈر فەزلی ۋەسئی یا ئىتەك ۋالا ھوجرەسی.
تەڭ ۋەسفىغە ئالار بىئشتىباھ بولدی فەقىر،
یەئنی نالان یەئنىدىن بولدی ئەلالا ھوجرەسی.
شوفتولمىش ئۈقۈب تەھقىق ئىتەرلەر مەئنىسىن،
گۈییا كەسجانىلاردەك بولدی ھالا ھوجرەسی.
خوب كۆرۈپ چىقتی بۈ تەھسىل مالۈدۈنیا دەفتەرىن،
ئی ئامانی قىلغۈدەك مەشغۈلی دۈنیا ھوجرەسی.

(«بایاز مەھبۈب» 130-بەت)

# مۇۋەششەھ

مەينى ئىچىب دۇرنى ساچىب چۇنۇ چەرالارنى قىلىڭ،
لالە بولۇڭ بالە بولۇب بىزگە نەۋالارنى قىلىڭ.
ئاندە كۆرۈب دىلنى بىرەي بىر كېلىڭ ئى ئۆلسەم ئۆلەي،
تويسە كۆزۈم قۇلمەن ئۆزۈم گەرچە جەفالارنى قىلىڭ.
ۋاي نىتايىن، قان يۇتايىن، كىم بولامىز، كىملارىڭىز،
لەك لەكدىن ھەر سەكدىن مەيلى ھەۋالارنى قىلىڭ.
ھۇشى كېتەر، باشى قاتار كۆرسە سىزى رەھىم قىلىب،
كۆزنى سوزۇب رەگنى ئىزىب بەلكى گەدالارنى قىلىڭ.
نەيزە بىلەن (؟) قىلىب تاشلا قاشىڭ يالارىدىن،
خەندە بىلەن بەندە ئېتىب لوتفۇ ئەتالارنى قىلىڭ.
ئەسىل لەبىڭ ۋەسىل مەن تاتمادى قول قولىڭىز.
ھەرچە ئامان بولسا يامان ئاڭا ۋەفالارنى قىلىڭ.

(«باياز مەھبۇب» 127-بەت)



# مۇرەببەھ

تالىب ئىلىم بولغان كىشى قانىئ بولۇر،
نەفسۇ ھەۋا خاھىشغە مانىئ بولۇر،
تەھارەتسىز قەدەم قويماي جايىئ بولۇر،
كىچە كۈندۇز جانىنى قىيىناب سايىئ بولۇر.

ئىلمۇ ئەدەب ئەنبىيالار مىراسىدۇر،
جەھلۇ غەزەب ئەشقىيالار پەيداسىدۇر،
جاھىل كىشى بىلمەس نىچۈك مەۋلاسىدۇر،
مۇنداغ كىشىن نىدامەتى زايىئ بولۇر.

ئى تالىبلار ھىممەتلەرىڭ ئالى بولسۇن،
بار يوقدىن نەزەرلەرىڭ خالى بولسۇن،
قىشىن يازىن ئۇقۇشلارىڭ ۋالى بولسۇن،
مۇنداغ كىشى كىتابلارە تالىئ بولسۇن.

شەرت تالىب مۇسافىرلىق سوگرە قوللىق،
ئاچلىق بىلە يەلانغاچلىق ئاگلاماسلىق،
قىلماق كىرەك ئەزىزلارە خوش رەۋشەنلىك،
ئانداغ كىشى ياخشىلىققە جامىئ بولۇر.

ئى تالىبلار مۇئەللىمنى قىلماق خەپە،
سىزلەر ئۆچۈن جىگەر باغرىنى قىلغاي چەققە،
يالغۇز تاشلاپ كەتمەڭىزلار ھەر قاياققە،
مۇئەللىمغە بىئەدەبلەر ناسى بولۇر.

ھەر كىشىنى ئالىم دېبان شاگىرد بولماق،
كىتاب ئاچقان مۇئەللىمدىن يۈز ئۆكۈرمەك،
ئېھتىيات قىلىپ نەزەرىدىن چۈشۈپ قالماق،
ئۇستادىغە ئازار بەرگەن زالىم بولۇر.

مۇنداغ دېبان ھىكمەت ئەيدى ئۇستادىمىز،
ۋاجىب ئېرۇر پەندلارىنى ئالماقىمىز،
خەتا ئېرۇر سەئى ئەتمەسدىن يۈرمەكتىمىز،
بول سۆزلەرگە ئەمەل قىلغان ئالىم بولۇر.

(«باياز مەھبۇب» 137-بەت)



# مۇخەممەسلەر

## ھەزىنى غەزىلىگە مۇخەممەس

جان بىرىپ ئى مەن تالىبى جەنانە بولسام كاشكى،
ئىككى دۇنيادىن كېچىپ مەردانە بولسام كاشكى،
ئىشقىڭ ۋادىسىدە ھەيرانە بولسام كاشكى،
مىسلى مەجنۇن لەيلىدەك دىۋانە بولسام كاشكى،
يار ئۈچۈن ئالەم ئارا ئەفسانە بولسام كاشكى.

رەھىم ئەتىپ مەن خەستەگە بىر ئالماسا يۈزدىن نىقاب،
ئاھكىم ھىجرانىدا كۆرگىل مېنى باغرى كەباب،
تەشنەلەر بولدۇم نىتاي بىر يول مېنى ئەيلەپ ئىتاب،
دەير ئارا پىرى موغان مەن تەلبەئى سۇنسا شەراب،
بادەنۇش ساكىن مەيخانە بولسام كاشكى.

ھەسرەتا باغرىم ئىزىلدى فىرقەتىدىن نۇش ئەتىپ،
چىقماغان جانىم مېنى مىلك كۆلفەتىدىن نۇش ئەتىپ،
كىتەدىم بىر بار ئۆزۈمدىن سۆھبەتىدىن نۇش ئەتىپ،
جام ۋەھدەتدە مۇھەببەت شەربەتىدىن نۇش ئەتىپ،
مەست ئولۇپ ئىدراكىدىن بىگانە بولسام كاشكى.

يار ئەگەر لوتپى ئەيلەسە قۇللارغە بۇ گۇلزار ئارا،
زەررەچە كۆرسەم جەمالىن خاب يا بىدار ئارا،
دەپئەتەن رەسۋا بولۇپ دىۋانەئى ھۇشيار ئارا،
شىبلدەك رەقس ئەيلەبان ھەر كوچەئى بازار ئارا،
ئىشق ئوتىغە ئۆرتەنىب بەريانە بولسام كاشكى.

مەن بولۇپ ئىشقىڭ ئەسرى تابمادىم ھەرگىز ئامان،
قويمادى مەجنۇنلىغىم ئەزلەت چىكەرگە بىر زەمان،
تاقەتىم يوق زەررەچە تۇرماققا مەن ئەيلەب مەكان،
مۈلك ئەشيادىن كېچىب كەتسەم يارانلار بىنىشان،
ئەل كۆزىدىن بو يولى پىنھانە بولسام كاشكى.

خون دىل بىرلە كىشى جانىدىن كېچىب يۈز بار-بار،
مىسلى يەئقوبدەك ئەگەر ياد ئەيلەسە لەيلۇ نەھار،
فەيز ئالۇر بىلسەڭ ئامانى ئىشقىدە بولسا قەرار،
كىمكى دەريايى مۇھەببەتكە چۇمەر غەۋۋاسۋار،
مەن ھەزىنى تالىبى دۇردانە بولسام كاشكى.

(«باياز مەھبۇب» 68-بەت)

# زوھۇرى غەزىلىگە مۇخەممەس

كەلدى ھىجران غەملەرى دۇشۋار ئۆرگەلسۇن قۇلۇڭ،
ئال جەمالىڭ پەردەسىن بىر بار ئۆرگەلسۇن قۇلۇڭ.
تا كۆرۈپ بىر يول ئۆلەي ئى يار ئۆرگەلسۇن قۇلۇڭ،
جۈملە جان بولسۇن فىدا ئەشئار ئۆرگەلسۇن قۇلۇڭ،
تابكى بولغۇم جۇدامەن زار ئۆرگەلسۇن قۇلۇڭ.

ئى پەرى باق بىر يولى يوقسە بولۇر ھالىم تەباھ،
نەيلايىن سورماي مېنى قىلساڭ ستەم ئى پادىشاھ،
كەلمەسەم كۈلبەم سارى ھالىڭ قىلاي دەپ گاھ گاھ،
مۇنچە تۈشتۈم جۇدا ۋەسلىڭگە يەتمەي ئاھ ئاھ،
يا تاپىلدى مەندىن ئۆزگە يار ئۆرگەلسۇن قۇلۇڭ.

قامەتىڭنى كۆرسە ئولدەم لال ئولۇر جۈملە بەشەر،
قىل تەرەھھۇم كەل بەرى ئى شەمسۇ قەمەر،
سورماسام جانىم ئۇكا گۇل يۈزلارىڭ بىر يول ئەگەر،
ئىچكەنىم زەھەرۇ ئەلەم چەككەن فىغانىم ھەر سەھەر،
ئولمەززە ھەرگىز ساڭا ئىزھار ئۆرگەلسۇن قۇلۇڭ.

ئى ئامانى ياردىن خەتتى بەراتىڭ بولمەززە،
ھەر كۈنى جەبرىدىن چىكىپ ھېچ بىر نىجاتىڭ بولمەززە،

مۇنچەھەم مىھنەت بىلەن ياخشى سىفاتىڭ بولمەززە،
بۇ زوھۇرى دەب قۇلۇڭا ئىلتىفاتىڭ بولمەززە،
بۇ نە زولمۇ جەبر ئىلە ئازار ئۆرگەلسۇن قولۇڭ.

(«باياز مەھبۇب» 121-بەت)

# مسکن

دەرد ئىلىگە دەۋا دېگەن بىزلەر،
رەنج ئىلگە شىپا دېگەن بىزلەر،
مەرد ساھىب دۇئا دېگەن بىزلەر،
ئەۋلىيايى خۇدا دېگەن بىزلەر،
جۇملەدىن ناسۋا دېگەن بىزلەر.

دىدە دىدارىگە مۇشاھىدەدۇر،
نەفەس شەيتان ئىلە مەھارىبەدۇر،
جانۇ دىل بىرلە خۇدانى ياد ئەيلەدۇر،
زاھىرى غەيرى ئىلە مۇئامىلەدۇر،
باتىنى پۇر ھەيا دېگەن بىزلەر.

گەرچە ئىسيانىمىز ئېرۇر بىسيار،
ھەزرەتىدىن ئۇمىدىمىز كۆب بار،
كەچكۈچى جەرمىيىمىز ئۆزى غەففار،
زاھىدا ھىچ ئەيلىمە ئىنكار،
ئەسلى ئەھل فەنا دېگەن بىزلەر.

سەلتەنەت شەۋكەت ئىختىيار ئەتمەي،
خەلقنىڭ تەئنەسىدىن ئار ئەتمەي،
بۇ جاھان ئارزۇسىگە يەتمەي،
كۇلفەت ئەيش ئىختىيار ئەتمەي،
قىلمىشىگە رىزا دېگەن بىزلەر.

رەست خالى خوداگە تائەتسىز،
جەرمىمىز كۆب بەسى نەھايەتسىز،
يىغلاماي تۈن-سەھەر نەدامەتسىز،
نامەسى زەررەچە ئىبادەتسىز،
بى ۋەسلە ئەدا دېگەن بىزلەر.

باغرىمىز ئىشقىدە كەباب ئەتسەڭ،
ھىجرىدە دىدەمىز پۇر ئاب ئەتسەڭ،
مىسكىنىڭنى ئالى ئىتراپ ئەتسەڭ،
زۇلۇم ئىلە ئالىمى خەراب ئەتسەڭ،
قىلمىشىگە جەزا دېگەن بىزلەر.

(«باياز مەھبۇب» 19-بەت)



# راجی

# 1

بەھر فەنا جەننەتى ھىممەت نىشان ئەمەسمۇ،
بىردەم بىلەن ۋۇجۇدۇڭ كۆزدىن نىھان ئەمەسمۇ.
كۆردىڭ شەرەر بىر لەھزەدە ئەدەم يوق،
فۇرسەت ھەياتىمىزغە ئەندەك زەمان ئەمەسمۇ.
ئونىۋان غەم يازۇردە سەنەمنى سەفھەسىغە،
ئاھستە چەك رەقەمنى دىل ناتىۋان ئەمەسمۇ.
دونىنىڭ ئەزىز ئەتىبدۇر دەۋران ئانى ئىنقىلابى،
ۋەزئى زەماننى كۆر يەر ئاسمان ئەمەسمۇ.
ئەمنىيەت ئىستەر ئىبرسەڭ تەرك ئەيلە خانىمانىڭ،
ۋەيرانەلەر ھەرىمى دارولئەمان ئەمەسمۇ.
دەشت فەنا تەرىقىن ئەزىم ئەيلەگەن كىشىگە،
دۇنيانى بۇ مەتائى بارگىران ئەمەسمۇ.
سۇبھى تەرەب دەمىغە شامى غەمى قەرىندۇر،
كى ھوزنكى مەسەررەت ۋەزئى جەھان ئەمەسمۇ.
ئەل جىسمنى ياشۇرغان سۇرتۇب لەبىغە تۇفراق،
سەندۇق سىنەسىغە بۇ خاكدان ئەمەسمۇ.
ئى گۈلشەن ئەندەلىبى ھەسرەت بىلەن نەۋا قىل،
بۇ نەۋبەھار ئەقىبى فەسل خەزان ئەمەسمۇ.
دۇنيا تەنەئۇمنى زەنبۇرلىك ئەسەل بىل،
نوشى لەزىز ئەمما نىشى يەمان ئەمەسمۇ.
راجى ھوسۇل مەتلەب ھەق دەرگاھىدىن ئۇلغاي،
ھەر خەستەنى فەناھى بۇ ئاستان ئەمەسمۇ.

(«باياز ھەزىنى» 8-بەت)

## 2

ئەيتۇك سۆزۈمنى خەزانەلەرگە،
تەئىن ئەتمەسۇنلار دىۋانەلەرگە.
دۇنيا مەتائىن ھەر سەفلە ئالسۇن،
مەنزۇر ئەمەستۇر مەردانەلەرگە.
ئاشتى خۇمارىم مەيخانە پىرى،
مۇھتاج ئولۇبمەن پەيمانەلەرگە.
شەھلەرنى قەسرى ۋەيرانە بولغان،
قىلماق تەمەننا كاشانەلەرگە.
دىللاردە داغىڭ زىبا ئەمەسمۇ،
گۇيا نەقدلار دامانەلەرغە.
دۇنيا سۆزىگە سالمە قولاغىڭ،
غەفلەت يەتۇرگەن ئەفسانەلەرگە.
ئەقەبى مەتائىن ئەرزان ئالۇرلار،
كۆزدىن تۆكۈلگەن دۇردانەلەرگە.
ئىشقىڭ ئوتىدا كۆيگەن گۇل ئولسۇن،
شەمئىگنى كۆرسەت فەرۋانەلەرگە.
كۆب بىخەبەرسەن مەي نىشانىسدىن،
تەئىن ئەتمە زاھىد مەستانەلەرگە.
نەسساخى قودرەت يازغان ئەزەلدىن،
ھەر خەيرۇشرنى پىشانەلەرگە.

بۇ سادده رولار مىراتولهەق دەب،
سالدىم نەزەرنى جەنانەلەرگە.
ۋەيران كۆگۈللەر ھەق مەزھەرىدۇر،
گەنج ئولدى پىنھان ۋەيرانەلەرغە.
ئەشكىم قەنائەت ئەھلىغە يەئنى،
ئەيشى جەھاندا شاھانەلەرغە.
توخۇم رىيادۇ ئىلكىدە تەسبىھ،
فەخر ئەتمە راجى بۇ دانەلەرگە.

(«باياز مەھبۇب» 77-بەت)



## 3

تا ئەبەد بۇ ئەرسەئى غەبرادە قايسى جان ئىكەن،
زىندەئى جاۋىد كۇللى مەن ئالىھا فان ئىكەن.
دار دۇنيا ئىكەن كىردىيۇ چىقتىيۇ جايۇ ئاسمان،
كەلدى كەتتىلەرگە بولغان بىربەلەند ئايۋان ئىكەن.
داموللا ھاجىيۇ مۇھەممەد ئىبرەت ئەھلىنى ئەئىلەمى،
ئۇش قازى خانەسىغە قانچە يىل دەربان ئىكەن.
كەلدى كەتتى كىردى چىقتى كۆردى دۇنيا دەر ئاتىدىن،
مەنسەب ئايۋانىنى جىلۋەسىن فۇرسەتى باران ئىكەن.
قانچە قازى قازى بولدى چەنبىرەك دەستارىدىن،
مەنسەب ئەھلىنى كۆردى ئەمدى شاخلىق ھايۋان ئىكەن.
كەيدى ئەئىلمىلىك لىباسىنى ئۇزۇن دەب كەيمەدى،
قازىلىقنى ئىمچەسىن كۆردى بىدامان ئىكەن.
ئەمىر قەسۇيىكىم سۇرالدى بولدى جوھمال ئەئىلەمى،
بېگى دەستۇرۇل ئەمەلدىن قايسى زاكۇن دان ئىكەن.
پەست بالا بولدى دەھرەن كۆردى بۇ ئەھۋالىنى،
ۋەزىئ ئالەم ۋاژگۇن مۇنقەلىب دەۋران ئىكەن.
لاجۇرم مەھبۇس ئىدى بىر گەنج غەم ۋەيرانەدە،
قالسە ئەقراندىن كىشى دۇنيا ئاڭا زىندان ئىكەن.
ئاختارىب تابدىم جەھان ۋادىسىدىن ئىمسالىنى،
بىر تۇغۇشقان زالى دۇنيا بىرلە قۇربان جان ئىكەن.

جهەد برلەن ئول ئەدەم رەهرووۋلاردىن بەس ماندەسى،
كرگەلى كور تابمغان ئەمگەككە كان نمجان ئىكەن.
كەيمەدى تىغى ئەجەل دوشى خەمەر تەسلىم ئىدى،
قۇدرەت ئىلكىدىن ياسالغان يەلكەسى قالغان ئىكەن.
يەتتى تا ئون بەش ۋەبا كەلگەندە ئول دەرماندە هال،
قايسى گۆردە بىلمەدىم تا ئۇشبۇ دەم پىنهان ئىكەن.
يەتتى سەرهەڭ ئەجەل سوردى لەهەد مەئىۋاسغە،
دىدى بۇ ئەسكى مۇسافر بىبىلەت مىهمان ئىكەن.
جان تالاشماي جان دەب ئۆلدى رازى ئىردى مەرتغە،
جانىدىن بىزار بولغان پىر بىدەرمان ئىكەن.
ياش ئىكەن تا پىر ئولۇب كۆب جهەد ئىلەن بولغان فەقر،
مۇفتئى فەتۋا نەۋسىن مەزهەب نوئمان ئىكەن.
ئىلىم فەنىدە فەرىدۇ ئەمر فەتىۋايدە رەشىد،
ئەئلەم ئەهلى ئۇلۇم زوبدەئى ئەقران ئىكەن.
هەق مەئاق ئەتكەن گۇناهىن ئىن تەئىين كوهنە سال،
بەندەئى پىر ئەتىقۇللا شەيخ قان ئىكەن.
يوق ئەجەب مۇنكىر نەكىر كۆرگەندە بۇ تەركىبنى،
دىسە ئەۋۋەلقى سورالغان مۇردەئى ئىنسان ئىكەن.
مۇردە شۇدىن جىسمىن كەيفىيەتنى سوردۇم دىدى،
گۆشتسىز قاق ئۇستىخان بى دۇنبەيۇ بىسان ئىكەن.
تەختەئى تابۇتنى هەممالى ئىستىهسان ئىلەن،
دىدى رەهمەت مۇردەسغە هەملى كۆب ئاسان.
قايسى ئىسكەندەر ئەجەل ياجۇجنى توستى يولىن،

مەرك توفانىغە قايسى نوھ گەشتابان ئىكەن.
ھېچ جانلىقنى يىماھىدىن قويمادى كىرەك ئەجەل،
ۋادەئى ئىمىن داغى مۇسا ئەگەر چوفان ئىكەن.
پىر ھىجران دىدە تەنھا ئۇش يەئقۇبىغە ۋاي،
مىسكىن بەيتۇلھەزەن شەھرى ئاگا كەنئان ئىكەن.
راجى نەۋسافى بىلەن تارىخ قوينىغە دېدى،
كوھنە موللا زىندە سۇرەت مىيىيتى بىجان ئىكەن.

(«بایاز مەھبۇب» 81-بەت)



ٹاجز

گۇلشەن ئارا فىغان ئېتىب كەت،
بۇلبۇل كەبى ئاشىيان ئېتىب كەت.
مەنسۇر سۇفەت مەقام ئېتىب تەي،
دار ئۆزرە ئۆزۈڭنى قان ئېتىب كەت.
ھەمچۇ جىنسىيەد سەئى ئېتىب كۆب،
كۆب ئەسرار خۇدا نىھان ئېتىب كەت.
تەي ئەيلەبان فەنا مەقامىن،
بۇ جانكى جانەجان ئېتىب كەت.
يوقتۇر بەقايى دەھر ھەرگىز،
باشىڭ ئۆزە سايەبان ئېتىب كەت.
ئەمرىڭى خۇدانى يادى بىرلە،
ئەنفاسىغە پاسىبان ئېتىب كەت.
كەلمەك سەبەبىدىن ئۆلسەك ئاگەھ،
ئىرفانىكى بىگۇمان ئېتىب كەت.
گەر قىلسا ئەتا خۇدا ساڭا مال،
دەھر ئەھلىنى مىھمان ئېتىب كەت.
ھەركىم ساڭا ياد ھەقنى ئەيدى،
كۆڭۈل بىلە يارجان ئېتىب كەت.
ئاجىز دېدى پەرۋەرىڭدە مەتلەئى،
مەزمۇننى ئىمتىھان ئېتىب كەت.
قالسۇن دېسەڭ ئەر نىشانى مەندىن،
ئى نادىرە خانىبان ئېتىب كەت.

(«باياز مەھبۇب» 26-بەت)

# کمی

ئەزىز مىسىر خوبى سەن نەزاكەت ئىززەد جاھىڭدۇر،
كۆڭۈل بىر قەترە قان بىرلەن مۇرەسسەئى تەختىگاھىڭدۇر.
نىگاھ كەرەم ئىلە ئى كۆزلەرىم دادىڭغە گەر يەتمەس،
ئاياغىن ئاستىغە كەفىل سىرىشلىك تاشلا شاھىڭدۇر.
ساچىڭ يەئنى سىپاھ ھۆسن سەرۋەرى كەمەندى جان،
كۆڭۈل مەئمۇرەسىن غارەتكەرى چەشىم سىياھىڭدۇر.
نەزاكەت ئاسمانى ھىلالى ۋەھىمەلىك قاشىڭ،
سەباھەت بۇرجىنىڭ بەدەر مىنەرى رويى ماھىڭدۇر.
ئەگەر ھىجران يۈكىنى چەكمەكنى دەئۋا ئەيلەسەڭ ئەيدىل،
ئاڭا ئىككى پۈكۈلگەن قامىتىڭ ئادىل گۇۋاھىڭدۇر.
مۇئەنبەر خەتۇ زىبا قەددى نىگار نازىنىنىمغە،
نە نىسبەت ئى چىمەن رەئنالىغىڭ چۇ بۇكەمىياھىڭدۇر.
كەمى ۋەھىم ئەتمە بىدەردلەرىڭ تەئنەسىدىنكىم،
خەرابات ئەھلى يەرىن دەرگاھى فەرروخ پەناھىڭدۇر.

(«باياز مەھبۇب» 86-بەت)

مەستانە كۆزلەرىڭدىن كىمگە ئەيتاي شىكايەت،
ئۆلتۈرمەككە قىلۇرلار ھەردەم مېنى ئىشارەت.
ھۆسنىڭنى بادەسىدىن مەست ئولماغان كىشىنى،
ئادەم ئەمەسلىكىغە قىلماق كېرەك رىۋايەت.
مەھبۇبلار بارىنى سەرخىل سەرۋەرى سەن،
قىلماق مۇناسىب ئانلار فەرمانىڭا ئىتائەت.
دىل مايىل ۋىسالىڭ جان تالەب جەمالىڭ،
ھەق ئىگەسىگە قىلسۇن بۇ دەۋلەتى ئىنايەت.
ئىشق ئەھلى سەجدە گاھى مىھراب قاشىڭ ئولمىش،
كۆز ياشىدىن تەھارەت ئېرمىش ئالارغە ئادەت.
لەئىل لەبىڭ تەبەسسۇم بىرلە كەلام ئىتارە،
دىلغە تەييار مەسەررەت جانىم تاپار ھەلاۋەت.
يۈز يىل دېسەم غەممىنى قالغاي ھەنۇز باقى،
بولماس ئىكەن فىراقىڭ شەرھىغە ھەد ئايەتى.
خالۇ خەتتىڭ مىسالى ئايەت توقتىلاردۇر،
مۇسھەف يۈزىگە باقىب قىلسام نىخوش تىلاۋەت.
ئەيلەرغە ھەر تەرەفكە يۈز جىلۋە بىرلە رەفتار،
ئالەمگە قامەتىڭدىن سالدىڭ قىزىل قىيامەت.
نازۇ ستەم تەغافۇل ئەيلەب كەمىغە جانا،
بىگانەغە قىلۇرسەن مىھرۇ ۋەفا رىئايەت.

(«باياز مەھبۇب» 112-بەت)

نادره

# نادره

مەئىشۇقىڭنى شادىمان ئېتىب كەت،
كۆيىدە يۈرەكنى قان ئېتىب كەت،
ئىبرەت يولىنى ئايان ئېتىب كەت،
كەل دەھرنى ئىمتىھان ئېتىب كەت،
سەير چىمەن جەھان ئېتىب كەت.

مەئىندە ئىدىڭ بەيانە كەلدىڭ،
ھىجر ئوتىغە يان يانە كەلدىڭ،
ئىبلىس ئوقىغە نىشانە كەلدىڭ،
مەقسەد نەئىدى جەھانە كەلدىڭ،
كەيفىيەتىنى بەيان ئېتىب كەت.

مەئىندە نەسىم با سەفادۇر،
ئاندىن ئاچىلۇر گۈل لەقادۇر،
ئەفلاك ئىشى جۈملەسى جەفادۇر،
دۇنيا چىمەنىكى ئى بەقادۇر،
بىر ئاھ بىلەن خەزان ئېتىب كەت.

بۇلبۇلكى گۈل ئۆزىگە دىلىستاندۇر،
پەرۋانە ئىشى نىسار جاندۇر، [1]
ئىشق ئوتى مەسەررەت ئاشىياندۇر،
ئۇشاق مۇقامى بوستاندۇر،
ئەزىم رەھ بوستان ئېتىب كەت.

دەئىنۋا ئەلنى دۇ ئالارىدىن،
يالغانچىنى يوق ۋەئىفالارىدىن،
جەھاللارىنىڭ سەفالارىدىن،
بىدەردلەرىنىڭ جەفالارىدىن،
فەرياد چېكىب فىغان ئېتىب كەت.

مەيخانە مەينى قولقۇلىسىنى،
ئۇشاق گورۇھىنى قولىنى،
خار ئەھلىنى تەرفەراق كۇللىنى،
دۇنيا چىمەنىنى بولبۇلىنى،
گۇل گۇل شاخىغە ئاشيان ئېتىب كەت.

ۋەيرانە سۇفەت قىل ئۆزلەرىڭنى،
گەنچ ئىلە خىيال سۆزلەرىڭنى،
تەرك ئەتمە فىغان بوزلارىڭنى،
ئى نادىرە دۇرەفشان ئېتىب كەت.

(«باياز مەھبۇب» 45-بەت)



# نسیمی

تابتى ھەر كىشى ئىزلەپ رەھنەما نەمەنگاندىن،
دىلنى كۆزگۈسى تاپتى كۆپ سەفا نەمەنگاندىن.
يەتتى كىم دىماغىمغە بوي خوش مۇئەتتەرلەر،
مىسلى بوي جەننەت دۇرمۇشكىسا نەمەنگاندىن.
تاپمادىم بىر ئەھلى ئىزلەپ ئۆزگە شەھەرلەردە،
ئاختارىپ تاپاي ئەمدى ئاشىنا نەمەنگاندىن.
قۇش كەبى قەفەس ئىچرە بەند ئولۇپ بارالماسمەن،
يەتكۇرۇڭ خەۋەر ئەمدى خوش ھەۋا نەمەنگاندىن.
بىنەۋاغە رەھىم ئەيلەپ تەشنە ئەيلەمەي دايىم،
جورئە نەسىب ئەتكىل ساقىيا نەمەنگاندىن.
ۋەسفىنى ئەتمەكى ئاجىز كەلدى نوتۇق ئىنسانى،
سۆيلە شىكەرەفشانسەن توتىيا نەمەنگاندىن.
بىر نەسىم لوتفىڭدىن كەلدى بۇ نەسىمىغە،
ھەرگىز ئۈزمىگەي ئۈمىد بۇ گەدا نەمەنگاندىن.

(«باياز مەھبۇب» 55-بەت)

# ناۋايى غەزىلىگە مۇخەممەس

يوق كىشى ھىجران بايابانىدا مەندىن خاكىراق،
ئىشقىڭ سەۋداسىدىن ھەر لەھزە بىئىدراكىراق،
خاتىرىم تىغى ستەمدىن دەمبەدەم غەمناكىراق،
كۆكرەكىم سەبىھىنىڭ پىراھەنىدىن خاكىراق،
كىرپىكىم شەبنەم تۆكۈلگەن سەبزەدىن غەمناكىراق.

تاكى مەلەك ھوسۇنلەر شاھى زەبان كۆردۈم سېنى،
نوتقىدە ئىسا كەبى مۆئىجىز بايان كۆردۈم سېنى،
ئاشىق دىلخەستەلەرگە مېھرىبان كۆردۈم سېنى،
بۇ كۆڭۈل غەمناكىدىن تا شادىمان كۆردۈم سېنى،
ئىستارەم ھەر لەھزە بولغاي خاتىرىم غەمناكىراق.

ئى پەرى پەيكەر مەلەك سىما ئىبرۇرسەن قارىقاش،
تىغى مىژگان بىرلە قەتل ئەتكىل كىسىب يۈزۈمدە باش،
رەھىم قىلماي قەتل ئىتەرسەن بارچەنى ئى باغرى تاش،
ئۇيلە مىژگان خەنجەرىغە ياپۇشۇبدۇر دۇر ياش،
كىم مەگەر ئاندىن يىتىمى يوقدۇرۇ رەببى باكىراق.

دەردى ئىشقىڭ كىم ئۆلۈمدىن ئۆزگە يوق ئاڭا دەۋا،
تاكى ھىجران ئىچرە ئۆلمەك مۇددىئا بولمىش ماڭا،

ۋەسىل ئۈچۈن مىڭ جان فىدا ئەيلەرمەن ئى شىرىن لەفا،
لەبلەرىڭدىن كام ئالۇردە بارچە ئەھلى قۇلدۇر ساڭا،
جان بىر مۇردە بىر قولۇڭ يوق بەندەدىن چارلاكىراق.

ھەر زەمان يۈز زۇلۇم كۆرگۈزگەي رىزا ئەھلىغە چەرخ،
بىنەۋالىق شىۋەسىن تۈزگەي نەۋا ئەھلىغە چەرخ،
تىرەلىكلەرسالىبان ھەردەم سەفا ئەھلىغە چەرخ،
ئادەمىلىك تۇفراقىنى بەرسە فەنا ئەھلىغە چەرخ،
ئاھكىم يوقتۇر كىشى ئەھلى فەنادىن خاكىراق.

ھەر زەمان قەتل ئەتكەلى ئول بىۋەفا بىباك ئولۇر،
ھەردەم ئول ئەقەللىلار سارى سەيد ئولغالى چالاك ئولۇر،
ناۋەكىدىن گەر نەسىمى سىنەسى يۈز چاك ئولۇر،
نىچچە ئوقلانسە ناۋايى كۆڭۈل زەخمىناك ئولۇر،
كۆرمەگەي زەخمىنى ئالغان سارى بولغاي چاكىراق.

(«بایاز مەھبۇب» 51-بەت)

# بگی

ئىشقىدا ئۆلدۇم، سورمادى ھالىم،
تاشلادى كەتتى، كۇلفەتكە يارىم.
دادىمغە يەتمەس گەرچە ئىبرۇرمەن،
ۋالەيۇ شەيدا كۆزى خۇمارىم.
لەئىل لەبىكىم پىستەئى خەندان،
ئاچىلدى غۇنچە ئەتىر دىماغىم.
جانىم چىقاركىم ھەسرەت يۇكىدىن،
ئالماس كۆڭلى شاھى جەھانىم.
ئاھىم تۇتۇنى يەتتى فەلەككە،
قىلمادى شەفقەت ئول شوخى زالىم.
ئالدى كويىدە سەبرىمنى قويماي،
ھەردەم دىيۇرمەن كەلسە نىگارىم.
نەزمىكى ئەتتىم يارىمنى نامىن،
شەفقەتلەر ئەتسە بىگىگە شاھىم.

(«باياز مەھبۇب» 65-بەت)

# سولتان ئے حمہ دخان

# ئامى ئىشانلار ھەققىدە

ئۇشبۇ كۇنلەردە كۆپەيمىش ئامى ئىشان بەچچەغەر،
ئىتىقاد ئەتمىش ئاڭا بىرنىچچە نادان بەچچەغەر.
ئاملار سەيىدى ئۇچۇن يالغان كەرامەت ئەيلەبان،
بىر پۇچەك پۇلغە ساتار ئىمانىنى ئەرزان بەچچەغەر،
ئامى ئىشان بىر ئىشەكدۇر، بۇ ئىشەكنى تانىماي،
بۇ ئىشەكدىن ھەم بەتەر ئىخلاس قىلغان بەچچەغەر.
ئامى ئىشانكىم تۇرۇر ئەيتاي سىزە ماھىيەتىن،
زىكرى ھەقنى دۇنيا ئۇچۇن دام قىلغان بەچچەغەر.
بىتەۋەككۇل، بىقەنائەت، بىدىيانەت، بىئەدەب،
ھىرىس شەھۋەت، كىبىر نەخۋەت ھىلىغە كان بەچچەغەر.
خەلق بىرتەندۇر، بۇ تەنغە ئامى ئىشاندۇر مەرەز،
بۇ مەرەزنىڭ بەئىزىسىدۇر دوكچى ئىشان بەچچەغەر،
... ... *
جەھلى ئۇۋرەت ئەلەم ئىشتان قىلھەسەل دەستار رەفد،
كەيگۇچە دەستارى بۇزرۇك كەيگىل ئىشتان بەچچەغەر.
ئۇقۇغاي ئۇدا دەيۇز لەھىن خەتا بىرلەن مودام،
مەسجىد ئىچرە نەئرە تارتىب ئالغالى نان بەچچەغەر.
روزى شەب يوقتۇر يىمەك ئىچمەكدىن ئۆزگە مەقسەدى،

---

* بۇ جايدىن بىر كۇپلىت قىسقارتىلدى.

ئۇشبۇ بائىسدىن سۈمۈرمىش مىسلى ھەيۋان بەچچەغەر.
ئاندەكى بولسا رىيازەت ياكى خوف ئاخىرەت،
بولمىش ئېردى فەربىھ بوينى يوغان بەچچەغەر،
ئەل كۆزىگە كۆرۈنۇر گەر زاھىرەن گۈلۈلەۋەند،
يەك خىلۋەتتە ئېرۇر ئەييارى چاققان بەچچەغەر.
ئەنجۇمەندە ئولتۇرادۇر كۆز يۇمۇب بويىنىن ئىگىب،
كىرپە يەڭلىغ سەچراغاي گەر كۆرسە سەچقان بەچچەغەر.
ئەل قولىغە كۆزىنى تىكمەكدىن ئۆزگە كەسبى يوق،
كور شەل يەڭلىغ ۋۇجۇدى ئەلگە تاۋان بەچچەغەر.
بىقەنائەت ئىگىسىز ئىتتەك ئەل كەزمەك ئىشى،
بول كۆپۈك نەفسى ئۈچۈن سەھرادا سەرسان بەچچەغەر.
كەتمەگەي ھەرگىز مۇرىدىن ئۆيلەرىدىن نىچچە كۈن،
ئالماغۇنچە يا ئۇلاق يا قاق ئارقان بەچچەغەر.
ئوتقۇرۇر بىر ماچچەغەرنى ئالدىغە جىن ئۇردى دەب،
ئول جىن ئۇرغانغە سالۇر دەم، بۇ جىن ئۇرغان بەچچەغەر.
زىبى زىننەت بىرىش ئۆزىغە ھەرىر تونلار كىيىب،
سەر بىرلە غازە قويمىش مىسلى نەۋان بەچچەغەر.
ھەيفكىم بىلمەس ئوۋل سىررىنى ئالارنىڭ يوق ئىسە،
تەقسىر ئىشان ئورنىغە دەر ئېردى "ئىشان بەچچەغەر".
بولسا بارچە ئول كەبى بىكەسسىب تەماﺋ فەقەت،
بولغاي ئېردى لەھزەدە بۇ دەھر ۋەيران بەچچەغەر.
بىلدىڭىز مۇنى سەبەبدىن مەسجىد ئىچرە تولغۇسى،
پايىكوبان، دەست ئەفشان دونبە جونبان بەچچەغەر.

ٴوتۇز ٴىككى بەچچەغەر دىگۇنچە كەلسە ٴاچچىغى،
ٴەيتامەن مىڭ بەچچەغەر مىليانى مىليان بەچچەغەر.

(«باياز مەھبۇب» 131-بەت)



# تالی

بولمە مەغرۇر نىشان ئاخىر نىشانىڭ گۆردۇر،
كۆپ بەلەند ئۇجماغ ئىچۈككىم ئاشيانىڭ گۆردۇر.
قەبر بولغاي سۆيسەلار ھەر رەۋزەئى گۈلشەن سەرا،
ۋەرنە جاي نالەئى ئاھۇ فىغانىڭ گۆردۇر.
مەنزىلۇ مەئۋىگە كۆڭۈل بەرمەگىل بىخەبەر،
بول رەبات ئېرمەس مەكان، ئەسلى مەكانىڭ گۆردۇر.
تەخت ئېردى يەر يۈزىيۇ سىيابانىڭ ئاسمان،
ئەمدى تۇفراق تەييار بولغاي سىيابانىڭ گۆردۇر.
ئىچچە كۈن دۇنيادە يۈردىڭ ئەيش-ئىشرەتلەر بىلەن،
بىلمەدىڭ ئۇلفەت بىلەن ياخشى يامانىڭ گۆردۇر.
ياخشىلىقدىن ياخشى كەلگەي يامانلىقدىن يامان،
بىخەبەر ئۆلتۈرمەگىل كىم ياخشى يامانىڭ گۆردۇر.
بىر كۈنى ئەھبابدىن تۈشكەي جۇدالىق تالىياسى،
بىلكى جاي دەشتۇ جايى ئەمانىڭ گۆردۇر.

(«باياز مەھبۇب» 34-بەت)

# مۆھترەم

ئى مېنى قەتلىم ئۈچۈن بوينۇڭدە زۇننارىڭ سېنى،
بادە شورىبىدىن قىزىل گۇل روخسارىڭ سېنى.
ھەسرەتا سەيد ئەيلەيەلمەس سەيدنى سەييادىلار،
سەيد ئېتىب ئەبرۇ كەمانىڭ بىرلە خومارىڭ سېنى.
مەيدە كۆرگەن ئارىزىڭدىن كەلدى بۇ تەسۋىرلار،
شوخلىق بىرلەن كۆلۈب تۇرغاندە گۇفتارىڭ سېنى.
دادىغە يېتىب خەستەلەرنى مۇددىئا بىر سەن ئۈچۈن،
باغ ئارا ئالمە ئانارۇ سەبزە گۇلزارىڭ سېنى.
جان بىرەي قويسام جەمالىڭ ئۆزرە بۇ ئىككى لەبىم،
خونىمىز يوق گەرچە بولساق شاھى بولغارىڭ سېنى.
ئۆلتۈرۈب بىزلەرنى كىم ئەغيارلارغە رەھىم ئېتىب،
فىتنەئى ئاخىر زەمانلار مۇنچە ئازارىڭ سېنى.
نەيلەيىن دەر مۆھتەرەم بۇ تەلئەت زىبالارىڭ،
مىسلى رويمال ئى پەرى كۆرگەندە دەستارىڭ سېنى.

(«باياز مەھبۇب» 146-بەت)

# لُغت

## ئا

| | |
|---|---|
| ئابجۇي | ئۆستەڭ ـ ئېرىق سۈيى |
| ئابى بەقا | تىرىك سۇ، ئېقىن سۇ |
| ئابى ھەيۋان | ھاياتلىق سۈيى |
| ئات ـ | ئاتماق |
| ئاداب | تەربىيە، ياخشى خۇلۇق |
| ئارا | بېزەك، زىننەت؛ بېزىگۈچى |
| ئارايىش | بېزەك، زىننەت، پەدەز؛ پاراۋانلىق |
| ئازەربۇت | ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاتىسى ئازەرنىڭ لەقىمى، ئۇ، بۇت ياساپ ساتاتتى. شۇڭا ئازەر-بۇت دەپ ئاتىلاتتى. |
| ئاھۇ | كىيىك، جەرەن؛ ئەيىب، ئېۋەن، قۇسۇر، گۇ-ناھ |
| ئاسا | كەبى، ئوخشاش، ...دەك |
| ئاسايىش | تىنچلىق، ئارام، خاتىرجەملىك، راھەت، تەر-تىپ |
| ئاستانە | پايتەخت، ساراي؛ بوسۇغا |
| ئاسۇدە | تىنچلانغان، خاتىرجەملىك، ئامان، ئامانلىق |
| ئاشۇفتە | ھاياجانلانغان، ئاشىق، شەيدا بولغان |
| ئاشۇفتەھال | پەرىشان ھال |

ئاغۇش قۇچاق، باغىر؛ قوللاش

ئاغىز قىممەت، قەدىر؛ قۇدرەت

ئافاق ئۇپۇق. كۆچمە مەنىسى: دۇنيادىكى ھەممە ئەل-لەر

ئاينەئ ئەينەك

ئايىن ئادەت، رەسىم، قائىدە، نىزام، ئۇسۇل، مۇرا-سىم

ئال ئالد، پىشانە

ئالان مەيدان، بوشلۇق، تەرەپ

ئالەم خاكى ئالەم چالمىسى. مەنىسى: ئالەم گۇياكى سۇغا چۈشسە ئېرىپ كېتىدىغان بىر چالمىغا ئوخشاش دېگەن مەنىدە.

ئالقاب ياخشىلىق تىلەپ قىلىغان دۇئا

ئالۋانچى سېلىق تۆلىگۈچى؛ پۇقرا، خەلق

ئامادە تەييار، تەييارلانغان

ئان ئۇ

ئانا سۇرشاخ تۆت مۇڭگۈز

ئانجىنان بەك، نۇرغۇن

ئاۋەرد ئۇرۇش، جەڭ، جەڭ مەيدانى

## ب

باب ئىشىك، دەرۋاز، قوۋۇق

باختە شاھى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەدىمكى بىر دۆلەت، يەنى

باختىرىيە شاھى

بادە مەي، شاراپ، ھاراق

بادەبەزم ئىچىملىك ئولتۇرۇش

بادەپەيما شاراپ قۇيغۇچى، ساقى؛ ھاراقكەش، مەي ئىچ-
كۈچى، ئىچەرمەن

باد شامال

بادى سابا تاڭ شامىلى، مەيىن شامال

بادىيە چۆل، باياۋان، سەھرا

باران يامغۇر

باز يېنىباشتىن، قايتىدىن

باقسۇم ئىچىملىك، ھاراق-شاراپلار

باك قورقۇنچ، خەۋپ، زىيان

بالا ئېگىز، ئۈستۈن؛ بالا-قازا

بال قانات؛ ئوي، كۆڭۈل، خاتىرە؛ يۈرەك؛ روھ،
ئەقىل

بابالھۇما ھۇما قۇشىنىڭ قانىتى؛ بەخت

بانۇ خانىم، ئايىم، خوتۇن

باۋەر ئىشەنچ، ئىشىنىش

بەچچە بالا؛ خىزمەتكار بالا، يىگىت

بەچچەخەر ئىشەكنىڭ بالىسى، تەخەي

بەخيە تىكىش، كىيىمنىڭ تىكىشى، جىيەك

بەختى ۋاژۇن تەلەيسىز، بەختى تەتۈر، بەختى قاچقان

بەخشايىش كەچۈرۈش، ئەپۇ قىلىش، كەڭچىلىك، كەچۈ-

رۇم؛ ھەدىيە، ئېھسان

بەھر دېڭىز، دەريا؛ كەڭ بىلىملىك كىشى، بەھىر (شېئىر ۋەزنى)؛ ئۈلۈش، ھەسسە؛ پايدا، ئۇ-نۇم؛ چىرايلىق

بەھجەت گۈزەللىك، كۆركەم، پارلاق، خۇشاللىق. كۆپ-لىكى: «بىھجەت»

بەدەر قاچقان، قاچۇرۇش

بەدرى تولۇن ئاي

بەرق چاقماق، چېقىن

بەرقى ئاپەت بالا-قازانىڭ چاقمىقى

بەر ئەكس تەتۈر

بەركەت نەما بەركەتنىڭ باشلىنىشى

بەربەت قوۋۇزغا ئوخشاپ كېتىدىغان قەدىمكى بىر خىل چالغۇ

بەردۇش يەلكە، ئۇچا

بەرەھمەنزادە ھىندىستاندىكى بەراھمە (براھما) مەزھىپىنىڭ باشلىقىنىڭ ئوغلى، ياكى شۇ دىندىكىلەرنىڭ ئو-غۇللىرى

بەرھەم يىغىلىش

بەستە باغلىق، باغلانغان

بەسەر كۆز، كۆرۈش، كۆرۈش قۇۋۋىتى

بەست ① يېپىق، كەڭ، ئوچۇق، ئېنىق، ئۇزۇن؛ ② ساددا، ئاددى، باشقا نەرسە قوشۇلمىغان، بىرلا

تۇردىن بولغان، تازا؛ ③ ئارزۇ ۋەزنىدە بىر بەھرىنىڭ نامى

بەشەر كىشى، ئادەم، ئىنسان

بەقا تۇرغۇنلۇق، دائىملىق، ئۇزاق ياشاش، مەڭگۈلۈك، تىرىكلىك، ھايات، ئەبەدىلىك، تۈگىمەس، باقى بولۇش، كىرپىك ئوقى

بەياز ئاق، ئاق تۇسلۇك؛ شېئىرلار توپلىمى

بەيت ئۆي، جاي، يۇرت

بەيتۇلئەھزان غەم ئۆيى، غەمخانە

بەلدە شەھەرچاق، بازار

بەند قول، بەند، باغلىنىش

بىباكلار پەرۋاسىز، بىپەرۋا، قورقمايدىغان، تارتىنماس

بىتماس ساقايماس، پۈتمەس، تۈگىمەس

بىخار تىكەنسىز

بىخاست توساتتىن، ئۇشتۇمتۇت

بىھەد چەك- چېگرىسىز، ھېسابسىز

بىھەدۋەئەد سان- ساناقسىز

بىداد زۇلۇم، جەۋر

بىريان كۆيۈپ كاۋاپ بولۇش، قورۇلما

بىسەر بىسەرەمجان

بىستەر ئورۇن- كۆرپە، چۈشەك

بىسمىل سويۇش، سويۇلما، بېشى كېسىلگەن

بىكەس ئىگىسىز، يالغۇز، يېتىم، غېرىب

| | |
|---|---|
| بىگانە | يات، يوچۇن، باشقا، نامەلۇم، تونۇمىغان، تو- نۇش ئەمەس |
| بىئەدىكساران | تولا سۆز، ئۇلۇغلارغا ياقمايدىغان تولا تەكرار سۆزلەر |
| بىئبا | تارتىنمايدىغان، ئىرەنسىز، كارى يوق |
| بىمار | ئاغرىق، كېسەل |
| بىمۇدۇۋەت | ئادەمگەرچىلىكى يوق |
| بىنەۋا | پەقىر، يوقسۇل، بىچارە |
| بىناۋا | روناقسىز، روناق تاپمىغان |
| بۇت | بۇت، بۇتپەرەسلەرنىڭ چوقۇنىدىغان خۇداسى، كۆچمە مەنىسى: يار، مەشۇقە، ھېيقمايدىغان، رەھىم قىلمايدىغان مەھبۇب |
| بۇسە | سۆيۈش، ئۇپۇش |
| بۇنياد | ئۇل، ئاساس، ھەربىر نەرسىنىڭ تۇپ تومۇرى |

## پ

| | |
|---|---|
| پاداش | مۇكاپات، ھەق، جازا |
| پايمال | ئاياق ئاستىدا قالغان |
| پەھلۋى | قەدىمكى پارس تىلى، ئىراننىڭ بىر خىل ئالتۇن پۇلى |
| پەرى پەيكەر | پەرى سۇرەت، گۈزەل، چىرايلىق قىز |
| پەرتەۋ | نۇر، يورۇقلۇق، شولا |
| پەرتەۋى | روشەنلىكى، شولىسى، نۇرلىرى |

پەرۋەردىگار بارچە مەخلۇقاتنى تەربىيىلىگۈچى تەڭرى
پەرۋەرد تەربىيىلەنگەن، ئۆسكەن
پەرانە ئۇچقۇر
پەيك خەۋەرچى، ئەلچى، خەت ئېلىپ كەلگۈچى
پەيكان ئوق (ئوقيا ئۇچى)، ئوق ئۇچىدىكى مىتال؛ شېئىردا كىرپىكنىڭ ئوخشىتىلىشى
پەيۋەست تۇتاشقان، ئۇلاشقان، قوشۇلغان، ھەمىشە، دا-ئىم، ئۈزلۈكسىز
پەيۋەند تۇتۇشۇش؛ يېتىشىش
پەلەما يىغىپ يۆگەپ، ھەممىنى قوشۇپ
پەند نەسىھەت، پەند
پىچ تولغىماق، ئورالماق، بۇرۇلماق
پىرى پەي، قانات
پىرى مۇغان مەيخانىچى
پىر قېرى، ئاقساقال؛ ئىشان-سوفىلارنىڭ باشلىد-قى، ئۇستاز
پىشە ھۈنەر، كەسىپ، ئادەت
پۇيە يۈرۈش، ئوتتۇرا تېزلىكتە مېڭىش

## ت

تاب كۈچ، قۇۋۋەت؛ تاقەت، چىدام؛ يورۇق، نۇر-لۇق، ئىسسىش؛ تولغىماچ؛ ئەشمە، ئۆرۈمە
تاج زەر ئالتۇن تاج

| | |
|---|---|
| تاجىر | سودىگەر |
| تاھىر | پاك، تازا |
| تارەم | گۈمبەز، ئۈستى گۈمبەزلىك ئېگىز ئۆي، قۇببە. كۆچمە مەنىسى: ئاسمان، كۆك |
| تاش | ھەمرا، ئىشداش؛ سۆز ياسىغۇچى ئارقا قوشۇمچە؛ تاشقىرى؛ تاش |
| تائىر | ئۇچۇش، ئۇچىدىغان؛ قۇش، «تايىر» مۇ دېيىلىدۇ |
| تاڭ | ئەجەپ ئەمەس، ھاڭ-تاڭ؛ تاڭ، سەھەر؛ بىلمەسلىك |
| تالئ | چىققۇچى، كۆرۈنگۈچى؛ بەخت، تەلەي |
| تالىبۇل ئالىم | ئىلىم ئالغۇچى، ئىلىم ئۆگەنگۈچى |
| تانۇقلۇق | تونۇشلۇق، گۇۋاھلىق |
| تاۋۇس | توز |
| تاۋۇق | توخۇ |
| تەب لەرزە | بەزگەكتەك تىترەش، بەزگەك كېسىلىدىن تىترەش |
| تەباھ | چۈشكۈن، خاراپ؛ بۇزۇق، چىرىك |
| تەبە | خاراپ، قەببا-ساقايتقۇچى |
| تەبخال | ئۇچۇق |
| تەجەللى | نۇرلىنىپ كۆرۈنۈش، جىلۋىلىنىش، جىلۋە |
| تەجەممۇل | بېزەك، ياسىداق، ھەشەمەت |
| تەجەرەت | ئۆيگە كىرەكلىك چىقىملار |

| | |
|---|---|
| تەجرىد | ئالاقىسىزلىق، چەكلەش، ھەممىدىن كېچىش، تەركىي دۇنيالىق، بىرلىكى: «تەجەررۇد» |
| تەھەييۇر | ھەيران قېلىش |
| تەراۋەت | ياشىرىش، يېڭىلىق، تازىلىق |
| تەرازىي | رازى بولۇش |
| تەرازۇ | تارازا، ئۆلچىگۈچ |
| تەرەبات | ياخشى كۆرۈش، خۇشاللىنىش؛ مۇزىكانت |
| تەرەھھۇم | رەھىم قىلىش، مەرھەمەت بىلەن قاراش، رەھىم-شەپقەت قىلىش |
| تەرز | سۈرەت، رەۋىش، يۇسۇن، تەرتىپ |
| تەرك | تېز، ئىتتىك |
| تەر | ھۆل، تەر، يېڭى، تازا، راسا |
| تەرھ | تاشلاش، ئېلىپ تاشلاش، پىلانلىماق |
| تەرسا | خرىستىيان، ناسارا؛ قۇرقۇنچاق؛ تەرسا بەچچە —قورقۇنچاق ئوغۇل |
| تەزەللۇم | شىكايەت قىلىش، زۇلۇمدىن دەرت ئېيتىش |
| تەسخىر | قولغا كىرگۈزۈش، رام قىلىش، ئىلىندۇرۇش، بېقىندى قىلىش |
| تەشبىھ | ئوخشىتىش، سېلىشتۇرۇش. كۆپلىكى: «تەشبىيە» |
| تەغافۇل | تويۇقسىز يۇرۇش، غەپلەتتە قېلىش، بىلمەسلىككە سېلىش |
| تەفرىد | يالغۇز قېلىش، ئۆزىنى يالغۇزلۇقتا قالدۇرۇش |

تەفسىر شەرھ، ئىزاھ، چۈشەندۈرمە، يەشمە

تەكەللۇم سۆزلەش، گەپ قىلىش، سۆزلىشىش

تەكيە يۆلەنچۈك، ياستۇق؛ دەرۋىشلەر تۇرىدىغان ئورۇن

تەلخكامى قايغۇلۇق كۈن ئۆتكۈزگۈچى

تەلخكام قايغۇلۇق، ئۈمىدسىزلىك

تەلخ ئاچچىق، تېتىقسىز

تەئمىر تۈزۈش، ئوڭشاش، ياساش، يېڭىلاش

تەمەننا تىلەك، ئىستەك، ئارزۇ، ئۈمىد. كۆچمە مەنىسى: ئۆزىگە ئىشىنىپ كېتىش

تەمىز ئاجرىتىش، ئايرىش، پەرقلەندۈرۈش

تەمىز تازا، پاك، ئېرىق

تەۋازۇئ ئۆزىنى تۆۋەن تۇتۇش، كەمتەرلىك

تەۋەللا دوست تۇتۇش؛ يالۋۇرۇش، ئۈمىد قىلىش

تەۋەنگەر مولۇكدار، كۈچلۈك، باي، كۆپلىكى: «تاۋانگەر»

تەۋر رەۋىش، يوسۇن، ئادەت، قىلىق، تەرز، ئۇسۇل، تەرتىپ

تەۋبە گۇناھىدىن قايتىش، توۋا قىلىش

تەۋفىق توغرىلىنىش، مۇۋاپىق كېلىش

تەۋبە نەسۇھا نەسۇھادەك قىلغان توۋبىسىغا ئەمەل قىلىش

تەناب تانا، ئاغامچا، شوينا، كۆچمە مەنىسى—يارىنىڭ چېچى

| | |
|---|---|
| تەند | تەن، ئىقرار، قايىل، ئىتىراپ |
| تىرەباران | ئوق ياغدۇرۇش |
| تىرە | قاراڭغۇ، قارا |
| تىمەسخىر | مەسخىرە قىلغۇچىلار |
| تىلمار | تىلى يىلان، تىلى زەھەر |
| تورەڭ | ياۋا توخۇ |
| توفان | تاشقىن، كەلكۈن، كۆچمە مەنىسى: زور غەۋغا، توپىلاڭ |
| تورفە | ئاجايىپ، ھەيران قالغۇدەك، يوچۇن |
| تۇرۇك | خەت تونىمايدىغان قارام نادانلار |
| توران | تۈركىستاننىڭ قەدىمكى ئاتىلىشى |
| توۋەر | ئۇسۇل، خىل، تۈر |
| تۇغيان | تاشلىماق؛ كەلكۈن، توپىلاڭ، قوزغىلاڭ، ئىسيان |
| تۇغان | تۇغ |
| تۇلۇئ | چىقىش، كۆرۈنۈش |
| تۈن گىرىبان | تۈن (كېچە)، كىيىمنىڭ يىرتۇق ياقىسى. شېئىردە: تۈن، كىيىمنىڭ ياقىسىنىڭ يىرتۇقلىرىدىن ئويۇلۇپ، سەھەر ئۆزىنى پىنھانغا ئالغاندۇر دەپ تەسۋىرلىنىدۇ. |

## ج

| | |
|---|---|
| جام جەم | جەمشىدنىڭ جامى (قىسقارتىلما سۆز) |

جام ھىلالى — ھىلال ئايغا ئوخشاش ئەگمە قەدەھ

جاھ — مەنسەپ، دەرىجە، مەرتىۋە، ئورۇن

جانا — جانان

جان سپار — جېنىنى ئايىمىغۇچى، سادىقلىق قىلغۇچى، پىدا-كارلىق قىلغۇچى

جانسوز — جان كۆيدۈرەر، جاننى ئۆرتىگۈچى، قىينىغۇچى

جاۋىد — مەڭگۈ، ئەبەدى، دائىمى

جەب — ئەجەپ

جەر — جار، جار سېلىش، بىلدۈرۈش، ئىلان

جەرنۇكتە — ھېكمەتلىك سۆزلەرنى بىلدۈرۈش؛ نەپىس سۆز-لارنى قىلماق؛ چىرايلىق تىللار بىلەن ئۆتكۈر سۆزلەرنى قىلىش

جەلادۇش — جاللاتدەك

جەيب — چۆنتەك، قويۇن

جەيبى — سۈبھىنىڭ قوينى، كۆچمە مەنىسى: قاراڭغۇلۇق-نىڭ قويىنغا يوشۇرۇنغان ئايدىڭ ياكى تاڭ.

جەننەتۇلمەئۋا — سەككىز جەننەتنىڭ بىرى

جەۋھەران — يالتىراق، جىلۋىلىك، جىۋىرلاپ تۇرىدىغان

جەۋدۇ — سېخىلىق، قولى ئوچۇقلۇق

جەۋلان — كېزىش، جەۋلان قىلىش

جىمئ — جەم

جىنان — جەننەت

جىنس — قىسىم، تۈر؛ ماتا، مال، كېيىملىك

جۇستجۇ ئىزدەش، ئاختۇرۇش، قىدىراش
جۇش-خۇرۇش شادلىق شاۋقۇنى
جورمى گۇناھ، ئەيىپ، قاباھەت، جىنايەت
جوغرى پارا بېرىش
جۇ ئەسخا سېخىيلىق سىمۋولى
جۇنۇن مەجنۇن، ساراڭلىق؛ يوشۇرۇنۇش؛ ئاشىق، ئەقلىدىن ئازغان
جۇۋالغا چىقىمدار
جۇۋان يىگىت، بىرلىكى: «جەۋان»، كۆچمە مەنىسى: ياتلىق بولۇپ بىرنى تۇغقان ئايال؛ ئاتا-ئانىسى تەرىپىدىن چاي قىلىپ جۇۋان قىلىنغۇچى.

## چ

چابۇك تېز، يۇگرۈ، چەۋەنداز
چابۇك سەۋار ئاتقا مىنگەن، ئاتقا مىنگەشكۈچى، چەۋەنداز، چاققان
چارە چوخ چارە-تەدبىر
چەب چەپ، سول، تەتۈر، پۇتلىكاشاڭ
چەرخ چاق، ئايلانغۇچى، ئاسمان پەلەك، كۆك؛ دەۋر، زامان، تەقدىر، تەلەي
چەشم كۆز، بۇلاق
چەشم پەتتان مەپتۇن قىلغۇچى بۇلاق، دەم تارتقۇچى بۇلاق، سۈمۈرگۈچى كۆز

**چەندان** شۇنداق، ئالاھىدە، ھەسسە، كۆپ خىل

**چىكە** تامچا، يامغۇرنىڭ ئۆيدىن ئۆتۈپ كەتكەن تامچىسى

**چىن** جۇڭگو

**چىن‌ماچىن** خوتەن

**چوق** تولا، كۆپ نۇرغۇن

## خ

**خارابات** ۋەيران جاي، خارابە. كۆچمە مەنىسى: مەيخانا، ساراي، مېھمانخانا

**خارابات ئەھلى** مەيخانا كىشىلىرى، مەيخانىغا بارغۇچىلار

**خار** قەدىرسىز، تىكەن

**خارج** تاشقى، تاشقىرىدىكى، سىرتىدا

**خاجە** خوجا، بەگ، تۆرە، ئەپەندى؛ باي؛ خوجايىن، ئىگە؛ ئوقۇتقۇچى، ئۇستاز؛ بوۋاي؛ ھەرەم ئاغىسى

**خاشاك** سۇپۇرۇندە

**خاكى پاي** ئاياغ توپىسى

**خاك پاي** باسقان ئىز، ئاياغ ئاستى توپىسى؛ ئاددىي خەلق، كەمبەغەل

**خاك نەشىن** توپىدا ئولتۇرغۇچى

**خامە** قەلەم

**خەبىس** لۈكچەك، پاسكىنا، ھارام تۈخۈم

| | |
|---|---|
| خەت | سىزىق، ئىز، يېزىق، خەت، يېڭى چىققان بۇ-رۇت، مويلاۋ |
| خەت-خەت | قورۇق، سىزىق-سىزىق، پۈرلەشكەن |
| خەتم | پۈتۈش، ئاخىرىغا يەتكۈزۈش، تۈگىتىش |
| خەدەڭ | ئوقيا ئوقى |
| خەراش | يونۇش، تاراشلاش، تاتىلاش |
| خەردۇھۇش | ئەقلى ھۇش، بىرلىكى: «خىرەدھۇش» |
| خەرقە | يىرتىق رەخت، يىرتىق چاپان، دەرۋىشلەر كىيە-دىغان كىيىم. بىرلىكى: «خىرقە». |
| خەرق | يىرتىش، يېرىش، ئايرىش |
| خەر | ئېشەك |
| خەرمەن | چەمبىرەك |
| خەزان | كۈز، كۈز پەسلى، كۈز كۈندە ياپراقلارنىڭ تۆكۈلۈشى |
| خەستە | ئاغرىق |
| خەسم | دۈشمەن، رەقىپ، قارشى، مۇقابىل، مۇخالىپ |
| خەللاق | ئالەمنى يوقتىن بار قىلغۇچى |
| خەلئىتى | چۈشۈرمىكى، قۇپارمىقى، ئورنىدىن ئېلىپ تاش-لىماقلىقى |
| خەندان | كۈلىدىغان، كۈلگۈچى |
| خەندە | كۈلۈش |
| خىجلەت | خىجالەت |
| خىرام | چىرايلىق مېڭىش؛ خىرامىڭ-مېشىڭ |

| | |
|---|---|
| خىرامان | ئۆزىنى ھەر تەپكە تاشلاپ ناز بىلەن ماڭغۇچى |
| خىسال | خىسلەتلەر، ياخشى خۇلۇق، ياخشى سۈپەتلەر |
| خىيابان | باغ يولى، دەرەخزارلىق يولى |
| خىلۋەتگاھ | خىلۋەت جاي |
| خۇبان | گۈزەللەر، چىرايلىقلار |
| خود | ئۆزى، يالغۇز، پەقەت؛ ئەسكەر باشلىقلىرى ۋە پادىشاھلار كىيىدىغان چۆچىلىق جەز قالپاق |
| خوردەبىن | ئۇششاق نەرسىلەرنى كۆرگۈچى، ئىنچىكە قارىـ غۇچى |
| خورشىد | ئاي، كۈن، قۇياش، ئاپتاپ |
| خۇشاب | يېمىش؛ ئۈرۈك سۈيى |
| خۇمار | بىرەر كەيپكە ئادەتلىنىش سەۋەبىدىن ئۇنى سىـ غىنىش، خۇمار |
| خۇمار كۆز | يېرىم مەس ھالەتتە كۆزنىڭ گەرى ئويناپ تۇـ رۇش |
| خۇمار نىشە | نەشە خۇمارى |
| خۇنابە | قانلىق ياش، ئاچچىق يىغا، قان ئارىلاش سۇ |
| خۇنبار | قانلىق ياش تۆككۈچى، ئاچچىق يىغلىغۇچى |
| خۇنخار | قانخور |
| خۇن | قان |
| خۇان | يېمىش ئېلىپ داستىخان ياكى شىرە ئۈستىدە قويۇلىدىغان تۆت پۇتلۇق ياغاچ قاچا، ئۈستى سەككىز بۇرجەكلىك رەڭگا-رەڭ سىرلانغان سايمان |

| | |
|---|---|
| خۇنخارە | قان يۇتقۇچى |

**ھ**

| | |
|---|---|
| ھادى | توغرا يول كۆرسەتكۈچى |
| ھازىق | بەك بىلىملىك، تەجرىبىلىك، ئۇستا، ماھىر؛ تەبىب ھازىق— ئۇستا دوختۇر |
| ھاجەتكەئەلەيھا | دۇئا-تەلەپلەر ھاجەتكە تۇشلۇق |
| ھال بەدەر | تولۇن ئايدەك ھالەت |
| ھالە | ئاي گەردىشى، گىرداب، ئاي قاراڭغۇلاشقاندا ئۇ-نىڭ ئەتراپىنى ئورىۋالغان چۆگۈلمەچ |
| ھاۋى | ئىچىگە ئالغان، قاپلاپ ئالغان |
| ھانى | توغرى، راست |
| ھان | توغرا، راست! ، دىققەت! ، تېز! |
| ھەرەم | خاس جاي، كىشىلەر كىرگۈزۈلمەيدىغان جاي؛ ھەرەم؛ ئىچكىرى ھويلا؛ باشقا مەنىسى: خو-تۇن. |
| ھەرەم ۋەسلى | سۆيۈملۈك يار ۋەسلى |
| ھەربە | نەيزە |
| ھەرىف | ھەرپ، بەلگە، نىشان، كۆپلىكى: «ھەرف» |
| ھەزىن | قايغۇلۇق، مۇڭلۇق، غەمكىن، ھەسرەتلىك |
| ھەزىمەت | ئارقىغا قايتىش، چېكىنىش |
| ھەزىل | شىرنچاقچاق، ئويۇن قىلىش، ئوينىشىش |
| ھەسەب | يۈز، ئابروي، داڭ، شەھرەت، شەرەپ، قەدىر- |

لىك بولۇش

**ھەسەن** ياخشى، چىرايلىق، گۈزەل

**ھەسەنات** ياخشى ئىش، سېخىلىق ئىش

**ھەسۇد** ھەسەت، كۈنلىگۈچى

**ھەشەر** توپ، گۇرۇھ

**ھەلقە** سادىق، سەمىمىي

**ھەلقەئاسا** سادىق بولغۇچى، سەمىمىي بولغۇچى

**ھەلقە-ھەلقە** ھالقا-ھالقا، زەنجىرسىمان. كۆچمە مەنىسى: بۇدرە چاچ، گىدىمەك چاچ.

**ھەمراھ** يولداش، ھەمراھ

**ھەمگام** ھەمقەدەم، ھەمرا

**ھەميەكتا** تەڭدىشى يوق

**ھەمنەشىن** بىرگە ئولتۇرغۇچى

**ھەنگامە** يىغىن، توپلىنىش

**ھەۋائ** پۈتۈن يەر يۈزىنىڭ ئۈستىنى ئوراپ تۇرغان گاز، ھاۋا

**ھەۋا** ئارزۇ، ھەيل، ئىستەك، ھەۋەس، ئىشق-مۇ-ھەببەت

**ھىدايەت** توغرا يول كۆرسىتىش؛ توغرا يول ئىزدەش، توغرا يولغا كىرىش، قۇتقۇزۇش

**ھىكمەت** بىر نەرسىنىڭ سىرى، سىرلىق نەرسە

**ھىلىم** يۇمشاق تەبىئەتلىك، يۇۋاشلىق، سەۋرچانلىق

**ھىنگام** «ھەنگامە» گە قاراڭ.

هۆر گۈزەل، هۆسىندار
هۆر-غىلمان جەننەتتىكى گۇناھسىز نارسىدە ئوغۇل-قىزلار
هوررى ئالى جانابى، ئەركىنى
هوران هۆر-غىلمان

## د

داد خاھ ئەرز قىلغۇچى، ئادالەت تەلەپ قىلغۇچى
داراز ئېگىز، ئېگىز بويلۇق، ئۇزۇن
دارئالامان تۇرغان جايىنىڭ تايىنى يوق، باشباشتاق
داغى تېخى، يەنە
دال ئىگىلگەن
دامادى رۇسۇل پەيغەمبەرنىڭ كۈيئوغلى
دامان چەت، ياقا، ئېتەك، ئۆگكۆر، كۆپلىكى: «دا-
مەن».
دەببارنا مەسچىت، خانىقادا رەبباتا ئايەتلىرىنىڭ ئوقۇلۇ-
شى، پەقەت پۇل ئۇچۇن
دەبستان ئوقۇش ئۆيى
دەهر زامان، دەۋر، دۇنيا، ئالەم، تەقدىر، قىسمەت
دەهرى تەڭرىگە ئىشەنمەيدىغان دىنسىز كىشى
دەهەن ئېغىز، تۆشۈك
دەربان دەرۋازىۋەن
دەربەدەر ئىشىكمۇئىشىك كېزىپ يۈرگۈچى
دەرەخشان پارلاق، پارقىراق

**دەرەخشەند** پارقىراق، روشەن

**دەستگاھ** ياراق، جابدۇق، ئەسۋاب، ئۈسكۈنە

**دەست** قول، بىلەك، قېتىم، مەرتىۋە

**دەندان** چىش

**دىدە پۇرخۇن** قانغا تولغان كۆز، كۆزلىرى قان

**دىلىر** يۈرەكلىك، جەسۇر، غەيرەتلىك، قەيسەر، دادىل، قورقماس، جۈرئەتلىك

**دىلارا** كۆڭۈلنى مەپتۇن قىلغۇچى گۈزەل، بىرلىكى: «دىلئارا».

**دىلبەر** كۆڭۈل ئالغۇچى، كۆڭۈلنى بەرگۈچى

**دىلجۇي** كۆڭۈل ئىزدەش

**دىلشكەن** خاپا قىلغۇچى، كۆڭۈلنى سۇندۇرغۇچى

**دىلنەشن** كۆڭۈلدىن ئورۇن ئالغۇچى، كۆڭۈلدە ئورۇن ئالىدىغان

**دىلپەزىر** كۆڭۈلگە ياققۇچى

**دىلەفكار** كۆڭلى ۋەيران، سورۇلغان

**دىۋار** تام

**دىۋانە** ئەقلىدىن ئاداشقان، ساراڭ

**دۇئايى خەمسە** بەش ۋاق نامازدىكى دۇئا

**دۇتاھ** مۈكچەيگەن، ئېگىلگەن، جۈپ

**دۇختەر** قىز

**دوخول** كىرمەك، ئىچكىرىلىمەك، كىرىش ئېغىزى

**دۇد** ئىس، تۈتەك

# ر

| | |
|---|---|
| رابات | قونالغۇ، ئۆتەڭ، لەڭگەر، كارۋان ساراي، كۆپ-ىلىكى: «رەبات». |
| راھمان | شەپقەتچى |
| راھ | يول، تەدبىر، بوشلۇق، دائىرە؛ شاتلىق. كۆچ-مە مەنىسى: مەي، خۇشپۇراق مەي |
| راز | سىر، يوشۇرۇن، مەخپى |
| راغىب | قىزىققان، ئىستىگەن، تىلىگەن، ئارزۇ قىل-غان، رىغبەتلەنگەن، مايىل بولغان، خالىغان؛ رىغبەت |
| رايگان | يولدىن تېپىلغان، بىكاردىن كەلگەن نەرسە |
| رايگا | يار، سۆيگۈنى؛ چىرايلىق ياش |
| رەب | خۇدا، ئاللاھ |
| رەخش | ئات، ئالا-چىپار ئات، ئارغىماق؛ چۆچەكلەردى-كى رۇستەم زال مىنگەن ئات؛ بىر يۇلتۇزنىڭ نامى |
| رەھمەت | رەھىمدىللىق، مېھرىبانلىق؛ ئايىماق، تايانچ، كەمچىلىك، ئاللاھنىڭ رەھمىتى، ئىلتىپاتى |
| رەھن | گۆرۆ، گۆرۆگە قويۇلغان نەرسە |
| رەققاس | ئۇسسۇلچى |
| رەقەم | يېزىش، سىزىش، سانلارنى كۆرسىتىدىغان بەلگە |
| رەفئەت | بۈيۈكلۈك، ئۇلۇغ دەرىجە، بۈيۈك مەرتىۋە |

رەفىق يولداش، ئارقاداش
رەفئ كۆتۈرمەك
رەئنا چىرايلىق، گۈزەل، يېقىملىق، بىر خىل گۈل- نىڭ ئېتى
رەمز ئىشارە، ئىشارەت، ئىما، ئۆزئارا بىلىشىدىغان يوشۇرۇن بەلگە
رەم قورقۇش، ئۈركۈش، چۆچۈش؛ قورقۇپ قېچىش
رەنج ئازار، مۇشەققەت، قىينىلىش، رەنچ
رەۋان يۈرگۈچى، ئاققۇچى، راۋان؛ جان، روھ، هايات
رەۋزەخەلەد مەڭگۈلۈك باغ، جەننەت، بىرلىكى: «رەۋزە- خولد».
رەۋنەق يالتىراق، پارقىراق، كۆركەملىك، راۋاج، رو- ناق
رىدائ دەرۋىشلەر كىيىمى، يېپىنىۋالىدىغان يەڭسىز تون، يېپىنچا
رىزە ئۇۋاق، ئۇششاق
رىش يارا، جاراھەت، ھەسرەت، رەنجىش؛ ساقال؛ كۆچمە مەنىسى—تىلىم-تىلىم؛ تال-تال
رىشتە يىپ، باغلىغۇچى، تاناپ، ۋاستە
رىيا كۆز بويامچىلىق
رىند نازۇك تەبىئەت، ياسانچۇق، بايۋەچچە
رۇجۇئ قايتىش، ئۆتۈنچ، مۇراجىئەت، ئىلتىماس، يۈكلەش، تاپشۇرۇش

روزىگار    تۇرمۇش، تىرىكچىلىك، كۈن كۆچۈرۈش؛ دەۋر، زامان، ۋاقىت، ئەسىر
رۇز    كۈن، كۈندۈز
رۇشدى    ئىلگىرىلىگەن، قۇرامىغا يەتكەن
رۇمانى    ئانار رەڭ، ئاناردەك قىپقىزىل
رۇمزە-رەمۇز    بىر يۇرۇش ئىلاھى كۈچ

## ز

زاھىد    دىندار، تەقۋادار، سوپى، كىشىلەردىن قېچىپ يۈرگۈچى، ئىبادەتمەن، يامان ۋە ھارام ئىشلاردىن ساقلانغۇچى
زاھىد كوتاھبىن    ئۆمرى قىسقا زاھىد، كىچىك بالا زاھىد، كىچىك زاھىد ئوغۇل
زاھىر    روشەن، ئوچۇق، پارقىراق، تاشقى، يېڭى، پۇراقلىق
زار    ئىنتىزار
زائىقە تۇلمەۋت ۋەلارەيب    بارلىق جانلىقلار شەكسىز ئۆلۈپ تۈگەيدۇ.
زاك    چاچ بوياىدىغان بوياق
زاغۇزەغەن    قاغا-قۇزغۇن
زال    گىرى، ياشانغان، قېرى خوتۇن، مەككار، ھىلىگەر
زانۇ    تىز؛ ئەگرى

زەبۇن		كۈچسىز، زەئىپ
زەھد		تەقۋالىق، سوپىلىق، ھارامدىن ساقلىنىش، يا-
		مان ئىشلاردىن ساقلىنىش
زەھراب		پاسكىنا سۇ، زەھەرلىك سۇ
زەد		سوققا، زەربە
زەر		ئالتۇن، زەر
زەررە		چاڭ، غۇبار، ئۇششاق، ئۇۋاق
زەغەن		قۇزغۇن
زەيلى		قوشۇمچە
زەئىفىن		كۈچسىزلىك، ئاجىز
زەلىل		خار، قەدىرسىز، ھەقىر، تۆۋەن، پېقىر
زىبا		زىننەتلەنگەن، گۈزەل، كۆركەم، چىرايلىق،
		ھۆسىندارلىق
زىشت روي		سەت چىراي
زىياد		ئارتۇق، كۆپ، زىيادە
زىنھار		پەقەت، ھەرگىز
زىنەخدان		ئىڭەك ئاستى گۆش، ياڭاق
زىۋەر		بېزەك
زولف		چاچ، كۇكۇلا
زولفى تابدار		تولغىماچ چاچ، كۆچمە مەنىسى—يارنىڭ چاچ
		كەمەندىسى.
زۇلال خەزەر		تىپتىنىق ۋە شىرىن سوغوق دېڭىز، خەزەر دېڭىزى
زومرە		توپ، بىر توپ، جامائە، گۇرۇھ، پىرقە

| | |
|---|---|
| زۇمررەد | يېشىل چىنتاش |
| زۇلابى | بىر ئەييارنىڭ نامى |
| زۇننار | بويۇنغا ئاسىدىغان زەنجىر، خرىستىيانلارنىڭ بويىنغا ئېسىۋالغان كرىستلىرى |

## س

| | |
|---|---|
| سابت | تۇرغۇچى، مۇقىم، تەۋرەنمەس |
| ساهر | سېھىرچى، جادۇگەر، كۆز باغلىغۇچى |
| ساهبا | ساھىپخان، خانىم، ئايىم، ئايال خوجايىن |
| سارى | تەرەپ، ھەر تەرەپ |
| ساز | ئەتمەك، قورال، ئەسلىھە، چالغۇ، تەييارلىق، تەرتىپكە سېلىش |
| ساغەر | مەي ۋە شاراپ ئىچىدىغان پىيالە، قەدەھ |
| ساپا | چەت، ياقا، شەھەر ياقىسى، يوشۇرۇن ماكان |
| ساقى | مەي قۇيغۇچى، ساقى |
| ساكن | تۇرۇشلۇق، جىمجىت، قىمىرلىماي تۇرىدىغان، تۇراقلىق |
| سالك | يولۇچى، سەپەرچى |
| سالس | ئۈچىنچى |
| سەبزە | مايسا، مايسىزار |
| سەبقەت | ئىلگىرىلىك، ئۆتۈش، ئۆزۈش |
| سەترى | يول، قۇر، رەت، قاتارلىق |
| سەترمسرائ | شېئىر مىسرا قۇرلىرى |

| | |
|---|---|
| سەججادە | جەيناماز، سەجدە قىلىدىغان جاي |
| سەهاب | بۇلۇت |
| سەهى | تىك، تۈز |
| سەهن | سەهنە، مەيدان، بوشلۇق جاي، هويلا يۈزى |
| سەهل | يەڭگىل، ئاسان، ئوڭاي |
| سەد ئاهۇدىرىغا | يۈز ئەپسۇس، يۈز ئىست |
| سەراسەر | باشتىن-ئاخىر |
| سەراپا | باشتىن ئاياغ، پۈتۈنلەي |
| سەرگەشتە | بېشى قايغان، بېشى ئايلانغان، گاڭگىرىغان |
| سەرۋى خىرامان | گۈزەل، يۈرۈشلۈك يار |
| سەربەلەند | ئاتاقلىق، داڭدار، شۆھرەتلىك |
| سەر | باش |
| سەرشار | لىق، تولا، لىپمۇلىپ |
| سەرچەشمە | بۇلاق بېشى، بۇلاق بويى |
| سەرۋى | سەرۋى دەرىخىدەك |
| سەرۋەرى | رەھبەرلىك ئورنى، ھۆكۈمرانلىق، يولباشچىلىق |
| سەرۇر | يولباشچى، يېتەكچى، رەئىس، خوجايىن، بىرلىكى: «سەرۋەر» |
| سەرۇسامان | ئورۇنلاشتۇرۇش، تەرتىپ، ئۆي جاھازلىرى، تۇرمۇش قوراللىرى |
| سەير | يۈرۈش، كېزىش، تاماشا قىلىش |
| سەيد | ئوۋ، ئوۋلىنىدىغان جانۋار |

**سەيدى** مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ جەمەتى؛ ھۆكۈمرانلىق

**سەيس** سىلىق، ھاشار

**سەف** رەت، رەتلىك تىزىلغان

**سەفھە** سەھىپە، ۋاراق، كىتاب

**سەئەب** قىيىن، ئېغىر، مۇشەققەتلىك

**سەلەم ئىمداد** قەرزىگە ياردەم بەرگۈچى

**سەم** ئوغا، زەھەر

**سەمەر** مېۋە، يېمىش؛ كېچە، تۈن، دەۋر، زامان

**سەمەنبەر** ياسىمەن گۈلدەك خۇش پۇراق، ئاپپاق

**سەۋدائ** تىبابەتچىلىكتە ئادەم بەدىنىدىكى تۆت خىلتىنىڭ بىرى

**سەۋدائى** تەلۋە، ساراڭ، سەۋدايى بولۇش، بىقارار بو- لۇش، دىۋانە بولۇش، خىيالى بۇزۇلغان

**سەۋرەت** تېزلىك، ئۆتكۈرلۈك، ئاچچىقلىنىش

**سەنا** ماختاش، داڭلاش، مەدھىيە، كۈي

**سەندەلى** سەندەل رەڭ، سەندەلدىن ياسالغان كۇرس

**سەنگ دىل** باغرى تاش، تاش يۈرەك، تاش كۆڭۈل

**سب** ئالما

**ستەمكار** زالىم، زۇلۇم سالغۇچى، ئەزگۈچى، زومىگەر

**ستار** يۇلتۇز

**سپاھ** ئەسكەر، چېرىك، ئەمەلدارلىق

**سپقار** سۇمۇرمەك، ھېچ قالدۇرماي ئىچمەك

**سراپ** سۇ ئىچىپ تويغان، مولچىلىق، باياشاتچىلىق

سقله پەسكەش

سكه بەك

سياه قارا

سل تاشقىن، سەل

سمنبەدەن كۈمۈش بەدەن، ئاپپاق بەدەن

سما يۈز، چىراي، چىھرە

سم كۈمۈش

سمكۈن قۇياش چىراي، كۈن چىراي

سمنبەر كۈمۈش بەدەن، ئاق بەدەن، ئاپئاق

سمن كۈمۈش

سۈبھ سۈبھ، تاڭ ئېتىشقا شەرق تەرەپتىن كۆتۈرۈل-
گەن يورۇقلۇق

سۈبھى دەم تاڭ يورۇۋاتقان چاغ

سۈرخ روي قىزىل يۈز؛ شاد، خۇشال

سۈرۈك پادا، توپ

سوكول قارغىشقا قالماق

سۇبھە تەسۋى

سۇگرا كېيىن، ئارقا

سۇنبۇل بىر خىل خۇش بۇي قارا رەڭلىك ئۆسۈملۈك

## ش

شاهد گۇۋاھچى، گۇۋاھ

شاغەزەل ساھانە غەزەل، تەڭداشسىز قالتىس غەزەل

| | |
|---|---|
| شانه | تاغاق، دولا سۆڭىكى؛ بابكارنىڭ شانىسى؛ شاھانە، پادىشاھلارچە |
| شە | پادىشاھ |
| شەبان | مال باققۇچى، چوپان |
| شەباب | ياشلىق، يىگىتلىك، ياشلىق چېغى |
| شەب | تۈن، كېچە، قاراڭغۇ يىللاردا |
| شەھەد | ھەسەل |
| شەھەۋات | شەھۋەتلەر، نەپس تىلىگەن نەرسىلەر؛ نەپس ئارزۇلار. بىرلىكى: «شەھۋەت» |
| شەھسۇۋار | چەۋەنداز، ئاتلىق شاھ |
| شەفەق | كۈن پېتىش ۋە كۈن چىقىش ۋاقتىدىكى قىزىللىق، كۈن قىزىلى |
| شەكەر گۇفتار | شەكەر سۆز |
| شەكلۇ شەمايىل | ئەپتى، ئەپتى ھالىتى، ھالى |
| شەئشەئە | شولا، نۇر، يورۇقلۇق |
| شەمشاد | سەرۋىگە ئوخشايدىغان خۇشقامەت ۋە چىرايلىق دەرەخ |
| شەمئى ئەنجۇمەن | بەزمىدە ياندۇرۇلغان شام |
| شەمئى نۇشامالار | زىچ يېقىلغان شاملار |
| شەمس | كۈن |
| شەين | ھاياجان؛ نۇقسان، داغ، ئەيىب، قۇسۇر |
| شكەستە | سۇنغان، سۇنۇق، مەجرۇھ، مەغلۇب، كۆڭلى قاتتىق ئازار يېگەن |

شكاف يېرىق، دەز، تۆشۈك، چاك
شكەم قېرىن، قورساق
شۇە ناز-كەرەشمە، ئەركىلەش، شوخلۇق، غىل-جىڭلىق، ھەرىكەت، پوزىتسىيە، ئالدام، ھىلە
شۇئائ شويلا، يورۇقلۇق
شۇبا شۇنىڭ ئۆزى بار، شۇ نەرسە بار، ئەشۇ بار
شورش غەۋغا، قوزغىلىش، قارشى چىقىش، توپىلاڭ كۆتۈرۈش، ئىسيان قوزغاش
شورقىيامەت پاتپاراقچىلىق، قىيا-چىيا، دەھشەت، غەۋغا-تو-پىلاڭ
شۇكۇھ داڭق، شۆھرەت، شەۋكەت
شۇئلە نۇر، ياغدۇ، يالقۇن، شولا، قۇياش، ئوت شو-لىسى
شۇيۇئ يېيىلىش، تارقىلىش
شويۇن شانلار، شەرەپلەر، بىرلىكى: «سان».

# غ

غارەت بۇلاڭچىلىق، تالان-تاراج، ئولجا، غەنىمەت
غەبغەبى ئىڭەك ئاستى؛ ئىڭەكلىرى
غەرىزى تەبئىي، ناھايىتى بۇرۇنقى، تۇغما
غەرىم كىشىدە ئېلىشى بار كىشى، قەرز بەرگەن كىشى
غەرراھ يالتىراپ تۇرغان، روشەن، يارقىن
غەرقاب غەرق بولغان، سۇغا پاتقان؛ گىرداپ، كامار،

ئوپقان

**غەزال** — كىيىك، ئاھۇ؛ بىر سۈرۈك غەزال، بىر توپ كىيىك

**غەيۇر** — غەيرەتلىك، ئىجتىھاتلىق، باتۇرلۇق

**غەلتان** — ئايلانغۇچى، يۇمىلاق

**غەۋۋاس** — سۇنىڭ تېگىگە شۇڭغۇغۇچى، گۆھەر ئېلىش ئۈچۈن دەريا-دېڭىز تېگىگە شۇڭغۇپ كىرگۈچى

**غەمغەپ** — ئېڭەك ئاستى

**غۇبار** — چاڭ-توزاڭ، تۇتۇق، خىرە

**غۇبارراھ** — يولنىڭ چاڭ-توزاڭلىرى

**غوفران** — كەچۈرگۈچى تەڭرى

**غۇلۇۋ** — ئېشىپ كېتىش، ھەددىدىن ئېشىش، تۇغيان، توپىلاڭ، غەۋغا

**غۇفتە** — زوقلىنىش، قىزىقىش

## ق

**قادىرا** — ① قۇدرەتلىك ئاللاھ، ② ئادەم ئىسمى

**قادىر ئىگەم** — قۇدرەتلىك ئاللاھ

**قارما** — بۇلىماق، بۇلاڭ-تاران قىلماق

**قاسەد** — خەۋەرچى، ئەلچى، خەت توشۇغۇچى، ئىنتىلگۈچى، نىيەت قىلغۇچى

**قان** — قەيەر، نە

**قانلۇ** — قانلىق

| | |
|---|---|
| قەباھ | پېرىجە، تون |
| قەتئ | كېسىش، ئۈزۈش، توختىتىش، قارارلاشتۇرۇش |
| قەترە-قەترە | تامچا-تامچا |
| قەد | بوي، بەدەن تۈزۈلۈش، قەد |
| قەددى خوم | قەددى ئېگىلگەن، قېرىپ مۈكچەيگەن |
| قەداغ | كۆز قارىغۇچى |
| قەرس | دۈگىلەك، بىرلىگى: «قورس» |
| قەرىب | يېقىن، يېقىنلاشقان، قوشۇلغان |
| قەريە | كەنت |
| قەللاب | يالغان پۇل ياسىغۇچى |
| قەيسەررۇم | رۇم (ۋىزانتىيە) پادىشاھى، رۇم قەيسىرى |
| قەمەر | ئاي |
| قەۋس | ئىرناق، باي، كامالەك |
| قىركۈن | قىرىق كۈن |
| قىران | ياشلىق، يىگىتلىك دەۋر، كۈچكە تولۇپ يېتىلىشكەن، قىران |
| قىنائ | ئۈستىدىن يېپىنىدىغان پەردە |
| قۇببە | گۈمبەز، ئاسمان، كۆك. بىرلىكى: «قۇببەك». |
| قوچ- | قۇچاقلىماق، قۇچماق |
| قۇد | قويۇش، قويۇپ قويۇش |
| قۇربەت | يېقىنلىق |
| قۇل-قۇل | مەينىڭ شىشەئاغزىدىن چۈرۈكلاپ چۈشكەن بولىدۇق ئاۋازى |

قۇلزۇم ئىككى دەريانىڭ بىر-بىرىگە قوشۇلۇشى

قۇمرى قارا قۇچقاچ. (پاختەك دەپ قارايدىغانلارمۇ بار، ئەرەبچە قارا قۇچقاچ «قۇمرى» دېيىلىدۇ.)

## ف

فەتا يىگىت، ياش كىشى. («فەتى»مۇ دېيىلىدۇ)

فەتتان مەپتۇن قىلغۇچى

فەتھ ئېچىش، ئېلىش، ئىشغال قىلىش، يېڭىش

فەرەھ خۇشاللىق، شادلىق

فەرد يەككە، يالغۇز؛ مىسرا، كۇبلىت

فەرجات ئىلمىلىك، ئىلىم ئىگىسى

فەرياد زارلىنىش، ئاھ ئۇرۇش، فەرياد

فەرامۇش ئۇنتۇلۇش

فەۋر تېزلىك، ئىلداملىق، نەفەۋر-تېز ماڭالماس

فەن بىلىم، ئىلىم، پەن، ھۈنەر؛ سەنئەت؛ ئىقتىدار

فەنائامادە يوقاي دەپ قالغان، ئۆلەي دەپ قالغان، خاپىلىشاي دەپ قالغان

فىترەت يارىتىلىش، تۇغما، تەبىئەت

فىرقەت ئايرىلىش، ئايرىم بولۇش

فىراق ئايرىلىش، جۇدالىق، ئايرىملىق، ئاجرىلىش

فىراقەت ئايرىلىش، ئايرىم بولۇش

فىروزا يېشىل مايسىرەڭ گۈللۈك كۆركەم تاش، يېشىل تاش مارجان

**فىروزان** يالتىراش، پارقىراش

**فىروز** پىروز، بەختلىك، تەلەيلىك، غالىپ

**فىفاھ** ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى چالغۇلىرىدىن بىرسىنىڭ نامى

**فىگار** قىيىنىلىش، جاراھەتلىك، يارىدار، يارا، جاراھەت

**فۇزۇن** ئارتۇق، زىيادە، چەكسىز، ھېسابسىز، ئوشۇقچە

**فۇسۇل** پەسىللەر، بۆلۈملەر

**فوسۇن** ئەھسۇن، جادۇگەرلىك

## ك

**كار** ئىش، كار

**كاشانە** ئۆي، خانە؛ ئۇۋا، زەۋئى كاشانە، ئۆي ۋە خوتۇن-بالىلار

**كاش بەران** گۈللۈك خىشنىڭ ئۇستىگە

**كاش** ئەگەر، بولغان بولسا ئىدى، كاشكى

**كاف-لام** كالام، مەنىسى-كالامنىڭ قىسقارتىلمىسى بولۇپ، سۆز بىلەن ئۆزىگە رام قىلىش دېگەننى بىلدۈرىدۇ.

**كافۇر** كامغار دەرەخى، كۆچەت، ئاپپاق، ئاق قاردەك

**كاكول** ئادەمنىڭ ماڭلاي چېچى

**كام** تىلەك، مەقسەت، ئىستەك، مۇراد، بەھرە،

بەھرە ئېلىش

| | |
|---|---|
| كامىياب | ئاق يوللۇق، بەھرىمەن، مەقسەتكە يەتكەن |
| كامران | ۋۇجۇتقا چىققان، ئارزۇسى ئەمەلگە ئاشقان |
| كەبك | كەكلىك |
| كەبۇتەر | تەپتەر |
| كەج كەلھا | كاجلىق بىلەن، كاجلىق قىلىپ |
| كەرىم | سېخى، ئالىيجاناپ، ھۆرمەتلىك كىشى |
| كەرەم | مەرھەمەت، ئېھسان، ياخشىلىق، سېخىلىق |
| كەمال | چېكىگە يەتكەنلىك، يېتىلگەنلىك، تالانت، ئىقتىدار، مۇكەممەللىك |
| كەمەندە | سىرتماق، سالغا |
| كەۋسەر سۇيى | جەننەتتىكى بىر بۇلاقنىڭ سۇيى |
| كەۋكەبى | يۇلتۇزى؛ كۆركەملىك؛ توپ |
| كىشۋەر | مەملىكەت، ۋىلايەت، ئىقلىم |
| كۇ | نەدە، قەيەردە |
| كۇھ | تاغ |
| كۇھەن | قېرى، كونا |
| كۇھكەنلىق | تاغ قېزىش ھۆنىرى، تاشچى، (پەرھادنىڭ لەقىمى) |
| كۇشايىش | ئاسانچىلىق |
| كۇشە | بۇلۇڭ، پۇچقاق، خالى جاي |
| كوي | كوچا |
| كۇلبەئەن | ئۆي، ساتما، كەپە، تۇۋەن دەرىجىلىك ئۆي |
| كۇلۇۋەشربۇ | يەڭلار، ئىچىڭلار |

**كۈنج** بۇلۇڭ-پۇچقاق

**كۈن فەيەكۈن** ئاللانىڭ دېگىنىدەك بولىدۇ

## گ

**گاز** غار، تاغ

**گەدا** گاداي، تىلەمچى

**گەرد** ① چاڭ-توزاڭ، ② ئايلانغۇچى، كېچىسى ئايلانغۇچى

**گەران** قىممەتلىك نەرسە

**گەنج** غەزىنە، بايلىق

**گىر** تۇتقۇچى، ئالغۇچى، تارتقۇچى

**گىرىھ** تۈگۈن، چېگىك؛ كۆچمە مەنىسى: تەتۈر، چىڭ، بىر ئىشتا پۇتۇشكىلى بولمايدىغان كىشى

**گىرداب** سۇنىڭ ئايلىنىپ ئاقىدىغان قايىنمى، قايىنام، يىغا

**گىنە** ئاداۋەت، ئۆچمەنلىك، چەرخ گىنەۋەردىندۇر- پەلەكنىڭ ئۆچمەنلىكىدىندۇر.

**گۆزار** ئۆتۈش

**گۈستاخ** ئەدەپسىز، تارتىنمايدىغان، ھېيقمايدىغان، ھاكاۋۇر

**گوش ئاۋىزى** قۇلاققا ئېسىلغان، قۇلاققا ئاسىدىغان، قۇلاققا سالغان

**گۇفتار** سۆز، سۆزلەش، گەپ قىلىش

گۇلتان نارى — گۇلىستان ئانارى

گۇلچىن — گۇل تېرىغۇچى، باغۋەن، گۇل يىققۇچى

گۇپۇس — گۇل چاچقۇچى، كۆپلىكى: «گۇلپاشى»

گۇلروخ — چىرايى گۇلدەك، گۇل چىراي

گۇلئەندام — گۇل بەدەن

گۇلاپ — ئەتىرگۇلنىڭ سۈيى، قىزىلگۇلدىن قىلىنغان ئىد-چىملىك، يەنى زەھەر قايتۇرغۇچى ئالى دورا

گۇمنام — نامسىز، ئاتسىز، نامى يوقالغان، نامى ئۆچكەن

گۇنانە — گۇناھلىق، گۇناھ بولىدىغان

## ئە

ئەبتەر — قۇيرۇقى كېسىلگەن، قىسقا، كۆچمە مەنىسى: نەتىجىسىز، نەسلى قۇرۇغان؛ قۇيرۇقى كالتە يىلان، ناچار، تىلغا ئالماسلىق

ئەبرۇكامان — كاماندەك ئېگىلگەن قاش

ئەبلەھ — ئەخمەق، نادان، كاللىسى يوق

ئەپناسى — ئەيسانىڭ ئۆلۈككە جان كىرگۈزىدىغان دەم-سۈ-رىسى

ئەتبائ — ئارقىدىن ماڭغۇچىلار، ئەگەشكۈچىلار

ئەتق — قويۇپ بېرىش، قويۇۋېتىش

ئەجەم — ئەرەبلەردىن باشقا خەلقلەر، پارسلار

ئەخ — قېرىنداش، بىر تۇغقان، بۇرادەر

ئەخقا — مەخپىي سىر

| | |
|---|---|
| ئەختەر | يۇلتۇز، ياخشىلىق؛ بەخت، تەلەي |
| ئەخۋان | دوست |
| ئەھباب | دوست، يار، مەھبۇب، دىلى بىلەن ياخشى كۆرگۈچى |
| ئەھسەن | تاللانغان، بەك كۆركەم، گۈزەل، ئەڭ ياخشى |
| ئەھلى دانىش | دانىشمەن، يىراقنى كۆرەلەيدىغان بىلىم ئىگىسى |
| ئەھلى سالىھ | ئىش ھەرىكىتى بىلەن ھەممىنى قايىل قىلغۇچى، تەبىئى ئەخلاقى پەزىلىتى ياخشى كىشى |
| ئەدلى | ئادالەت، ھەققانىيەت |
| ئەدىل | توغرىلىق، ئادىللىق، ھەقلىق |
| ئەدىم | يوق بولغان، يوقۇلۇش، بولمىغان، مۇمكىن بولمىغان |
| ئەدنا | ئەڭ تۆۋەن، ئەڭ پەس دەرىجە |
| ئەدھەم | قارا ئات، قارا |
| ئەدەد | سان، ھېساب، دانە |
| ئەدەب بەرمەك | ئەدىۋىنى بەرمەك |
| ئەربەدە | ئۇرۇشقاقلىق، قوپاللىق، بىمەنە ۋالاقلاش |
| ئەدۇس | يېڭى توي قىلغان يىگىت، كۈيوغۇل |
| ئەرغەۋانى | قىزىل، قىزىل تۇسلۇك |
| ئەرغەۋان | قىزىل ۋە چىرايلىق گۈللەيدىغان دەرخ، چىرايلىق قىزىلگۈل |
| ئەزم | ① ئاتلىنىش، تەمشىلىش؛ ② سۈڭەك، سۈڭەكلەر؛ ③ قەست، نىيەت |

ئەسا هاسا، هاساتاياق

ئەسرارنەبۇۋەت پەيغەمبەر سىرلىرى

ئەسكى كونا، قەدىمكى

ئەسرگەردىش زاماننىڭ ئايلىنىشى، دەۋرنىڭ ئۆتۈشى

ئەسرۇ كۆپ، ناھايىتى؛ ئەسىر، تۇتقۇن

ئەسرار سىرلار، ئاجايىپ سىرلار

ئەشھەب بوز ئات

ئەشئار شېئىرنىڭ كۆپلىكى

ئەغيار غەير، غەيرىدىن

ئەقىق ئۈزۈككە كۆز قىلىدىغان قىزىل چىنتاش

ئەفسەھۇل گەپدان، سۆزمەن

ئەفغان پىغان، نالە-پەرياد

ئەفتادە يىقىلغان، تاشلاندۇق، كۈچسىز، كەمبەغەل، نامرات

ئەفراد يالغۇزلار، زاتلار، بىرەۋلار

ئەفكار پىكىرلار، ئويلىغان ئويلار

ئەفزۇن ئۇزاق، كۆپ، ئارتۇق، نۇرغۇن

ئەكنۇن ئەمدى، هازىر

ئەئدائ دۈشمەنلەر، ياۋلار بىرلىكى: «ئەدۋ»

ئەئمال ئەمەللەر، ياخشىلىق، يامانلىق ئەمەللەر، ئىش-لار

ئەييار ساياق، سەرسان، تىگىرقاپ يۈرگۈچى، ھىلى-گەر، قۇۋ، ئەييار

ئەييام كۈنلەر، ۋاقىت
ئەيش تىرىكلىك، ياشاش
ئەيدى ھېيت، ھېيتى
ئەيھان ئېلان، ئۇقتۇرۇش، جاكارلاش
ئەيرۇ ئايرىلىش، ئاجرىلىشىش
ئەلا_لا ساۋقۇن سۇرەن
ئەمدادى ياردەم بەرمەكى، ياردىمى، بىرلىكى: «ئمداد»
ئەمراز ئاغرىقلار
ئەناسەر نەرسىلەرنىڭ تۈرلىنىش ئەسلى ماددىلىرى
ئەندەلىب بۇلبۇل
ئەنبەر بىر خىل خۇشپۇراق ماددا
ئەند باغلاش، باغلىنىش
ئەنسەب لازىم، كېرەك
ئەنفاس تىنىقلار، بىرلىكى: «نەفەس»
ئەنجۇم يۇلتۇزلار
ئەنىل ئابادى ۋەننۇقسان ئاپەتتىن ساقلىسۇن
ئەنۋائى پەۋاكە- خىلمۇخىل يەيدىغان نەرسىلەرنى شىرەگە
دىن تىزىپ قويۇش
ئەنۋار نۇرلار، روشەنلىكلەر
ئەنۋەر ئەڭ نۇرلۇق، بەك روشەن
ئەۋسەت ئوتتۇرىدىكى، ئوتتۇرا، نورمال
ئەۋساف سۈپەتلەر، ماختاشلار؛ ھۆسنى ئەۋساخى-ھۆسنى
گۈزەللىكى

| | |
|---|---|
| ئەۋباشى | يارىماس، لۈكچەك، تەرتىپسىز، سایاق، بەڭ-باش، باشباشتاق |

## ئى

| | |
|---|---|
| ئىتاب | ئاچچىق، غەزەپ، قەھر، قىيناق |
| ئىهتىمام | ماقۇل كەلتۈرۈشكە تىرىشىش |
| ئىرشاد | توغرا يول كۆرسىتىش، يولدىن ئاداشقان كىشى-نى توغرا يولغا سېلىش |
| ئىززە | ئەزىزلىك، قەدىر-قىممەت، بىرلىكى: «ئىز» |
| ئىستىغنا | ئېهتىياجسىزلىق، تارتىنىش، ناز قىلىش |
| ئىستىقلال | ئۆز ئالدىلىق، ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش، مۇس-تەقىل |
| ئىسترلاب | قۇياش ۋە يۇلتۇزلارنىڭ ئېگىزلىكىنى ئۆلچەيدى-غان ئەسۋاپ؛ پال سالىدىغان شىشەخال، بىرلى-كى: «ئۇستۇرالاپ» |
| ئىقدا | زۇننار، مەرۋايىت باغ |
| ئىقبال | بىر نەرسىگە ئالدىنى قىلىش، كەلگۈسى، بەخت، دۆلەت، هۇما قۇشىنىڭ قانىتى |
| ئىفتار | ئېغىز ئېچىش، روزىنى بۇزۇش |
| ئىگنە | يەلكە، تەن، بەدەن، قول، بارماق |
| ئىئان | تىزگىن |
| ئىلىك | ئاۋۋال، بۇرۇن، ئىلگىرى |
| ئىلىك | ① قول؛ ② يىلىك |

| | |
|---|---|
| ئىتىخاب | تاللاش، سايلاش |
| ئىشائ | ياساش، قىلىش، كۆڭۈلدىن چىقىرىپ يېزىش، ئىجاد؛ ئەسەر؛ خەت؛ قۇرۇلۇش |
| ئىۋەر | بەدەل، بىر نەرسىنىڭ ئورنىغا كەلگەن ئىككىنـچى بىر نەرسە |

## ي

| | |
|---|---|
| يابۇ | مانجۇچە سۆز بولۇپ، باشقىلارگە كۆڭۈل بېرىپ يېنىغا چاقىرىش دىمەكتۇر. |
| ياخۇد | ياكى |
| يادئەس | خاتىرە، ئەس، ياد |
| يارەب | ياخۇدا، يائاللاھ |
| يارەببى زەلەمنا | تەڭرى قۇتقازغۇچى؛ جېنى ئۆزىنى ئازاپلىغۇچى |
| ياھەييۇتاۋانا | هايات هەم كۈچلۈك |
| ياۋەر | ياردەمچى |
| يەرەم | يارام، جاراھىتىم |
| يەغما | ئولجا، غەنىمەت |
| يەكتا | يەككە، يالغۇز |
| يەنغاق | ياڭاق |
| يەۋمۇل هساب | ئاخىرەت، ئۇ ئالەمدىكى هىساۋات كۈنى، سوراق كۈنى |
| يىدە بەيزا | مۇسا پەيغەمبەرنىڭ ئاتىلىشى، رىۋايەت قىلىنىشـچە: مۇسا قولىنى قوينىغا تىقىپ چىقارسا قولى |

ئاق پارقىراق نۇر بېرىدىكەن. شۇڭا قولىدىن پارقىراق نۇر بەرگۈچى دېگەن مەنىدە قوللانغان.

## ل

**لاتۇسرەفۇ** ئىسراپ قىلماڭلار

**لاجەرەم** شۈبھىسىز، شەكسىز؛ چارىسىز، نائىلاج

**لاجۇۋەردى** كۆك تۈسلۈك

**لاھەۋلەۋەلاقۇۋۋەتە-ئىللابىللائەلىيۇل ئەزىم.** بىزنىڭ كۈچ قۇدرىتىمىز ئاللاغا يەتمەيدۇ-تەڭرىم ئۇلۇغدۇر.

**لال** گاچا، كىكەش، دۇ-دۇقلاپ سۆزلەش، تىلىنى چايناپ سۆزلەش

**لالە** لەيلىگۈل

**لامئ** يالتىراق، پارلاق، يالتىراپ تۇرىدىغان

**لائەقىل** ئەقىلسىز

**لاتىف** يۇمشاق، گۈزەل، مۇلايىم، كېلىشكەن، يېقىملىق، نازۇك

**لەھزە** كۆز يۇمۇپ ئاچقىچە بولغان ئارىلىقتىكى ۋاقىت

**لەھن** كۈي، ناخشا، جىر، ئاھاڭ

**لەق** بوش، بوشاڭ، لىڭشىپ قالغان؛ سېسىق، بوزۇق

**لەئل** قىزىل رەڭلىك چىنتاش، كۆچمە مەنىسى: قىپقىزىل لەب

**لەئل رۇممانى** ئانار دانىسىدەك قىپقىزىل لەئل

| | |
|---|---|
| لەئلى ناب | سۈپ-سۈزۈك لەئىل |
| لەئلى | لەئىلدىن ياسالغان، لەئىل بىلەن بېزەلگەن |
| لەيلۇ نەھار | يالتىراپ نۇر چېچىپ تۇرىدىغان بىر خىل ئۆتكۈر قىلىچ ياكى شەمشەر |
| لەۋھى | لەۋھە |
| لىباس | كىيىم، سەرۈپا |
| لەبالەب | لىپمۇلىپ |
| لوھ گەردۇن | جاھان لەۋھەسى |
| لوئلە | بالا-قازا، جىدەل-ماجرا |
| لولى | ئالدامچى، ھىلىگەر، ساختىپەز |
| لولى باز | جالاپباز، پاھشۋاز، زىناخور |

## م

| | |
|---|---|
| ماھتابان | پارلاق ئاي، يارقىن ئاي، كۆچمە مەنىسى: ئايغا ئوخشاش نۇرچېچىپ تۇرغۇچى |
| ماھ | ئاي |
| ماھتاب | ئايدىڭ، ئاي نۇرى، ئاي، كۆچمە مەنىسى: ئاي-دەك گۈزەل |
| مادە | مادا، چىشى؛ ماددا |
| مار | يىلان (ئىلان) |
| ماسۋا | باشقا، غەيرى |
| مانەند | ئوخشاش، كەبى، تەڭداش، ئەينى |

مانەند خەس — ئەخلەتكە ئوخشاش

مانۇر — نەيرەڭ، ھىلە

ماندە — قالغان، قالدۇق، ئېشىندە

مەئاب — پاناجاي، يوشۇرۇنىدىغان جاي؛ بارار جاي، قايتىدىغان جاي؛ خۇددى، دەل

مەئاش — تۇرمۇش، مەئىشەت، روزىگار، تىرىكچىلىك

مەتبۇئ — مەتبۇئاتتا بېسىلغان ئەسەرلەر؛ ياخشى، مىزدىلىك پۇراقلىق، بۇي

مەتلەب — مەقسەت، مۇددىئا

مەتەر — يامغۇر، كۆپلىكى: «ئەمتار»

مەجاز — تەنەگەپ، تەتۈرگەپ، ئەستەرلىك گەپ، كىنايە

مەخمۇر — مەس، مەسلىكى تولۇق تارقالمىغان

مەخدۇم — خىزمەت قىلىدىغان، مەرتىۋىلىك، ئۇلۇغ زات

مەخزەنن — خەزىنىدىكى مال قويىلىدىغان ئورۇن؛ ئانبار، خەزىنە

مەھز — خالىس، ساپ، تازا

مەھفل — جاي، مەنزىل؛ توپلىنىش جايى، سورۇن، مەجلىس، بەزم

مەھال — «مەھەل» نىڭ كۆپلىكى

مەھەل — ئورۇن، يەر، جاي، ماكان؛ بوش ئورۇن، بوشلۇق، ؛ شەھەر ياقىسى؛ مەنبە، كۆڭۈل بۆلۈش؛ دىققەت قىلىش، قاراپ قويۇش

مەھلەكە — قورقۇنۇچلۇق جاي؛ خەۋپلىك ئىش، قورقۇنچ،

ئىزىلگەن

مەھرەم يېقىن، سىرداش؛ ئۆز، ئۆز كىشى، ئۇلپەت، تۇغقان

مەھۋە يوقىتىش، تۇگىتىش، يوقىلىش، غايىپ بولۇش

مەدھ مەدھىيە، ماختاش

مەرھەم چاپلىنىدىغان دورا، مەلھەم

مەرئى كۆرۈنىدىغان، كۆزگە ئىلىنىدىغان

مەردۇم كىشىلەر، ئادەملەر

مەرغۇل چىرمالغان، چىگىملەك چاچ

مەزبور يۇقىرىدا بايان قىلىنغان

مەزەللەت تۇۋەنلىك، خورلۇق، كەمسىتىش، خارلىنىش

مەزلۇم ئاجىز، ھەقسىز، كۆچمە مەنىسى: ئايال ئاجىز-لار

مەست مەس، مەس بولغان

مەستان مەست بولغۇچى، خۇمارغا بېرىلگۈچى

مەشام دىماغ، بۇرۇن، پۇراش ئورنى، بۇرۇن تۆشۈكى

مەشرۇئ شەرىئەتكە ئۇيغۇن، مۇۋاپىق ئىش

مەغفۇر گۇناھى ئەپۇ قىلىنغان، كەچۈرۈلگەن

مەغمۇم غەملىك، قايغۇلۇق، غەمكىن

مەقبۇل قوبۇل قىلىنغان، خوش كۆرۈنگەن، ياقتۇرۇل-غان

مەقام ئورۇن، دەرىجە، تۇرغان يەر، مەنزىل، مەن-سەپ، ئۇنۋان

مەقسۇد مەقسەت قىلىنغان، قەست ئېتىلگەن، ئارزۇ قىلىنغان نەرسە

مەقۋا كۈچلەندۈرۈپ تۇرغۇچى

مەكتۇم سىر تۇتۇلغان، يوشۇرۇن، مەخپىي

مەكنۇن يوشۇرۇن، بەك دىققەت بىلەن ساقلانغان نەرسە

مەئدەلەت ئادالەت، ھەققانىيلىق

مەئبۇد ئىبادەت قىلىنغان، قۇللۇق قىلىنغان

مەئدۇم يوق، مەۋجۇت ئەمەس، يوقۇتىلغان

مەئراج شوتا، پەلەمپەي، مۇھەممەد ئەلەيھسالامنىڭ كۆككە چىقىشى

مەئسىيەت گۇناھ، گۇناھ سادىر قىلىش

مەيگۇن مەي رەڭ، قىزىل رەڭ

مەلاھەت يېقىملىق، گۈزەللىك، تاتلىقلىق

مۇلك مۇلۇك

مەلىك پادىشاھ، ھۆكۇمدار، سۇلتان، ئەمىر، شاھ، خان

مەلىكىل مەۋت جان ئالغۇچى ئەزرائىل

مەلۇلى غەمكىن، قايغۇلۇق، زېرىككەن، بەزگەن

مەملۇ تولغان، تولۇق

مەننان ئاسرىغۇچى تەڭرى

مەۋج دولقۇن

مەۋزۇن ئۆلچەنگەن، چامىلانغان، كېلىشكەن

مەۋقۇب توختىتىلغان، تۇتۇلغان، باغلانغان

مىھر قۇياش، ئاپتاپ، مىھرى زەررە-قۇياش زەررىچىد-
لىرى؛ مىھرى خاۋەر-شەرق قۇياشى؛ مىھربان
شەپقەتلىك، سۆيۈملۈك

مىھرابۋەش مىھرابقا ئوخشاش قايرىلما

مىر تۆرە، رەئىي، ھاكىم، باشلىق

مىر سەدر چوڭ ئەمەلدار، ۋەزىر، مىنىستىر

مىردابە كىشى ئىسمى

مىزراب تىرناق، تەمبۇر چىرتىدىغان تىرناق

مىزاج مىجەز، تەبىئەت، ھال، ساغلاملىق، سالامەتلىك

مىژدە خوشخەۋەر

مىژگان خەدەڭ كىرپىك ئوقى

مىسرائ شېئىرنىڭ بىر قۇرى

مىسكىن بەختسىز، دەرمانسىز، بىچارە، كەمبەغەل ئاجىز

مىل كۆزگە سۈرمە تارتىلىدىغان سۈرمە چۆپ؛ ئۈچى
ئىنچىكە، ئۆتكۈر ئەسۋاپ؛ تۇغ شادا، بايراق ۋە
مۇنار ئۈستىگە ئورنىتىلغا ئۈچلۇق قۇببا، ئۇ-
رۇشتا كىيىدىغان باش كىيىمنىڭ ئۈچى

مىنقار يىرتقۇچ بولمىغان قۇشنىڭ تۇمشۇقى

مىۋەئەن مېۋىسى، مېۋىلىرى

مىڭ تەن ئاتا كۇچار يېڭى شەھەرنىڭ شەرقى شىمالىغا جايلاش-
قان بىر مازارنىڭ نامى

مۇبەددەل ئالماشتۇرۇلغان، ئۆزگەرتىلگەن، بىر تۇستىن
ئىككىنچى بىر تۇسكە ئالماشقان

| | |
|---|---|
| **مۇتتەفىق** | بىرلەشكەن، ئىتتىپاقداش؛ دوست؛ بىردەك |
| **مۇتەببەق** | يەر بىلەن هاۋا پەرقلىق يارىتىلدى |
| **مۇجاۋىر** | دەرۋىش، زاهىت، مۇساپىرنىڭ ئەكسى |
| **مۇختەسەر** | قىسقىچە، ئىخچام |
| **مۇختەلىت** | قېتىشقان، قوشۇلغان، تۈرلۈك نەرسىلەردىن قوشۇلۇپ ياسالغان |
| **مۇھتەسىب** | ھېساب ئالغۇچى، باھانى نازارەت قىلغۇچى |
| **مۇھەررىر** | يازغۇچى، كاتىپ، تەھرىرلىگۈچى |
| **موھىق** | ھەقلىق، لايىق، مۇناسىب |
| **مۇدام** | ① دائىمى، باقى، ئۇزاق زامان تۇرغۇچى، ② مەي، شاراب |
| **مۇر** | ① چۈمۈلە، ئۇششاق جانۋار. ② تەمسىز، ئاچچىق |
| **مۇرۇۋۋەت** | مەرتلىك، باتۇرلۇق، ئادەمگەرچىلىك |
| **مۇرغ پىغامى** | قۇشلار قانىتىدەك، قۇشلار قانىتى |
| **مۇسەللەخ** | تەسلىم قىلىنغان، بويسۇندۇرۇلغان، ئىشەندۈرۈلگەن، شۈبھىسىز، تالاشسىز |
| **مۇستەھسەن** | ياخشى دەپ ھېسابلانغان، مەقبۇل قىلىنغان |
| **مۇسقار** | بىر خىل چالغۇ ئەسۋابى |
| **مۇستەفا** | ئىلغانغان، سايلانغان، ئىختىيار قىلىنغان |
| **مۇستەجاب** | قوبۇل ئېتىلگەن، تىلىگەن نەرسىسى قوبۇل بولغان |
| **مۇسەففا** | تازا، سۈزۈك، پاكىز، يېقىملىق، ساپلانغان |

خوسائەد — ياردەم، رۇخسەت، ئەركىنلىك بېرىش

مۇسھ — روھقا جان ئاتا قىلغۇچى، ئەيسا پەيغەمبەرنىڭ لەقىمى، سىلىغۇچى، بىرلىكى: مەسھا؛ موسھا

موسھا — مۇسھ بىلەن ئوخشاش

مۇشتاق — ياخشى كۆرگۈچى، قىزىققۇچى، ئارزۇ-ھەۋەس قىلغۇچى، ئىشتىياق باغلىغان؛ تىلىگۈچى، جىنىنى ئېتىپ تۇرغان

مۇشكئەفشان — ئىپار ساتقۇچى

مۇشكبۇ — مۇشك ھىدى، خۇشبۇي

مۇشك — قارا رەڭلىك ۋە خۇشپۇراقلىق نەرسە

مۇغان — مەجۇس، ئاتەشپەرەست

مۇغبەچە — مەي توشۇغۇچى مەيخانا خىزمەتكارى؛ ئاتەشپەرەستنىڭ بالىسى

مۇغەنني — سازەندە، قوشاقچى

مۇغ — مەجۇس، ئوتقا چوقۇنغۇچى، كۆچمە مەنىسى: مەيپۇرۇش

مۇغەمبەر — ھىلىگەر، قۇۋ

مۇفلس — يوقسۇل، كەمبەغەل، خاراپلاشقان

مۇئەنبەر — ئەنبەردەك پۇراقلىق

مۇئەتتەر — پۇراقلىق، خۇشبۇي، ئەتىرلەنگەن

مۇئەممايى — تېپىشماق ئېيتقۇچى، تېپىشماقچى

مۇئەدەپ — ئىلىم ئەدەب ئۆگەتكۈچى، ئوقۇتقۇچى، مۇئەللىم، بىرلىكى: «مۇئەددەب»

**مۇئتاد** ئادەت، ئادەتلەنگەن، ئۆگەنگەن

**مۇكەررەم** ئىززەتلىك، ئابرۇيلۇق، مۇقەددەس، قەدىرلىك، ھۆرمەتكە لايىق

**مۇيە** زارە، ئاھۇنال

**مۇنىر** نۇرلانغان، پارقىراق، يالتىراق، پارلاق

**مۇنتەخەب** باشقىلارنىڭ ئىچىدىن تاللاپ ئېلىنغانلىرى

**مۇنىس** مۇڭداش

**مۇنەززە** پاك، خالى

## ن

**ناب** ساپ، تازا، تىنىق، ئوچۇق

**ناياب** باھاسىز، تەڭداشسىز، ئاز ئۇچرايدىغان

**ناتىۋان** بوش، ئاجىز، كۈچسىز، بىچارە

**نار** ئانار، يالقۇن، جەھەننەم، كۆچمە مەنىسى: دەرت تارتىش

**ناز** ئەركىلىمەك، نەپىسلىك، گۈزەللىك، ساختىلىق

**ناز ئەنداز** نازلىنىپ ئۆزىنى ھەر تەرەپكە تاشلىغۇچى، تولغانغۇچى

**ناجى** دوست، ئاشنا (مانجۇچە)

**ناف** كىندىك، ئارىلىق، ئوتتۇرا

**ناكام** بەختسىزلىككە ئۇچرىغان، پالاكەت باسقان

**نائەسلى** ناچار، تېگى پەس، ئەسكى تەبىئەتلىك

| | |
|---|---|
| نامە | خەت، مۇراجىئەت، كىتاب، ئەسەر، ھۆججەت، ئالاقە، توختام |
| نال | نالىش، ئىڭراش، يىغلاش، نالە قىلىش |
| ناۋەك | ئوقيانىڭ ئېتىلغان ئوقى |
| نەباك | نېمە قورقۇنچ، نېمە زىيان، نېمە خەۋپ |
| نەخلى | كۆچەت |
| نەخل گۇل | گۇل كۆچىتى، گۇل دەرىخى |
| نەدا | ئاۋاز، ۋاقىراش |
| نەر | ئەركەك، ئەر |
| نەزاكەت | نازۇكلۇق، نەپىسلىك، خۇش مۇئامىلە، تەنىنىڭ گۈزەللىكى، كۆركەملىك؛ تەربىيە؛ تەرەپ |
| نەشەست | مەجلىس، يىغىن، يىغىلىش |
| ناشاست | ناشايان، نامۇناسىپ |
| نەسىب | ئۈلۈش، ھەسسە، تېگىشلىك، نىسۋە |
| نەسىم | تاڭ شامىلى، مەيىن شامال |
| نەشۋۇ | ئۆسۈش، چوڭ بولۇش |
| نەغمەزەن | نەغمىچى ئايال |
| نەقدىن | نەق، نەقلا |
| نەقرە | كۈمۈش |
| نەكھەت | خۇش بۇي، ياخشى پۇراق |
| نەڭ | نومۇس، كەمتەرلىك |
| نەۋ | يېڭى |
| نەۋمىد | ئۈمىد، مەيۇس، ئۈمىدسىزلىك |

| | |
|---|---|
| نەۋئى | خىل، تۈر، سورت |
| نەۋا | ① ئۈن، ئاۋاز، سادا، كۈي ② مۇزىكا، بايلىق، لەززەت ③ ئەۋلاد |
| نىھان | يوشۇرۇن، مەخپى، غايىپ، پىنھان |
| نىزار | كۈچسىز، ئورۇق، ئاجىز |
| نىسيان | ① ئۇنتۇماق، ئەستىن چىقارماق، ② تۇنجى قېتىم ياغقان يامغۇر |
| نىست | ئەمەس |
| نىسار خاكى پاي | يول يۈرگەندە ئاياق ئاستىدىن كۆتۈرۈلگەن چاڭ توپا، قەدەم زەربىدىن چاچرىغان تۇپراق |
| نىش | نەشتەر، گۈلنىڭ تىكىنى، تىكەن؛ تىغ، نەيزە، ئۇچ |
| نىقمەت | ئىنتىقام ئېلىش؛ جازالاش، جازا بېرىش |
| نىكنام | ياخشى نام |
| نىگاھ | قاراش، نەزەر، بېقىش |
| نىگۇنسار | بېشى تۆۋەن، تەتۈر، دۈم كۆتمۈرۈلگەن، خۇش بولۇپ كاللا-موللاق يىقىلغان |
| نىياز | تەقدىم، ھەدىيە؛ يالۋارماق، ئۆتۈنمەك؛ زۆرۈر، كېرەك |
| نىئەم | نېمەت |
| نۇقسان | سەھۋى، خاتا، كەمچىلىكلەر، يېتەرسىزلىك |
| نۇقەل | شاراپ ئىچكەندە يېيىلىدىغان بىر خىل يېمەكلىك |
| نوكتە | ھىكمەتلىك سۆز، نازۇك، ئىخچام، چىرايلىق |

سۆز، ئۆتكۈر سۆز، نەپىس سۆز

## ۋ

ۋابستە چېتىلغان؛ باغلىق، باغلىغۇچى، ۋاستە، ئالاقىدار، باغلىنىشلىق، ئەگەشكۈچى؛ بىرلىكى: «ۋابەستە»

ۋاسل يېتىش، ئېرىشىش، قولغا كەلتۈرۈش

ۋالە ئاشىق، شەيدا، مەپتۇن، غەمكىن؛ ھەيران

ۋەزئى ئىلاھى ئەيسانىڭ ئاتىسىز تۇغۇلۇشى ئاللاھنىڭ قۇدرىتىدىندۇر.

ۋەخىم قورقۇنچلىق

ۋەقۇئ ئېغىرلىق، ئۆزىنى تۇرمۇشتا تۇتىۋېلىش، بىرلىكى: «ۋەقئ»

ۋىساق ئۆي، خانا، ياتاق

ۋۇقۇئ ھادىسە، ۋەقە؛ توغرا كېلىش، يۈز بېرىش

## ئو

ئودۇن ئەزەل، ئەزەلدىن، ئەسلىدە

ئوشاق مەيدە، ياش بالا

ئوششاق ئاشىقلار

ئۇقبە ئاقىۋەت، ئىشنىڭ ئاخىرى

ئول- بولماق، ئەتمەك

ئومرا ھۆكۈمران، ھاكىم بەگلەر

## ئۆ

ئۆلىما | بىلگۈچى، زامان ئالىملىرى

## ئۈ

ئۈبۈر | ئۆتۈش، ئارقىلىق، يۈرۈش؛ يۆتكەش

ئۈدەبا | ئەدىبلەر، ئەدەبىيات ئىگىلىرى، يازغۇچىلار، مۇھەررىرلار

## ئۈ

ئۈنجۈھە | ئۈنچە، ئۈنچە-مەرۋايىت

ئۈزار | ياڭاق، مەڭىز، يۈز، چىھرە



مۇھەررىر: تۇرسۇن ئايۇپ
مەسئۇل مۇھەررىر: ئەخمەتجان ھوشۇر
مەسئۇل كوررېكتور: مەرۇبجان مەتىمىن
تېخرېداكتور: ئابلىز قاسىم

**باياز**

(2)

مەتىمىن يۈسۈپ، مۇھەممەت ئوسمان، بارات رەجەپ
نەشرگە تەييارلىدى

*　　　*

نەشر قىلغۇچى ۋە تارقاتقۇچى: مىللەتلەر نەشرىياتى
(بېيجىڭ خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14-قورۇ
پوچتا نومۇرى: 100013　تېلېفون نومۇرى: 010-64228007)
ساتقۇچى: جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى
تىزغۇچى: مىللەتلەر نەشرىياتى ئېلېكترونلۇق مەتبە مەركىزى
باسقۇچى: مىللەتلەر باسما زاۋۇتى
1997-يىل 12-ئايدا 1-قېتىم نەشر قىلىندى
1997-يىل 12-ئايدا بېيجىڭدا 1-قېتىم بېسىلدى
باھاسى 15.00 يۈەن

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: ليۇ جيافېڭ
ھۆسن خەتلەرنى يازغۇچى: دولقۇن قادىر

ISBN 7-105-02945-5

9 787105 029457 >

ISBN 7—105—02945—5/I.71
民文(维134)　定价:15.00元